




KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

4

0990



ژۇرنىلىمىزنىڭ 100 سان نەشرىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر خاتىرىسى

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

4
1991

20 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 101 - سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

# بۇ سانىدا

## 100 سان مۇبارەك


تۇرسۇنئاي ئوبۇلقاسىم ...... «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى تەبرىكلەندى ...... 1
ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچىڭنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ...... 3
«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر ...... 8


## نەسرىي ئەسەرلەر


يالقۇن ...... قۇربان تۇلۇمنىڭ يېڭى تەرجىمىھالى (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 10
ياسىنجان سادىق ...... خورلانغان ئەقىدە ...... 17
تەلئەت ئاتاۋۇللا ...... مەن گۇناھكار ...... 27
تۇخان غوپۇر ...... سۆيگۈ ئۇنتۇلماس ...... 38
تۇرغۇن سادىر ...... كەچۈرۈم ...... 50


## شېئرىيەت گۈلزارى


گۈلبوستان ئابدۇرېھىم ...... پارتىيەم، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان ...... 57
ئابدۇكېرىم مەخسۇت ...... شېئىرلار ...... 58
ھاجى ئەخمەت ...... شېئىرلار ...... 62
تۇرسۇن نىياز ...... رۇبائىيلار ...... 65
تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ...... شېئىرلار ...... 69
مۆمىن قۇربان ...... چۈشلىرىم چۈش ئېيتار يېڭى چۈشلەرگە ...... 71
ئابدۇۋايىت تۇختى (ۋاھىدى) ...... شېئىرلار ...... 73
ئابلىمىت باتۇر ...... رۇبائىيلار ...... 75
ئابلىكىم روزى ...... ئىككى شېئىر ...... 76


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


مۇھەممەت رەھىم ...... شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىستىلى ...... 77
مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم ...... شېئىرىيىتىمىزدىكى ئالەم تۇيغۇسى ...... 87


## ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز


مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىم ...... يادىكارلىقتىن يادىكارلىق ...... 93
مۇھەممەتئىمىن قۇربانى (ئىشقى) شېئىرلىرىدىن ...... 101


## ئەدەبىي ساۋات


كېرىمجان ئابدۇرېھىم ...... پروزىچىلىقنىڭ يېڭى قوللانمىسى ...... 104


## جاھاننەما


مۇتەللىپ سىدىق ...... مىسىردا ئۆتكەن بىر يىل ...... 114


## بالىلار ئەدەبىياتى


ئابدۇجېلىل ئابدۇخېلىل ...... كۈتۈش (ھېكايە) ...... 122


( بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى خەيرىجان قاسىم، يالقۇن قۇربان، جۈمە ئامدۇللالار ئىشلىگەن )

# «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى تەبرىكلەندى

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى زالى ئىسچى شاد - خۇراملىققا چۆمگەن، كىشىلەر چېھرىسىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەنىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى غازى ئەمەت؛ «ئىلى دەرياسى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «بوستان» ژۇرنىلى قاتارلىق بىر قىسىم قېرىنداش ۋىلايەت (ئوبلاست) لاردىكى ژۇرناللارنىڭ ۋەكىللىرى، قەشقەر رايونىدىكى يازغۇچى، شائىرلار، ئاخبارات - نەشرىيات خادىملىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى بۇ كۈندىكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 20 يىللىقى، 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتاتتى.

ھازىرقىدەك ھۆسن تۈزگىچە،
نەشر سانىڭ يەتتى يۈزگىچە.
تىلەكداشىمىز ۋەتەن بېغىدا—
ئېچىل خۇش ھىد چېچىپ ئۆزگىچە.

شۇنداق، شائىرلارنىڭ يىغىنغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىغان 1971 - يىلدىن بۇيانقى كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىششقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇن نىياز يىغىندا سۆز قىلىپ، يىغىن ئەھلىگە ژۇرنالنىڭ 20 يىللىق تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

20 يىللىق مۇساپە جەريانىدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ كۆپ خىل سەھىپىلىرىدە ئەدىبلىرىمىزنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نادىر ئەسەرلىرىنى، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى كەڭ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىپ، ۋىلايىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش، زورايتىش، ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى، كۆپچىلىكنىڭ سىرداش دوستى ۋە يېتەكچىسىگە ئايلاندى، ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ۋە ساغلام راۋاجلىنىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىنى بىر نۇرلۇق چىراغ بولۇپ يورۇتتى؛ قەشقەردىكى ئەدىبلەر، ھەۋەسكارلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسىگە ئايلىنىپ، زور بىر تۈركۈم ياش كۈچلەرنى يېتىشتۈردى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىنى — ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ جاپالىق ئەجرى، قەلەمكەشلەرنىڭ تىرىشىپ ئىزدىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يىغىندا، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە يارىتايلى» دېگەن تەبرىكلىمىسى؛ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەتنىڭ «سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتقا مۇھتاج. «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ، تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش، تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىق ئەدەبىيات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن تەبرىكلىمىسى؛ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، فېڭ داجېن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قېيۇم تۇردى ھەمدە «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق 21 ئورۇن ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىندا، مۇئاۋىن ۋالىي مۇھەممەتئىمىن ھەلىمىدىن ۋە غازى ئەمەت يولداشلار سۆز قىلىپ، ژۇرنالنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلىدى، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە ئۇتۇقلۇق تىلىدى.

تەبرىكلەش يىغىنىدا، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى يىللاردىن بۇيان سۈپەتلىك ئەسەر بىلەن تەمىنلەپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان، بۇ قېتىم تاللاش ئارقىلىق مۇنەۋۋەر نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتى، مۇنەۋۋەر شېئىرى ئەسەر ئىجادىيىتى، مۇنەۋۋەر دراما، بالىلار ئەدەبىياتى، ئەدەبىي ئوبزور ئىجادىيىتى بويىچە 42 نەپەر ئاپتور مۇكاپاتلاندى (مۇكاپاتلانغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئايرىم بېرىلدى — تەھرىر). ھايات ۋاقتىدا ژۇرنالنى قىممەتلىك ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان مەرھۇم شائىر نۇرمەھەممەت ئېركى، ئابدۇرېھىم ئىسمايىل، ھامىت مەھمۇدلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تەقدىم قىلىندى.

بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قېرىنداش ژۇرناللاردىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە ۋىلايىتىمىز ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەسىدىكى بىر قىسىم يولداشلار بىلەن، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى قانداق باشقۇرۇش، ژۇرنال سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەكلىپ، تەدبىر، ئۈمىدلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىن ئەھلى ئاخىردا ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى مۇنۇ بىر كۇبلېت شېئىر بىلەن ئىپادىلەشتى:

يۈز سانىڭنى قۇتلۇقلايمىز دىللاردىن،
كۈيلىرىمىز چاچقۇ چاچار تىللاردىن.
ياشنا مەڭگۈ ئەلنىڭ سەنئەت بېغىدا،
قۇدرەت تېپىپ زەپەر قۇچقان يىللاردىن.

**تۇرسۇنئاي ئوبۇلقاسىم** («قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى)

**مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئەبەيدۇللا**

# ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋىنچىنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى

(1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)

يولداشلار:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىنى ئاچتۇق. مەن ئالدى بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن چوڭ يىغىنىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا قاتناشقان مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا ئەسەر ئەۋەتكەن، تەھرىرلىگەن، نەشر قىلىش، تارقىتىش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان يولداشلار ۋە «قەشقەر ئەدەبىياتى»غا كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىغان بارلىق يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن!

بىر ئەدەبىي ژۇرنال ـــ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ، مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئاممىنى تەربىيىلەش، كىشىلەرنىڭ مىجەزى، خۇلقىنى يېتىلدۈرۈش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. قەشقەر ـــ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نامى بار، ئۇزۇن تارىخ ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1971ـ يىلدىن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر 20 يىللىق مۇساپە جەريانىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلارنى مەدھىيىلەش، قەشقەرنىڭ سىرتقا بولغان تەسىرىنى كېڭەيتىش، قەدىمكى يىپەك يول مەدەنىيىتىنى قايتىدىن ئۇرغۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدى. بۇ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ئەدەبىي ژۇرناللار يېڭى تارىخىي دەۋردە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ بازىنى كىم ئىگىلىسە، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنى پرولېتارىيات ئىگىلىسە، ئۇ پرولېتارىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنى بۇرژۇئازىيە ئىگىلىسە، ئۇ بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆزىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنىشى جەريانىدا، مىللەتنىڭ ئېسىل مىللىي مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىشتا كۆپ پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. پارتىيىنىڭ «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت

قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە پارتىيىنىڭ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاكچېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ژۇرنالنى مەزمۇنى مول، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ باشقۇرۇپ، ھەر خىل سەھىپىلەرنى ئاچتى. مەسىلەن: «مارت چېچەكلىرى»، «ئۈممىد غۇنچىلىرى»، «ياش ھەۋەسكار»، «خەزىنە»، «شەبنەم»، «قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزە»، «مەدەنىي يادىكارلىق ۋە تارىخ» قاتارلىق بۇ سەھىپىلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھەۋىسىنى قوزغاپ، مۇشتىرىلار كۆپىيىپ، خەلق ئاممىسىنى قىممەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دائىرىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، قەشقەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئىشلىرى ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

پارتىيىنىڭ 11ـ نۆۋەتلىك 3ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى باشقا ئىشلارغا ئوخشاش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. پارتىيە ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئون يىلدىن بۇيان «قەشقەر ئەدەبىياتى» مۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تەشۋىق قىلىش، يېڭى دەۋردىكى قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلارنى مەدھىيىلەش جەھەتتە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئەدەبىي ژۇرنالغا ئايلاندى.

يولداشلار، دەۋر ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، تارىخ تەرەققىي قىلماقتا، پارتىيە بىلەن خەلق بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەت خادىملىرىغا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ يۈكسەك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تارىخ تەرەققىيات جەريانىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلق ئاممىسى ساغلام، مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا تەقەززا. كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىۋاتقان يېڭى غايىسىگە ئىلھام بېرىشكە، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىنى قوزغىتىشقا ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە مۇھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىمىز رېئال تۇرمۇشنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى ئىش، يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەپ ۋە يارىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ۋە ئىجادچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مول رېئال تۇرمۇش ۋە كۈرەش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارنى تونۇش ۋە يېڭىشقا ياردەم بېرىشى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىشى لازىم. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى مەيلى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى،

بېيىتىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى ئادەملەرنى تەربىيىلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە بولسۇن، باشقا تارماقلار ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەتكە ئىگە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى يۈكسەك تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك. يۈكسەك ئىنقىلابىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پارتىيىنىڭ ئۈمىدى، دەۋرنىڭ بىزگە تاپشۇرغان شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يۇقىرىقىدەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى چوقۇم پائال تۈردە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە چۆكۈشى، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بېرىشى، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى بىلەن تۇرمۇشنى كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ ۋە چۈشىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن خىزمىتى، ئەمگىكى بىلەن ئىجادىيىتى، خۇشاللىقى بىلەن خاپىلىقىنى چۈشىنىپ، ئوتتەك قىزغىن تۇرمۇشتىن ماتېرىيال، باش تېما، ۋەقەلىك تاللاپ، جۇڭگوچە ئۇسلۇب ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپ، جانلىق، تېتىك، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىسى، ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن ئىجادچانلىق قابىلىيىتى، كەڭ نەزەر دائىرىسى بىلەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان روھىنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ھاياتى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدۇ.

قەشقەر ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە، خەلقئارادا ئۆزگىرىشلەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ، شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ خاراكتېرىدە ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. جاھانگىرلار بىلەن دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، بىزگە قاراتقان «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى تېزلىتىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ۋىلايىتىمىز «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدۇ. ھەر خىل خاتا پىكىر ـ ئېقىملار خەلق ئارىسىدا ئاسانلا بەلگىلىك ئىدىيىۋى قالايمىقانلىق تۇغدۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز چوقۇم پارتىيە مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، قولغا قەلەمنى ئېلىپ، ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇشى، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى، تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۈچ كىتاب»ىنى پىپەن قىلىپ، ئۇنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرىنى تازىلاپ، ئاڭلىق ھالدا ۋە-

تەنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى لازىم. نۆۋەتتە، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئەمەلىيەتتە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىپ، مۇستەھكەم سوتسىيالىستىك ئېتىقاد بىلەن سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شۇنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز— سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتى رەھبەرلىكىدىكى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت، شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا پەرقلەندۈرمەي قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بىر نەرسىنى تەكتىلىمەسلىكى، بىر نەرسىنى تەشەببۇس قىلماسلىقى، بىر نەرسىگە قارشى تۇرماسلىقى، بىر نەرسىنى چەكلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. قىلچە ئىككىلەنمەستىن شۇنداق كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولىدىغان نەرسە— سوتسىيالىستىك دەۋر روھى بولۇش كېرەك. بىز تەشەببۇس قىلغان دەۋر روھى— سوتسىيالىزمنى، كوللېكتىۋىزمنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان، ۋىلايىتىمىزنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان بۇ بىر ئالاھىدە ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنى بىلەن بۇ ئالاھىدە ئەھۋالنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىمىزنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، بىز تۈرلۈك مۇرەككەپ ئەھۋال، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارالىق شارائىتتا، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، توغرا نىشاندا چىڭ تۇرالايمىز.

سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن چەتئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. قەشقەرنى سىرتقا تەشۋىق قىلىش، مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش— ۋىلايىتىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە سەيلە-ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سىرتقا قارىتا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئۆتكۈلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، ئۆزىمىزنى ئاساس قىلىش فاكتېرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ دوست كىشىلەرگە قەشقەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قەشقەرگە ئىنتىلدۈرۈش لازىم.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل ئىجادچانلىقى كۈچلۈك مەنىۋى ئەمگەك، يازغۇچى ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇنىڭ زىممىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتەك مۇقەددەس ۋەزىپە بار. جەمئىيەتكە ساغلام، پايدىلىق مەنىۋى ئوزۇق يېتىشتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار. تەشۋىقات، مەدەنىيەت تارماقلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، «بىر قولدا تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇش، بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى» تۇتۇپ، يازغۇچىلارنىڭ روشەن

سوتسىيالىستىك دەۋر روھىغا ئىگە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىلھام بېرىش كېرەك. پارتىيىنىڭ «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «قوش فاڭجېن» يېتەكچىلىكىدە، ئىجادىيەت مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقىدا، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى گەۋدىلەندۈرۈش، كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا مىللىي خاراكتېر ۋە ئاممىۋىلىقنى تەكىتلەش لازىم ھەم مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھەم بىر قەدەر يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى جەمئىيەتكە چىقىرىش لازىم.

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئوبزورچىلىقنى قانات يايدۇرۇش — پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى، ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈشنى بىر مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە ھەقىقىي يوسۇندا تۇتۇشى لازىم.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»ى ماركسىزمنىڭ قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ئاساسىي مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى مۇكەممەل باياندۇر. ئۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلغان. بۈگۈنكى ۋەزىيەت بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن «نۇتۇق» روھىنىڭ ۋاقىتتى ئۆتكىنى يوق، ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بىز چوقۇم «نۇتۇق» نىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشىمىزنى توغرىلىشىمىز لازىم. كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە، ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى، «دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدا» نى ئۆگىنىشكە، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى زامان ئىلمىي-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش كېرەك. يازغۇچىلار ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئوبزورچىلىقنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىپ، تەشۋىقات ۋە ئىنكاس قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

يولداشلار، جۇڭخۇا مىللىتى ناھايىتى مۇھىم بىر تارىخىي پەيتكە دۇچ كەلمەكتىمىز. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى شەرەپلىك ۋە مۇشكۇل، پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقى بىز ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن سەمىمىي ئۈمىد كۈتمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى تېخىمۇ تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى بىلەن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، قەشقەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەرنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە يارىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر

## نەسرىي ئەسەرلەر

«ئۈيقۇلۇق سەھەر» (ھېكايە)، ئەختەم ئۆمەر، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1988-يىللىق 1-سان.

«يۇلتۇزلارنىڭ بىرى» (پوۋېست)، ئابلىمىت ھاجى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1988-يىللىق 5-سان.

«ئۇنتۇلغان زېمىن» (پوۋېست)، ئەخمەت مۇساق، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989-يىللىق 2-سان.

«قۇمغا كۆمۈلگەن جەسەت» (پوۋېست)، سېيىت زۇنۇن، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986-يىللىق 5-سان.

«نەيرلىك كېچە» (ھېكايە)، ئابلىمىت سابىر، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983-يىللىق 2-سان.

«جىن تەگكەنلەر» (ھېكايە)، نۇر روزى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986-يىللىق 3-سان.

«چالا چوكان» (ھېكايە)، ماھىگۈل پەخرىددىن، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987-يىللىق 5-سان.

«ئازاب چەككەن يۈرەكلەر» (ھېكايە)، مۇنى تابىلدى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989-يىللىق 3-سان.

«ئارسلان قۇترايدۇ» (ھېكايە)، ئابدۇللا ساۋۇت، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989-يىللىق 3-سان

«ئىمزەدەنگۈچىنىڭ كەچۈرمىشى» (ئەدەبىي ئاخبارات)، ساھت سادىق، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990-يىللىق 2-سان.

«بىر كارخانىستىنىڭ خاتىرىسى» (ئەدەبىي ئاخبارات)، ئابلىز ئۆمەر، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990-يىللىق 5-سان.

«ئانا» (ھېكايە)، دىلبەر قەييۇم، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1984-يىللىق 1-سان.

«يايلاقتىكى ناخشا» (ھېكايە)، ئاتىكەم زەمىرى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983-يىللىق 6-سان.

«مۆڭگۈزدىكى ئامەت» (ھېكايە)، مۇتەللىپ سېيىت، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1988-يىللىق 1-سان.

«يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقلىق ئويلار» (نەسىر)، ئابدۇرېشىت سەلەي، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1988-يىللىق 4-سان.

«يالقۇن ئىچىدىكى يالقۇنلۇق تۇيغۇلار» (نەسىر)، ئەمەت دەرۋىش، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1991-يىللىق 1-سان

«ئانا قەلبى» (نەسر)، ئادالەت ھېبىبۇللا، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 2 ـ سان.

## شېئىرىي ئەسەرلەر

«چۈنكى مەن ـــ ئادەم»، تاھىر تالىپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1982 ـ يىللىق 5 ـ سان.

«بىباھا تۇپراق» (داستان)، مىرزاھېد كېرىمى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 5 ـ سان.

«كەچۈر مېنى مۇھەببەت» (داستان)، يالقۇنجان ئىسلام، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.

«ياشلىقىمدا يېزىلمىغان شېئىرلار»، تۇرسۇن نىياز، قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987 ـ يىللىق 5 ـ سان.

«ئادەم بۇلاق» (باللادا)، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1985 ـ يىللىق 6 ـ سان.

«شېئىرىيەت ھەققىدە رۇبائىيلار»، سۇزۇك، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان.

«سېمونت ئىشچىسى» (داستان)، قۇربان ئىمىن، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان.

«قوغۇن قېقى» (باللادا)، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1988 ـ يىللىق 6 ـ سان.

«يالپۇز»، ھوشۇر ئىبراھىم، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1985 ـ يىللىق 6 ـ سان.

«پىراق»، ئابدۇسەمەت خېلىل، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 ـ يىللىق 6 ـ سان.

«قاغىلىق ھەققىدە رىۋايەت»، قاۋۇل ساۋۇر، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

«مەسەللەر»، ۋاھىتجان غوپۇر، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان.

«غەزەللەر»، جېلىلى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989 ـ يىللىق 5 ـ سان.

«قەلبتارىلىرى»، مۇكەررەم ئەبەيدۇللا، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان.

«مۇنچاق ئاسقان شېئىرلار»، ئابلەت ئىسمايىل، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987 ـ يىللىق 6 ـ سان.

«باتۇر خىيال»، ئابابەكرى تۇيغۇن، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 ـ يىللىق 5 ـ سان.

«گۈلگە ئوخشىسام»، گۈلباھار مەمتىمىن، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان.

## سەھنە ئەسەرلىرى

«مەسلىھەت چېيى» (دراما)، مەمتىلى زۇنۇن، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان.

## بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى

«كىچىك كارۋان» (پوۋېستتىن پارچە)، ئابلا ئەخمىدى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1981 ـ يىللىق 1 ـ سان.

«ئاتا مېھرى» (ھېكايە)، ھاجى ئەخمەت، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان.

«ئانا مۇشۇك بىلەن ئاسلان» (مەسەل)، ئابلىمىت قۇربان، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان.

«ئىنىلقىقا پايدىسىز»، ئابلىكىم روزى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىللىق 6 ـ سان.

(ئاخىرى 37 ـ بەتتە)

ياڭقۇن

# قۇربان تۇلۇمنىڭ يېڭى تەرجىمىھالى

( ئەدەبىي ئاخبارات )

ئەگەر ھەر بىر تارىخىي باسقۇچ مەۋجۇتلۇقىدا، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى، تىلى، كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى ئەقىشلەنگەن بىر تىپقا ھامىلدار بولالمىسا، كېيىنكىلەرنىڭ ئۆتكەن ئاشۇ تارىخنى پەرقلەندۈرۈشى ۋە ئەستە ساقلىشى تولىمۇ مۇشكۈلگە چۈشكەن بولماسمىدى؟

— ئاپتور خاتىرىسىدىن

ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، ھاياتلىق ئالەمدىكى تەۋرەنمەس ئېتىقادىي چۈشەنچە. لېكىن، 21 ـ ئەسىرنىڭ بۈگۈنكى ھارپا كۈنلىرىدە، ئۆلگەن ئادەمنىڭ « تىرىلگەنلىكى » توغرىسىدا يازغىنىمدا، ئىشەنمەسلىكىڭىز، ھەتتا قەلەم ئىگىسىنىڭ نورمال روھىي ھالىتىدىن گۇمانلىنىشىڭىز مۇمكىن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئىنسانلارنىڭ ئېگىز يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ، تەسەۋۋۇرسىز مۆجىزىلەر مەيدانغا كېلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، بۇنداق « غەلىتىلىك » لەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئەجەبلەنمەڭ! چۈنكى، دەۋرىمىز رېئاللىق ئىنسان پەرىزىنى، شۇنداقلا قەدىمكى ئەپسانە رىۋايەتلەرنى ئاخباراتقا ئايلاندۇرۇۋاتقان دەۋردۇر. كىتابخانلارنىڭ كۆڭۈل ئالبۇمىدا مۇنداق بىر پارچە سۈرەت ساقلىنىپ قالغان بولسا كېرەك:

بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كەيگەن، چىرايىدىن شادلىق تەپچىپ تۇرغان، كەككە ساقىلى ئۆچتەك ئاقارغان، ئاق يەكتەكنى يېشىل پوتا بەلباغ بىلەن باغلىۋالغان، ئېگىز، ئورۇق كەلگەن ئاتمىش ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر دېھقان بوۋاي رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرغان سۈرەت. بۇ سۈرەتتىكى بوۋاي 50 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تونۇشلۇق بولغان « ئاخباراتلىق شەخس » قۇربان تۇلۇم ئىدى. ئۇ گەرچە بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئىلگىرىلا ياشاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن، يېقىندىن بۇيان ئاخبارات ۋاستىلىرى، بۇ بوۋاينىڭ خوتەننىڭ قوشنىسى بولغان قەشقەردە « پەيدا » بولۇپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ « قايتا تىرىلگەن » بوۋاينى زىيارەت قىلدىم.

زاماننىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك ، ئۇ بوۋاي ئىسمىنى مەمەت ئوسمانغا ، كەتمىنىنى پىچاققا ئۆزگەرتىۋاپتۇ.

## قەھرىمانىمىزنىڭ ئۆز ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى قىسقىچە بايانى

مەن 1930 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ تۆغچى يېزىسىدا نامرات پادىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. دادام پومېشچىكنىڭ قويىنى باقاتتى، كېيىن تاپقان ئازراق پۇلىغىمۇ قىمار ئويناپ ئائىلىدىكىلەر بىلەن چاتىقى بولمىغىنى ئۈچۈن، بىچارە ئانام شەھەرگە كىرىپ كىشىلەرنىڭ كىرىنى يۇيۇش، نېنىنى يېقىپ بېرىش قاتارلىق ئەمگەكلەر ئار-

قىلىق، بىز سەككىز بالىنى ئۆلۈم ھالاكىتىدىن ساقلاپ كەلدى.

مەن بولسام پومىشچىكنىڭ قويلىرىنى بېقىپ، ئائىلىمىزنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىشكە تىرىشاتتىم. مەن يىگىرمە ياشقا قەدەم قويغان يىللىرى، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ نۇرلىرى يېزىمىزغا يېتىپ كېلىپ، مەندەك ئۆلۈم گىردابىغا چۈشۈپ قالغان نامراتلارنىڭ قاباھەتلىك كۈنلىرىگە خاتىمە بەردى. مەن ئۇ چاغلاردا چوڭلارغا ئەگىشىپ، پومىشچىكلارنى كۆرەش قىلىش يىغىنلىرىغا قاتنىشاتتىم. چوڭلار بىلەن تەڭ شۇئار توۋلاپ، كىچىككىنە ۋۇجۇدۇمغا ئورنىشىپ كەتكەن ئېزىلىشكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىمنى ئىپادىلەيتتىم.

ئازادلىق ئارمىيىنىڭ نامراتلارنى قۇتقۇزۇپ، يۇرتىمىزنى گۈزەل، باياشاد يۇرت قىلىپ قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمدىن، قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كەتكەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. كېيىن دېگەندەك پارتىيىنىڭ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئېزىلىشتىن، يوقسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، بەختىيار كۈنگە ئۇلاشتۇق. مەن ئەسلى ئاتا كەسپىم بويىچە قوي بېقىپ قويچىلىق قىلدىم، كېيىن قەشقەر شەھىرىگە يېنىپ كىردىم. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى بىلەن شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بولغان ئۆستەڭبويىدا① قاسساپلىق دۇكىنى ئېچىپ، پارتىيىمىزنىڭ پۇقرالارنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئادىل، نۇرانە سىياسىتىنىڭ مېغىزىنى چاقماقتىمەن.

## تەشەككۇرنى قۇچاقلىغان «ئاشقلىق»

ئامەت قۇشى مىڭدىن بىر كىشىنىڭ بېشىغا قونۇشى سەۋەبلىكلا ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتقان «قۇشتۇر».

ھازىر ئۇ ھەر كۈنلىكى ئۈچ قوي سويۇپ سېتىپ تۈگىتىپ، ئايدا 400 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدۇ. يېقىندىلا ئۇ يىگىرمە ئالتە مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، شەھەرگە يەر ئاستىلىق ئۈچ قەۋەتلىك ئۆي ـ جاي سېلىۋالدى. ئۆيلىرىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشمۇ يېڭىچە بولۇپ، زامانىۋى ئۆي جاھازلىرى ھېسابلانغان تېلېۋىزور، شامالچى، كىر ئالغۇ ۋە تۈرلۈك ئىشكاپلار بىلەن زىننەتلەندى. ئالتە بالىسىنىڭ ھەممىسى ئىش ـ ئوقەتتە، ئۇ ھازىر ھېچقانداق نەرسىگە ھاجەتمەن ئەمەس، چۈنكى يانچۇقىدا قانداق خەجلىسە يەتكۈدەك پۇلى بار.

ئۇ بۇنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىدىن خېلى ۋاقىتلارغىچە گۇمانلىنىپ، ئۆز ئۆزىگە ئىشىنەلمەي يۈردى. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنگە، بۇ بەختنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. ئۇ يېقىندىن بۇيان مەيلى دۇكاندا ياكى ئۆيدە بولسۇن، «تېپىشماق» تېپىۋاتقان ئادەمدەك، گەپ ـ سۆزسىز ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ بۇ «تېپىشماق» نىڭ جاۋابىنى، ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان بىر كادىر گۆش ئالغىلى كەلگەندە ئۇنىڭدىن سورىدى:

① ئۆستەڭبويى — بىر كوچا باشقارمىنىڭ نامى.

Altunoq www.uyghurkitap.com

— ئېيتىڭىلا ئۇكام، مەندەك نامراتلارنى بۈگۈنكىدەك بەختىيار كۈنگە ئېرىشتۈرگەن زادى كىم؟

ئوتتۇرا ياشلاردىكى بۇ يولداش، قاسساپ ئۇستامنىڭ سۆزىدىن دەرھال ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇستامنىڭ جاۋاب ئېلىشقا ئالدىراپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئويلىنىپ تۇرماي جاۋاب بەردى:

— بىزنى بۇ بەختىيار كۈنگە ئېرىشتۈرگەن ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دانا رەھبەرلىكى ئۇستام.

— كوممۇنىستىك پارتىيە، دېڭ شياۋپىڭ… دېڭ شياۋپىڭ… ئۇ بۇ سۆزلەرنى خۇددى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىۋالدى. ئاخىرى تېپىشماق تېپىلدى.

ئۇ ئەتىسى كىتاب - ژۇرنال ساتىدىغان يايمىچىلارنىڭ يايمىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىر دانە «خەلق» رەسىملىك ژۇرنىلىنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، ژۇرنالدىكى دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، ياڭ شاڭكۈن، لى پېڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ رەسىمىنى يىرتىپ ئېلىپ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تۆرىگە چاپلاپ قويدى. ئۇ شۇندىن باشلاپ خېرىدار گۆش يۆگەشكە ئېلىپ كەلگەن گېزىتلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ قاراپ باقىدىغان، ئەگەر گېزىتتە دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۈرىتى بولۇپ قالسا، شۇ خېرىدارغا بىر ھازىغىچە قايناپ سۆزلەپ كېتىدىغان، ھەتتا بەزى ئاچچىقى كېلىپ قالسا، گېزىتنى خېرىدارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ شۇ خېرىدارغا گۆش ساتمايمۇ قالىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ قەلبىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ پارتىيىنىڭ شەپقىتىگە بولغان چەكسىز تەشەككۈرىنى ئىپادىلەش ئىستىكى ئوت بولۇپ ياندى. كۈندۈزلىرى سەپەر تەييارلىقىدا، كېچىلىرى شېرىن خىياللارنىڭ قۇچىقىدا ۋىسال ئىزدەپ، كىرپىك قاقماي ئۆتتۈشكە باشلىدى. ئۇ مۇشۇ چاغدىلا، «كىشىلەرنىڭ ئاشىقلىق دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدى.

## «ئاشىقلىق»، «كۈندەشلىك» كە ئايلاندى

يورۇقلۇق تۈن قوينىغا شۇڭغۇماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدىلا دۇكىنىنى يىغاي دەپ تۇرۇشىغا، ۋېلسىپىت مىنگەن بىر خېرىدار گۆش ئالغىلى كېلىپ قالدى. ئۇ گۆشنى خېرىدارغا بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزى خېرىدارنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىدىكى «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىغا چۈشتى. ئۇ ژۇرنالنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېنىدىكى خېرىدارنى ئېسىدىن چىقارغان ھالدا: «دەل ئۆزى شۇ! دەل ئۆزى شۇ» دېۋەتتى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خېرىدارنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئېسىگە كەلدى ۋە يېلىنىش تەلەپپۇزدا بۇ ژۇرنالنى سېتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. خېرىدار بۇ ئۇستامنىڭ قانداقسىگە بۇ ژۇرنالغا قىزىقىپ قالغانلىقىغا چۈشىنەلمىگەن ھالدا ژۇرنالنى بېرىۋېلا كېتىپ قالدى.

ئۇ قايتىدىن ژۇرنالدىكى سۈرەتكە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدىكى سۈرەت — تۇرپان بەش يۈلتۈز يېزىسىدىكى بىر پېشقەدەم ئۇيغۇر دېھقاننىڭ يولداش

دېڭ شىياۋپىڭغا ئىككى دانە قوغۇن تەقدىم قىلىۋاتقان سۈرىتى ئىدى. سۈرەتنى كۆرۈۋېتىپ ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئاچچىققا ئايلاندى:

— ئەجەب بۇ دېھقان يولداش دېڭ شىياۋ پىڭ بىلەن كۆرۈشىدىكەن، مەن نېمىشقا كۆرۈشەلمەيدىكەنمەن؟ ئۇنىڭ مەندىن نەرى ئارتۇق ئىكەن؟ ئۇ دېھقان ئىككى قوغۇن تەقدىم قىلغان بولسا، مەن ئون، ھەتتا يىگىرە تاغار قوغۇن تەقدىم قىلالمامدىكەنمەن؟ شۇنچە يىراقتىن كەلگەن داھىيمۇ ئاران ئىككى قوغۇن تەقدىم قىلغان بارمۇ... خەپ توختاپ تۇر...

ئۇ كۆڭلىگە شۇ خىياللارنى پۈكتى-دە، دەرھال دۇكىنىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيىگە قايتتى. ئۆيىگە كىرىپلا ئايالىغا بۈگۈندىن باشلاپ ئۆي ئىشلىرىنى قىزىغا تاپشۇرۇپ، بېيجىڭغا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرىدى. ئايالى شۇ كېچىدىن باشلاپ چىراغ تۈۋىدە دوپپا تىكىشكە كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ بىر نەچچە كۈن دۇكان ئاچماي چېپىپ يۈرۈپ، ئىككى دانە تاشكەنت دوپپا ۋە ئون نەچچە كىلو يەرلىك قۇرۇق مېۋىلەردىن تەركىب تاپقان يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە چىقىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ۋىلايەتنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىڭغا، ھازىر يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى، چوقۇم يېقىن مەزگىلدە كۆرۈشۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن سەپىرىنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ چوقۇم بېرىشقا بېلىنى باغلاپ قويغان ئىدى، شۇڭا ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي سەپىرىنى توسۇپ قويغانلىقىغا ئاچچىقى كەلدى، شۇنداقتىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ شۇ كۈنى كۆڭۈل غەشلىكىدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزوردىن يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ خىزمىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى كۆردى-دە، «راست يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ خىزمىتى ئالدىراش ئىكەن، بۇنىڭ ھەممىسى يەنىلا بىزنىڭ بەختىمىز ئۈچۈن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولدى.

ئەتىسى تەييارلىغان سوۋغاتلىرى بىلەن بىر پارچە خەتنى پوچتا ئارقىلىق يولداش دېڭ شىياۋپىڭغا ئەۋەتتى. خەت تۆۋەندىكى مەزمۇندا يېزىلغانىدى:

«قەدىرلىك داھى دېڭ شىياۋپىڭ:

مەن مەمەت ئوسمان ۋە پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەر، قەدىمكى شەھەر قەشقەردىن سىزگە ئەڭ ئالىي سالام يوللايمىز ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنى تىلەيمىز.

كومپارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، بىز خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز. خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى — باھار بايرىمى ھارپىسىدا، سىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان بىر قىسىم سوۋغاتلارنى ئەۋەتتىم. قوبۇل قىلارلا. تەنلىرىڭىزنىڭ سالامەت بولۇشىنى، باھار بايراملىرىڭىزنىڭ خۇشال-خۇرام ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن (تىلەيمەن).»

ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاب خەت كەلدى. خەتتە، ئەۋەتىلگەن خالتا ۋە خەتلەرنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنغانلىقى، يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى، خىزمىتىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكى، يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ مەمەت ئوسمانغا سالام يوللىغانلىقى يېزىلغانىدى.

بۇ خەت ئۇنىڭ دائىم يېنىدىن ئايرىماي يۈرىدىغان ئەڭگۈشتىرى بولۇپ قالدى.

## ۋىسال شولىسى چۈشۈرۈلگەن قىستۇرمىلار

1989- يىلى 10- ئاينىڭ 24- كۈنى، چۈشتىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى زالى.

بۈگۈن ئۇ ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك چۈش كۆرگەنىدى. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، قەشقەرگە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن يولداش ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قالدى. چۈنكى ئۇ، ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن «غەنىمەت پۇرسەت» نىڭ بۇنداق تاساددىپىي تۇغۇلۇپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى - دە!

ئۇ سول يېڭى بىلەن مەڭزىگە دومىلاۋاتقان شادلىق يامغۇرلىرىنى ئېيتسا، ئوڭ قولى بىلەن يولداش ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىلا قىلالىدى:

— قەدىرلىك رەھبەر، تەنلىرى سالامەت تۇردىمۇ؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ؟ مېنىڭ ھېچقانداق دادۇ ئەھۋالىم يوق، پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئىدى.

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، سالامەتلىكىنى ياخشى ئاسرىشىنى ئېيتتى.

ئۇ ئايالى تىككەن ئىككى دانە دوپپىنى ئۆز قولى بىلەن يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ۋە يولداش سۇڭ خەنلياڭغا كەيدۈردى.

1990- يىلى 6- ئاينىڭ 11- كۈنى.

مەمەت ئوسمانغا ئامەت يەنە بىر قېتىم ئۆز كۆلەڭگۈسىنى تاشلىدى.

ئۇ ياتاق دېرىزىسىدىن، كەڭ كەتكەن ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر ۋە يۇلتۇزلاردەك چىمىرلىشىپ تۇرغان رەڭگا - رەڭ چىراغلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۈرۈمچىنىڭ كەچكى باھار پەيزىنى سۈرمەكتە. مەيىن شامال، ئۇنىڭ يۈز ئېرىقچىلىرىدا توختاپ قالغان بەخت تامچىلىرىنى يېنىك داۋالغۇتماقتا.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۇلار يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، قەدىناس دوستلاردەك مۇڭداشتى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ مەمەت ئوسماننىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنىڭ تېزراق ئەمەلگە ئېشىشىغا چوقۇم غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلار يەنە بىر نەچچە پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشمىدى.

ئۇ دېرىزىدىن كۆزىنى ئېلىپ، ئەتىكى سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىۋاتقان ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قول سومكىسىدىن يولداش ۋاڭ ئېنماۋ سوۋغا قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلەنگەن رەڭلىك رەسىملەر ژۇرنىلىنى ئېلىپ، يەنە يېڭىباشتىن ۋاراقلاشقا باشلىدى. رەسىملىك ژۇرنالنىڭ باش بېتىگە يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن سۆيگەن يولداش مەمەت ئوسمانغا تەقدىم» دېگەن بېغىشلىمىسى يېزىلغانىدى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل تاتلىق سېھىرىي كۈچ غىدىقلىماقتا ئىدى. ۋىسال شولىسىنىڭ قاش - قاپىقىنى ئوينىتىشى، ئۇنى نائۈمىد قويمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكتە.

## بوران - چاپقۇندىكى تەۋرەنمەس ئېتىقاد

1

1989 - يىلى 4 - ئايدا بېيجىڭ ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، چاقماق چېقىشقا باشلىدى.

ئۆز بېشىدىن ئۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى كەچۈرگەن جۇمھۇرىيەت ۋە پارتىيىنىڭ تەقدىرى قىل ئۈستىدە قېلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بىر قېتىملىق زور تارىخىي سىناققا دۇچ كەلتۈرمەكتە ئىدى. ۋەتەننىڭ تومۇرى ئەنسىز سوقماقتا ئىدى. بۇ كۈنلەردە مەممەت ئوسمانمۇ ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بىر تەرەپتىن دۇكىنىنى ئاچسا، بىر تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۆز ئەنسىزچىلىكلىرىنى تېزراق بېسىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئەنسىرىمەكتە ئىدى، ئۆزىنى بۈگۈنكىدەك بەختىيار كۈنگە ئىگە قىلغان پارتىيىنىڭ تەقدىرىدىن، ئۆزى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتقان يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. ئاشۇ «كەپسىز»، «بەڭباش» ئوقۇغۇچىلارنىڭ بالىلىقىدىن رەنجىيتتى. ئۇ بۇ توغرىدا سۆز بولۇپ قالغىنىدا:

— «ئوقۇغۇچى دېگەن شۇنداق كەمئەقىل بولامدۇ، ئۆزىنى ئوقۇتۇپ چوڭ قىلغان پارتىيىگە، پارتىيىنىڭ دانا رەھبەرلىكىمۇ شۇنداق يولسىزلىق قىلغان بارمۇ؟ ھۇ، ئىگىسىنى ئالىدىغان قۇشلار!» - دەپ قوياتتى. ئۇ تېلېۋىزوردىن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك شارائىتىنى كۆرگەندىن كېيىن بىر خالتا ھال سوراش سوۋغىتى تەييارلاپ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئەۋەتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوماندانلىق شتابىنىڭ خالتىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

تەلەيلىك مەممەت ئوسماننىڭ تىلەكلىرى تەڭرىنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشتى بولغاي، ئاز كۈن ئۆتمەي قارا بۇلۇتلار تاراپ، ئالتۇنرەڭ قوياش ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش ئەتكۈچى سېخىي نۇرلىرى بىلەن كىشىلەر كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەممەت ئوسمان ئۆيىگە كىرىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ تېلېۋىزور ئالدىدا كۆز ياشلىرىنى ئېيتىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇ تېلېۋىزور ئالدىغا ئۆتۈپ، كۆپ ئۆتمەيلا، قولى بىلەن ياشلىرىنى ئېيتىپ تۇرۇپ، ئېسەدېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، پۈتۈن ئائىلە مۇسىبەت كەيپىياتىغا چۆمۈلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا تېلېۋىزوردا تيەنئەنمېندىكى مالىمانچىلىقتا، ئىنقىلابىي قۇربان سۈيي گۈچەڭنىڭ ۋەھشىلەرچە كۆيدۈرۈلۈۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلىۋاتقانىدى.

ئەتىسى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر، ئۇن كىلوگرامدىن ئارتۇق قۇرۇق يەل - يېمىش ۋە بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئائىلىسىدىن ھال سورىدى.

2

1990 - يىلى 4 - ئايدا، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ، مەممەت ئوسماننىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈۋەتتى. ئەگەر ھۆكۈمەت قوشۇلىدىغان بولسا، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۆز تىلىدىكى ئاشۇ بىر

ئۇچۇم «تۈز كورلار» بىلەن بىر قەپەز ئېلىشقانىمۇ بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ كۆچتىن قالغانلىقىغا بەكمۇ ھەسرەت چەكتى.

كېچىلىرى ئۆز ئورنىدا مۇقىم تۇرۇپ، سەي بازىرىنىڭ ئامانلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. كۈندۈزلىرى ئەكسىيەتچىلەر بىلەن كېچە - كۈندۈز مۇشەققەتلىك جەڭ قىلىۋاتقان قەشقەر قوراللىق ساقچى ئەترىتى قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ، كوماندىر - جەڭچىلەردىن ھال سورىدى ۋە 200 يۈەن قىممىتىدىكى بىر قوي، بىر خالتا ئۈن، بىر خالتا گۈرۈچنى تەقدىم قىلىپ، رەھبەرلىكتىن جەڭچىلەرنىڭ ئۇزۇقلۇقىنى ياخشىلاپ بېرىشنى ھەمدە «تۈزكور» مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قەتئىي، رەھىمسىز، تەلتۆكۈس زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

3

«بارلىق مال - مۈلكۈمنىڭ ھەممىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتكە تەئەللۇق. دۆلەتنىڭ غېمى مېنىڭ غېمىم، چۈنكى بۇ بايلىقلارنى ماڭا پارتىيە، دۆلەت بەرگەن».

بۇ مەمەت ئۇستاننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىردىنبىر ئېتىقاد قىلىدىغان سۆزى.

ئۇ بۇيىل بىر ئاي ئىچىدىلا بېيجىڭدە ئېچىلىدىغان ئاسىيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا، قەشقەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا ۋە مىللىي ماتارىپقا بولۇپ 500 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇ: «بۇ مېنىڭ پارتىيىگە، دۆلەتكە ئۆز تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىدىغان پۇرسەت، دۆلەت ماڭا ئېھتىياجلىق بولىدىكەن، مەن نېمەمنى ئايايتتىم» دەپلا يۈردى.

قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن بىر قانچە ئىشلار، بۇ ساۋاتسىز بوۋاينى ئىدىيە جەھەتتىن چېنىقتۇردى ۋە پارتىيىگە، ئارمىيىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

## ئاخىرقى سۆز

ئۇ يېقىندا، ئۆزى توغرۇلۇق خەۋەر بېسىلغان «خەلق گېزىتى» نى ماڭا كۆرسىتىۋېتىپ، ئالدىنقى كۈنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشۈش توغرىسىدا يولداش دېڭ بوفاڭغا خەت يازغانلىقىنى، خەتنىڭ جاۋابى كەلگەندە ماڭا كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بۈگۈن يەنە چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق:

— ھە ئۇستام، ئالدىراپ قەيەرگە مېڭىشلىرى؟

— نەگە بولاتتى ئۇكام، بېيجىڭغا ئاپىرىدىغان ئانارلارنىڭ بىر قىسمى بۇزۇلۇپ قالغىلى تۇرۇپتىكەن، بىر ئاز ئانار ئالايمىكى دەپ بازارغا مېڭىشىم.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا تېخى جاۋاب خەت كەلمىگەن ئوخشايدۇ - دە؟

— ئاز قالدى ئۇكام، يېقىنندىكىياغى چۈشلىرىمدە بېشارەت بولۇۋاتىدۇ.

— قارىغاندا نىيەتلىرىدىن يانمايدىغان ئوخشىمامىلا ئۇستام؟

— توۋا دەڭ ئۇكام، بېيجىڭغا مېڭىپ بېرىپ يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە رازىمەنكى، بۇ يولدىن ھەرگىز يانمايمەن. ئەگەر بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇ ئالەمگە كۆزۈم ئوچۇق كەتمەسمۇ ئۇكام؟

ئۇ ئالدىراش ھالدا كېتىپ قالدى، شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە نېمىلەرنى خىيال قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئېسىمگە ئالالمايمەن. لېكىن كىمنىڭدۇ بىرىنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى خىيالىمدىن كەچتى:

«ئېتىقادقا سەل قارىلىپ، سۇسلىشىدىكەن ۋە ياكى يوقىلىدىكەن، يەنە قايسى ئارزۇلاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن؟».

**ياسىنجان سادىق**

# خورلانغان ئەقىدە

(ھېكايە)

قولۇمغا ئەمدىلا كىتابىنى ئېلىپ، قاتلاپ قويغان بەتنى ئېچىپ تۇرۇشۇمغا، تۇيۇقسىز ھويلا دەرۋازىسىنىڭ سەت غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئۆينىڭ ئىشىكى يەڭگىل ئۈچ قېتىم چېكىلدى. خوشياقمىغان ھالدا كىتابنى ئۈستەلگە قويدۇم-دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا ئاقسېرىق، ياداڭغۇ، ئېگىز بوي، تۇرقىدىن ئۇزاق يەردىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ناتونۇش بىر قىز تۇراتتى.

— رابىيەم توختىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — ئېغىز ئېچىشىمنى كۈتمەيلا ئالدىراپ سورىدى قىز.

— ھەئە، مەن شۇ...

مەن، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ بولغىچە، ئۇ قىزغىنلىق بىلەن قولۇمنى قىستى.

— ئۇھ... ئەمدى ھاردۇقۇم چىقىدىغان بولدى. مەن تېخى سىلىنى ئىزدەپ تاپالارمەنمۇ، دەپ تولىمۇ ئەندىشە قىلغانىدىم.

— قېنى، ئۆيگە كىرسىلە...

ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق سۆزلىرىدىن سەل ئەجەبلەندىم. ئۇ خۇددى بۇ ئۆينىڭ كۈندىلىك مېھمىنىدەك، تارتىنماي تۇرمايلا ئۆيگە كىردى-دە، «ئۇھ، ۋايجانەي» دېگىنىچە دىۋانغا چۆكتى.

— قىزىق چاي قۇيايمۇ، سوغۇق چايمۇ؟ - سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن ئەدەب بىلەن.

— چاينىڭ ئىسسىقى بىلەنمۇ، سوغۇقى بىلەنمۇ پەقەتلا خوشام يوق. بىز دېھقان خەق سوغۇق سۇ ئىچىپ كۆنۈپ قاپتىمىز. بىر چىنە سوغۇق سۇ بەرگەن بولسىلىمۇ بوپتىكەن. ئەجەبمۇ ئۇسساپ كەتتىم.

ئۇ بىر چىنە سوغۇق سۇنى گۈپپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەن گەپ راستكەن. ئاپتوبۇس شوپۇرلىرىمۇ ساپلا ئىنسابسىز بولۇپ كېتىپتۇ. يولدا كەلگۈچە بىر ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە قويمۇ، ئادەممۇ قىستىلىشىپ بىللە كەلدۇق. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە ئادەمنى خۇددى قاپقا چامغۇر قاچىلىغاندەك قاچىلىدى. ئاياللارنىڭ، ئۇششاق باللارنىڭ نالىلىرى قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدى، خاپا بولماي سىلىدىن يەنە بىر يۇتۇم بەرسىلىمۇ بوپتىكەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچبىر مەنىسىگە چۈشەنمەيتتىم، گەپ - سۆز ۋە كىيىنىشلىرىدىن سەھرا قىزلىرىغا خاس ساددىلىق ۋە تۈزلۈك چىقىپ تۇراتتى. مەن، ئۇنىڭغا يەنە بىر چىنە سۇ ئەكىلىپ بېرىپ، ئاستا سورىدىم:

— سىلە ...؟

— مەن سەلىمىخاننىڭ دوستى بولىمەن.

— سەلىمىخان؟ — مەن بۇ ئىسىمنى دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— ھېلىقى سىلىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىچۇ؟ ئالتە

ئاي ئىلگىرى قوشباغقا ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتكەن. سىلە ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تىككەنلا، سەلىمەخان ماڭا گەپلىرىنى تولا قىلىپ بېرەتتى.

ئەمدى ئېسىمگە ئالدىم، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان بارلىق تۈگۈنلەر ئۆزلۈكىدىنلا يېشىلىپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى، بۇ قىز كېپىنى قىلىۋاتقان سەلىمەخان، مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ساۋاقداشىم ھەم دوستۇم ئىدى.

— سەلىمەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ سالامەت تۇردىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدىم مەن.

— ئىش قىلىپ ھازىرچە يامان ئەمەس.

— ئېرى بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

— ئۇ، تۈنۈگۈن ئاجرىشىپ كەتتى، مېنىڭ شەھەرگە كېرەمەكچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، سىلىگە بۇ ئىككى پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى تاپىلىغانىتى.

— ئۇ ئېرى بىلەن نېمە سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كەتتى؟

ئالدىراپ سورىغان بۇ سوئالىمغا، ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ئۇ تەرەپلىرىنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، مەن ئالدىرايمەن، بۈگۈن تۈگىتىۋالماسام بولمايدىغان مۇھىم ئىشلىرىم بار. سەلىمىخانىمۇ ئۆگۈنلۈككىچە كەپقىلىشى مۇمكىن. قالغان گەپلەرنى ئۆزىدىن سوراپ بىلىۋالالا. خوش ئەمىسە، مەن چىقاي.

— بىردەم ئولتۇرسىلا، تاماق ئېتەي.

— خوش، رەھمەت.

ئۇ شۇنچە تەكەللۇپلىرىمغا ئۇزرە ئېيتىپ، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىردىم. قولۇمدىكى ئىككى پارچە خەت ماڭا خۇددى سەلىمىدەكلا قاراپ تۇراتتى. مەن خەتنى ئوقۇشقا ئالدىرىدىم. كۆز ئالدىمدىن بۇ بەختسىز دوستۇمغا ئائىت بۇرۇنقى ئىشلار ئۆتۈشكە باشلىدى:

سەلىمە، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پارتىداش ساۋاقدىشىم ئىدى. ئىككىمىز ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ تولىمۇ نومۇسچان ۋە يۈزى تۆۋەن قىز ئىدى. ئىككىمىز ھەر قانداق ئىچكى كېچىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرمايتتۇق. مەن ئۇنىڭغا تولاراق مەكتەپتىكى ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ يازغان مۇھەببەت خەتلىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىپ بېرەتتىم. چۈنكى، مېنىڭ گۈزەل چىرايىم خېلى كۆپ ئوغۇللارنى جەلپ قىلاتتى. شۇڭلاشقا، ماڭا مۇھەببەت تەلىپىنى قويىدىغان ئوغۇللار كۆپ ئىدى. سەلىمە مېنىڭ بۇ ھەقتىكى پاراڭلىرىمنى كۆزىنى چەملىدىتىپ تۇرۇپ ھەيران بولغان ھالدا تىڭشايتتى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ سوئال سوراپ قويمايتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭدىن:

— ئېيتە سەلىمە، سەن ھازىرغىچە قانچە ئوغۇللاردىن سۆيگۈ خېتى تاپشۇرۇۋالدىڭ؟ — دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ قىزىرىپ تۇرۇپ، يەردىن ئۈستۈن قارىماي:

— ماڭا ھېچكىم ئۇنداق خەت يېزىپ باققىنى يوق، — دەپ كېكەچلەپ تۇرۇپ جاۋاب بەرگەنىدى.

سەلىمە ۋاي دەپ كەتكۈدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئانچە سەتمۇ ئەمەس ئىدى. كىيىم - كېچەكلىرى ئاددى ۋە رەتلىك، مىجەزى ئېغىر - بېسىق، زىيادە پاراڭ - چاقچاقلارغا ئارىلاشمايدىغان قىز ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئوغۇللار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشتىن، يېقىنچىلىق قىلىشتىن تەپتارتاتتى. مەن، ئۇنىڭغا شۇ چاغقىچە بىرەر ئوغۇل ساۋاقداشنىڭ تەلەپ قويمىغىنىنى شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، دەپ چۈشىنەتتىم.

بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىن، توپتوغرا بەش ئاي سەلىمە بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. چۈنكى مەن، يىراق ناھىيىگە ياتلىق بولۇپ كەتكەن ئاچامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغانىدىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن[1] كۈنىنىڭ ئەتىسىلا سەلىمىنى يوقلاپ باردىم. ئۇ كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا رىشلىيە ئىشلەۋېتىپتىكەن، مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا يۈگۈردى، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. بەش ئاي ئىچىدە سەلىمە كۆزۈمگە خېلىلا ئۆزگەرگەندەك كۆرۈندى. بۇرۇنقى مۆرەسلىكىنى تاشلىغان، چىرايىمۇ خېلىلا رەڭ تۈزەپ قالغانىدى.

— ئېيتە، بەش ئاينىڭزى نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— شەھەرلىك مىللىي كىيىم-كېچەك زاۋۇتى ئاچقان كەشتىچىلىك كۇرسىغا قاتناشتىم. ھازىر ئۆيدە ھۈنەر قىلىۋاتىمەن.

ئۇ قولىدىكى رەختنى ماڭا كۆرسەتتى، رەختكە چېكىلگەن گۈللەر تولىمۇ نەپىس ئىدى.

— نېمە بۇ؟ — سورىدىم مەن، قولۇمدىكى رەختنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ.

— يوتقان كىرلىكى.

— خەقنىڭ بۇيرۇتمىسىما؟

— ياق.

— ئەمىسە، كىمنىڭ؟

— ئۆزۈمنىڭ.

— ھە، تويۇڭغا تەييارلىق قىلىۋېتىپسەن-دە.

ئويلىمايلا قىلغان چاقچىقىم راست چىقىپ قالدى. چۈنكى، سەلىمە چاقچىقىمغا ئىنكاس بىلدۈرمەي، چىرايىمغا مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قارىدى. تۇرقىدىن ماڭا مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىماقچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ سورىدىم:

— يىگىتىڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— سادىر، — سەلىمە ئاستاغىنە شۇ ئىسمىنى ئېيتتى-دە، ئېيتىلىپ كېلىپلا بوينۇمغا گىرە سالدى ۋە يۈز-كۆزلىرىمگە سۆيۈشكە باشلىدى.

— ساراڭغىلا ئوخشاپ قاپسەنغۇ تەلۋە.

مەن سەلىمىنىڭ قولىنى بوينۇمدىن تەستە ئاجراتتىم ۋە سوئال سوراشقا باشلىدىم:

— سادىر نېمە ئىش قىلىدىغان يىگىت؟

— كۇرستا ئوقۇيدۇ.

— قايسى كۇرستا؟

— كىيىم تىكىش...

— كۇرستا ئوقۇغاندا تونۇشۇپ، مۇھەببەتلەشكەن دېگىنە. مۇبارەك بولسۇن!

شۇ كۈنى سەلىمە مېنى ئۆيگە كەتكىلى قويمىدى. كېچىچە بوينۇمغا گىرە سېلىپ يېتىپ سادىر ھەققىدە پاراڭ قىلىپ چىقتى. ئۇ سادىرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئانىسىدىن باشقا ئادەمنى سۆيۈپ باقمىغان بۇ ساددا دوستۇم تۇنجى قېتىم سادىرنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىدىن مەستخۇش بوپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، سادىر ناھىيىمىزنىڭ ئەڭ چەت قوشباغ يېزىسىدىن بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سەيپۇڭلۇقنى يېزىسىدا ئۆگەنگەن، كۇرسقا ھۈنىرىنى پىششىقلاش ۋە يېڭى پوسۇندا كىيىم تىكىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سادىر بىلەن سەلىمىنى ئۆيگە چاقىرىۋالدىم. تۇنجى كۆرۈشتىلا سادىر كۆزۈمگە خېلىلا يامان ئەمەس كۆرۈندى. ئۇ كۆزىنى سەلىمىدىن پەقەتلا ئۈزەلمەيتتى، ھەر بىر ئېغىز سۆز قىلغاندا سەلىمىگە خۇشامەت قىلىشنى پەقەتلا ئۇنۇتمايتتى. مەن سەلىمىدىن ئۆزىنىڭ بىر

نۇرى بۇرھان www.nurkitap.com



ئايدىن كېيىن سادىر بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى، بۇ ئىشقا ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ رازىلىقىنى ئېلىپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇم.

— نېمىشقا بۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتتىڭ؟ بىرەر يىل توختاپ توي قىلساڭمۇ بولاتتىغۇ؟

— يىگىرمە كۈندىن كېيىن سادىرنىڭ كۇرسى ئاخىرلىشىدۇ، قوشباغقا توي قىلىپ بىللە كېتەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى.

— توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا، بەك ئالدىراپ كەتمىگىنىڭ ياخشى ئىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ھامىنى توي قىلىدىغان بولغاندىكىن كەينىگە تارتقاننىڭ نېمە پايدىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆگىنىپ كېتىپتىمەنكى...

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ بىل.

مەن سەلىمىگە بۇنىڭدىن ئۇشۇق گەپ قىلمىدىم، ئۇلار تېزلا توي تەييارلىقىغا تۇتۇندى. سەلىمە قېشىمغا پات - پات يوقلاپ كېلەتتى. توي ۋاقتىغا ھەپتە قالغان كۈنى كەچ تەرەپتە، سەلىمە تۇيۇقسىز ئۆيگە ئۇسسۇپ كىردى - دە، بوينۇمغا ئېسىلغىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىدىن ھەيران قالدىم:

— نېمە بولدى ساڭا؟ ئېچىمنى پۇشۇرۇپ يىغلاۋەرمىگىنە.

— سادىر... سادىر... ئۇ... - سەلىمە ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، - سادىر يالغانچىكەن، ئۇنىڭ يېزىدا ئايالى بىلەن بىر بالىسى بار ئىكەن. مەن بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئايالىنى قويۇۋېتىپ كەپتۇ، ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى ئالداپ...

— مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ چۇقان كۆتەرگەن بارمۇ؟ ئۇ سېنى ياخشى كۆرگەچكە ئايالىنى يوشۇرغان بولغىيتى.

— ياق رابىيە، ئۇ ھەتتا ماڭا قەسەم قىلىپ، بىرەر قىز بىلەن يۈرۈپمۇ باقمىدىم دېگەن، ئۇ مېنى ئالدىدى. ئويلاپ باق، ئۇ بۈگۈن مېنى دەپ ئايالىنى قويۇۋېتىپتۇ، كەلگۈسىدە باشقا بىرسىنى دەپ مېنىمۇ... يالغانچى، ئىككى يۈزلىمىچى ئادەمدىن قانداقمۇ ۋاپا كۈتكىلى بولسۇن. ئۇ ئۇچىغا چىققان ئالدامچى، ئۇنىڭ ئايالىنى قويۇۋېتىپ، مەن بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكى ھەرگىزمۇ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس.

سەلىمىنىڭ بۇ سۆزلىرى سادىرغا بولغان نەپرىتىمنى شۇنداق قوزغىدىكى، قولۇمدىن كەلسە بېرىپلا ئۇنى چايناپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكۈم كەپكەتتى. بىز قىزلار ئەزەلدىنلا ساددا كېلىمىز، يىگىتلەرنىڭ ئىككى ئېغىز ياغلىما گېپىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىمىز - دە، بارلىقىمىزنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىۋېتىمىز، ئالدانغانلىقىمىزنى بىلگىنىمىزدە بولسا دەردىمىزنى كۆز يېشىمىزدىن ئالىمىز. كىشىلەر ئاياللارنىڭ ھىيلىسى تولا دېيىشىدۇ، ئەمما بۇ ھىيلىگەرلىك پەقەت ۋۇجۇدىمىزدىكى پاكلىق، ساداقەتمەنلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ئەشۇنداق تاش يۈرەك، ۋىجدانسىز ئەرلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغاندىن، بۇلغانغاندىن كېيىن ئاندىن پەيدا بولىدۇ. مەن ئىچ ئاغرىتقان ھالدا سەلىمىگە قارىدىم. ئۇ گويا، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقىنى باشقىلارنىڭ سۇندۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن كىچىك بالىغا ئوخشاش بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتى. مەن ئۇنىڭ كۆز يېشىغا چىداپ تۇرالمىدىم:

— بولدىلا، تېپىلماسنىڭ خورمىسەمتى

ئۇنداق ۋىجدانسىز، ئۆزۈڭنى ئوشۇق ئۇپراتمىغىنا.

— بىراق... بىراق... سادىر...مەن...ئۇ...

سەلىمىنىڭ ئاغزى شۇ سۆزدىن باشقا ھېچنىمىگە كەلمەيتتى. كۆز يېشى پەقەتلا توختىماي يتتى. كۆڭلۈمدە، سەلىمە سادىرغا غەزەپلەنگىنى بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيىماي ۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم — دە، ئۇنىڭغا قوپاللىراق تەگدىم:

— بولدىلا، خەقنىڭ ئايرىلىپ كېتىشكە كۆزۈڭ قىيمىسا تويۇڭنى قىلىۋەرمەمسەن. سادىرمۇ سېنى دەپ بالىسى بىلەن ئايالىنى تاشلاپتىغۇ؟

— سەن... سەن...

گەپلىرىم سەلىمىگە ئېغىر كەلدىمۇ قانداق، ئورنىدىن دىككىدە تۇردى — دە، يىغلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى چوڭ ئاپامنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ۋىلايەت مەركىزىگە كېتىپ قالدىم. ئون كۈندىن كېيىن كېلىپ، سەلىمىنىڭ سادىر بىلەن توي قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. لېكىن دوستۇمنىڭ بۇ تويى مېنى پەقەتلا خۇشال قىلمىدى، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى غەش ئىدى. ھەپتە ئۆتكەندە سەلىمىنىڭ ئانىسىدىن ئادرېسىنى سوراپ ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم خەت يازدىم. لېكىن سەلىمە بىر پارچىمۇ جاۋاب خەت يېزىپ قويمىغانىدى. مانا بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئىككى پارچە خېتى بىراقلا كەپقالسا بولىدۇ.

مەن قولۇمدىكى ئىككى دانە كونۋېرتقا قارىدىم. كونۋېرتنىڭ بىرسى خېلى قېلىن بولۇپ، ئاستىغا بۇنىڭدىن ھەپتە ئاۋۋالقى چېسلا يېزىلغان؛ يەنە بىرى نېپىز بولۇپ، تۈنۈگۈنكى چېسلا يېزىلغان ئىدى. مەن ھەپتە ئاۋۋال يېزىلغان خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«ئەسسالام قەدىرلىك دوستۇم رابىيە، سالامەت، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

رابىيە، بەلكىم سەن بۇ خەتنى قولۇڭغا ئېلىپلا ئەجەبلىنەرسەن، سەلىمىنىڭ نېمە ئۈچۈن خەت يازغۇسى كەپقالغاندۇ، دەپ ھەيران بولارسەن. لېكىن نېمىلا دەپ ئويلىما، بۇ خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

ئېسىڭدىمۇ رابىيە، ھېلىقى كۈنى قېشىڭغا يىغلاپ كىرگىنىمدە ئېيتقان سۆزلىرىڭ!؟ مەن شۇ كۈنى بەكمۇ تەڭلىكتە قالغانىدىم. قېشىڭغا مەسلىھەت سوراپ ئەمەس، بەلكىم يىغلاپ، ئىچىمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. سادىرنىڭ ئىككى يۈزلىمىچى، ۋاپاسىزلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە پېشىمنى قېقىپلا «بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ كۆزۈمگە كۆرۈنمەڭ، مەن سىزگە ئوخشاش ۋاپاسىز ئادەم بىلەن توي قىلالمايمەن» دەۋەتسەم بولۇۋېرەتتى. لېكىن... بىلەمسەن دوستۇم، شۇ كۈنى مەن ساڭا مۇشۇ «لېكىن» نىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان، يۈرىكىمنى قاتتىق ئازابلايدىغان سۆزنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، نومۇس قىلغانىدىم. مانا ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى.

سادىر بىلەن توي ۋاقتىمىزنى بېكىتكەن كۈنى، قىزلىق نومۇسۇم بىلەن ئەبەدىل-ئەبەد خوشلاشقانىدىم. ئويلاپ باق دوستۇم، ئەھۋال ئەنە ئاشۇنداق تۇرسا، ئۆزۈمنى «قىز» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن پەردازلاپ، قانداق قىلىپ باشقا بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن. مەن سادىرغا ھەر قانچە نەپرەتلەنسەممۇ، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىم، توي قىلغان، چوكان بولغان ئاتاقنى

ئېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا مەن تۈنجى تويۇمنى سادىردىن باشقا ئادەم بىلەن ھەرگىز قىلالمايتتىم.

توي — ئىنسان ھاياتىدا ئەڭ ئاز نېسىپ بولىدىغان، ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق، شېرىن ھېس - تۇيغۇلار بىرلىشىپ كەتكەن، ئىنسان قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدىغان مۇقەددەس خاتىرە كۈن. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە تويى بولغان قىز-يىگىت دوستلىرىنى تەكلىپ قىلماي مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان قائىدە بولمىسا كېرەك. بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەم شۇنداق.

مەن توي كۈنۈمنىلا ئەمەس، بەلكىم توي دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئېسىمگە ئالسامۇ، پۈتكۈل تېنىم گويا زەھەرلىك يىلان يامىشىۋالغاندەك شۈركىنىپ، يۈرىكىم ئامبۇردا قىسقاندەك چىدىغۇسىز ئازابلىنىدۇ. كىشىلەر قىزلارنىڭ توي كۈنىسى تۆككەن كۆز يېشىنى خۇشاللىق يېشى، بەخت يېشى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بەزى تەلەيلىك قىزلارنىڭ بۇ كۈندىكى كۆز يېشى، بەخت، خۇشاللىق بىلەن تاماملىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە لەززەتلىنىپ، ھوزۇرلىنىپ ئەسلەيدىغان، ئۇنتۇلماس ھايات كارتىنىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى، مېنىڭ توي كۈنىسى تۆككەن كۆز يېشىمغا كىمكى بۇنداق باھا بېرىدىكەن، ماڭا پۈتۈنلەي ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. چۈنكى مېنىڭ كۆز يېشىم خورلۇق، بەختسىزلىك، نادامەت يېشى ئىدى. توي كۈنى مېنىڭ يالغۇز كۆزۈملا ئەمەس، يۈرىكىم، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم دەريا - دەريا ياش تۆكۈپ يىغلىغانىدى.

مەن بىرمۇ دوستۇمنى تويغا چاقىرمىدىم، سەن موماڭنىڭ قېشىغا كەتكەن ئىكەنسەن. ئەگەر بولغان بولساڭمۇ، ئوخشاشلا سېنىمۇ تويغا چاقىرماس ئىدىم. توي كۈنىسى ئىچكىرى ئۆيدە يالغۇز دېگۈدەك كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇردۇم. ۋۇجۇدۇمنى پۇشايمان ئۆرتەيتتى. قولۇمنىڭ ئۈچىنى سادىرغا ئالدىراپ تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنەتتىم.

بىر ۋاقىتتا ئانام قېشىمغا كېلىپ، كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— قوپ بالام، ھازىر نىكاھ ئوقۇلىدۇ. ئىشىكنىڭ تۈۋىگىرەك بېرىپ تۇر، - دېدى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ.

تاشقىرىقى ئۆيدە سادىر ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ھەم نىكاھ ئوقۇپ قويىماقچى بولغان موللام، ئىچكىرىكى ئۆيدە مەن، ئانام ۋە ئىككى-ئۈچ قوشنا ئاياللار، ئارىلىقىمىزدا ئىشىك. شۇ تاپتا سادىر دوستلىرى بىلەن غالىپلاردەك گىدىيىپ خۇشال ئولتۇرىدىغاندۇ، مەنچۇ؟ خۇددى شاپتۇلدەكلا ئېزىلىپ كەتكەنىدىم.

ئوقۇغان ئايەتتىن كېيىن موللام بىرچاغدا سوزۇپ:

— سەلىمەخان، ئۆز ئىختىيارلىقلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى سادىراخۇنغا خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىلىمۇ؟ - دەپ سورىدى.

موللامنىڭ بۇ سوئالى بىلەن تەڭلا ۋۇجۇدۇمغا يەنە كۈچلۈك يىغا ئولاشتى. موللام بايىقى سوئالىنى يەنە ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. ئانام قېشىمدا تۇرۇپ: «قوبۇل قىلدىم دەڭ» دەپ زورلايتتى. مېنىڭ بولسا، «ياق، ئۇنداق ئالدامچىغا تەگمەيمەن» دەپ، بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىغىم كېلەتتى. بىراق، كۆڭلۈم بۇرۇقتۇم، ۋۇجۇدۇمدا ھەسرەت، كۆزلىرىم لىق ياش، لەۋلىرىم مىدىرلايتتى، لېكىن گەپكە كەلمەيتتى. ئۆزۈمگە پۈتكۈل ئەزايىمدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بەلكىم يۈرەكتىن قايناپ چىققان نارازىلىق، خورلۇق،

بى ئىلاجلىق كىشىنى ئەنە ئاشۇنداق تۇيغۇغا
كەلتۈرۈپ قويسا كېرەك. ئانام مېنى ئاخىـ
رى گەپ قىلدۇرۇپ بولالماي موللامغا: «قوـ
بۇل قىلدىم دېدى» دەپ يەتكۈزدى. نىكاھ
پەتىسىدىن كېيىن، مېنى كىگىزگە سېلىپ
ئەپچىقىپ، ماشىنىنىڭ كېپىنكىسىگە ئولتۇرـ
غۇزۇشتى. يۈرىكىم مانا ئەمدى كۆكرىكىمـ
دە ئات چاپقاندەك سوقۇشقا باشلىدى. توـ
يۇقسىز كاللامغا ماشىنىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ
ئۆلۈۋېلىش نىيىتى كەلدى. لېكىن بىر يېـ
نىمدا سادىر ماڭا چاپلىشىپ ئولتۇراتتى،
بىر يېنىمدا بولسا شوپۇر. ئۈنلۈك يىغلايـ
مەن، يىغلىغانغا ئادەمنىڭ كۆز يېشى توـ
گەپ كەتمەيدىكەن. تۈن تەڭ بولغاندا ساـ
دىرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئازابلىق،
خورلۇق مىنۇتلار باشلاندى. سادىرنىڭ ئاچ
قالغان مۈشۈكتەك يالاپ ـ سۆيۈشلىرى، قوـ
چاقلاشلىرى... ۋۇجۇدۇمدا ھېچقانداق غەيـ
رىي سېزىم قوزغىيالمىدى. ئۆزۈمنى ياغاچقا
ئوخشاشلا سېزەتتىم، شۇنداق قىلىپ،
يېڭى بىر ھاياتقا كۆز يېشىمنى
پايانداز قىلىپ قەدەم باستىم.

ئەپۇ قىل رابىيە، خېتىم بەكمۇ ئۇزۇراپ
كەتتى، ئەسلىدە ساڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ
ئولتۇرمىساممۇ بولاتتى. لېكىن ھېس قىلـ
غانسەن، مەن مۇشۇ چاغقىچە، سەندىن باشـ
قا ھېچكىمگە دەرد تۆكۈپ باقمىغان. يازـ
غان ئۇچىلى پارچە خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالـ
دىم، كۆڭلۈمدە سەن بىلەن ئۇزاق مۇڭداشـ
تىم، نېمە ئۈچۈندۇر قەلەم بىلەن قەغەزنى
قولۇمغا ئالغۇم كەلمىدى. گەرچە سادىرنىڭ
ئالدامچىلىقىغا ھەر قانچە نەپرەتلەنگەن
بولسامۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى ئەپۇ قىلىپ،
بىر ۋاپادار خوتۇن بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكـ
تۈم. چۈنكى بېشىمنى ھەر قانچە تاشقا ئۇرـ
غىنىم بىلەنمۇ، ئۇ، مېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىم

بولۇپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭدىن
بۇگۈن توي قىلىپلا ئەتىسى ئاجرىشىپ كېـ
تىشنى خالىمىدىم. ئەپسۇسكى، تويدىن كېـ
يىنلا سادىرنىڭ پىلە قۇرتىدەك يۇمشاق
مىجەزى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بىلەن
بولغان تۇنجى زىددىيىتىمىز تويـ
نىڭ دەل ئىككىنچى ھەپتىسى باشلاندى. شۇ
كۈنى ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى بىر قۇر تۈگەتكەنـ
دىن كېيىن ھويلىدا ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇـ
راتتىم، سادىر دەرۋازىدىن كىرىپلا، ئۇسـ
تى بېشىمغا شۇنداقلا سەپ سېلىپ چىراـ
يىنى تۈردى:

ـــ ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلا خېنىم، سىلە
ھازىر مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئادەم، ـ ئۇ توـ
لىمۇ چوڭچىلىق بىلەن سۆزلەيتتى، ـ ھويلاـ
ئارامغا چىققاندا يۈزلىرىگە چۈمبەل
سېلىپ چىقسىلا، ھويلىغا بەزىدە يات ئادەم
كىرىپ قالىدۇ.

ـــ چاقچاق قىلىۋاتامسىز ياكى نېمە، ساـ
دىر؟! ـ يۇمشاقلىق بىلەن ئۇنىڭ كېپىنى
بۆلدۈم، ـ مەن مەكتەپتە ئون يىل رۇپاش
بولىمەن دەپ ئوقۇمىغان، چۈمپەردە دېگەن
كونىلىق، بىز ...

ـــ بەس، تولا كاپشىماي، زۇۋانلىرىنى
جىمىقتۇرسىلا خېنىم، ھېلىباكار قاڭشارلىرى
تۈزلىنىپ، ئوتتۇز ئىككى چىشلىرى تۆكۈلۈپ
كەتمىسۇن يەنە. مەكتەپتە نەچچە يىل ئوقۇغانـ
لىرى بىلەن مېنىڭ چاتىقىم يوق، ئەمما
مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتكەن ئىكەنلا، نېمە
دېسەم شۇنى قىلىلا، بويۇن تولغاشلىرىغا
رۇخسەت يوق. ئۇقىلىمۇ؟ شۇنىمۇ ئەسـ
لىرىدە مەھكەم تۇتۇۋالسىلا، ئەركىشى دېـ
گەن خوتۇن كىشىنىڭ يېرىم خۇداسى.
ئېرىدىن قارغىش ئالغان خوتۇن، ئۆمران
جەننەت يۈزى كۆرەلمەيدۇ.

«تووۋا» دەپ ئۇنىڭغا قارايمەن،
تويدىن ئاۋالقى سادىر

شۇمىدۇر – ئەمەسمىدۇر دەپ ھەيران بولىمەن، ئۇنىڭغا قارشى يەنە سۆزلىگۈدەك بولسام، نېمە كۈن كۆرىدىغانلىقىم ئۆزۈمگە مەلۇملۇق، گەپ-سۆز قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتىم ...

ئەتىسى ھويلىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز گەجگەمگە تەگكەن قاتتىق تېپىكنىڭ زەربىسىدىن ئالدىمغا دۈم چۈشتۈم. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە، كۈچلۈك بىر قول چېچىمدىن قاماللاپ تۇرغۇزۇپ قويدى. قارىسام، سادىر ئىكەن، مېنى ھېچ گەپتىن-ھېچگەپ يوق ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە ئۇرۇپ كەتتى، تاياق زەربىدىن يىقىلىپ چۈشتۈم. ھوشۇمغا كەلسەم، سۇپىدا يېتىپتىمەن، كەچ بولۇپ قاپتۇ، سادىرنىڭ ئانىسى بېشىمدا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ تۇرۇپتۇ:

— ئېرىڭنىڭ تەربىيىسىنى قۇلاقتا تۇتمىغان خوتۇنغا ئۆلۈممۇ ھەق!— قېيىن ئانام شۇلارنى دېگەچ، بىر چىنە سۇيقاشنى بېشىمدا دوققىدە قويۇپ چىقىپ كەتتى. خېلى ئۇزاق باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ، يېگەن تاياقنىڭ سەۋەبىنى ئاندىن چۈشەندىم. ئەسلىدە كىر يۇيىمەن دەپ، يۈزۈمگە چۈمپەردە سالمىغانلىقىم ئۈچۈن، سادىر ماڭا قاتتىق تەن جازاسى بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈمنى يېپىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. مەن سادىرنىڭ خوتۇنى ئەمەس خىزمەتكارى، ئانىسىنىڭ كېلىنى ئەمەس، قۇلى بولدۇم. دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىشىمغا رۇخسەت قىلىنمىدى.

مەن ئىلگىرى، ئەگەر توي قىلىپ قالسام، قېيىن ئانامنىمۇ خۇددى ئۆز ئانامغا ئوخشاش ياخشى كۆرىمەن، ئۆز ئانامدەك كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلىمەن. خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ، دۇئاسىنى ئالىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. قويندا ياتقان ئەرنىڭ ئانىسىنى يامان كۆرۈش، بېھۆرمەتلىك قىلىش—ئەخلاق، پەزىلەت مىزانىغا يات، يامان ئەمەلەت دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، سادىرنىڭ ئانىسىنىڭ شۇنچە خىزمىتىنى قىلىپ، ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپمۇ، قىلچىلىك ئىززەت كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قېيىن ئانىلىق مېھىر – ئىچكۆيەرلىك دېيدىغان نەرسىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ تاپالمىدىم. ئۇ، ماڭا خۇددى خىزمەتكارىغا، قۇلىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى، ھەدېسىلا سادىرنىڭ ئىلگىرىكى ئايالىنى داڭلاپ، مېنى كەمسىندۈراتتى. ھەتتا ماڭا بىر قېتىممۇ ئوچۇق چىراي ئاچمىدى، قىلغان ئىشلىرىمدىن قۇسۇر چىقىرىپ، ئەيىبلەپ، دەشنام بېرىپلا تۇراتتى...

ھايات مەن ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئۆتمەكتە، مەن بۇ ئۆيدە ئۆگىتىلگەن ھايۋانغا ياكى ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش، قەپەزگە سولاپ قويۇلغان ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدىم. مەن بۇ تۇرمۇشتىن جاراھەتلەنگەن يۈرىكىمگە قىلچىمۇ مەلھەم تاپالمىدىم. سادىر كۆزۈمگە بارغانسېرى سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن ئاخىرى نارازىلىقىمنى تونجى قېتىم ئىپادىلىدىم.

— ئاجرىشىپ كېتەيلى دەملا؟— دېدى سادىر گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.— قۇرۇق خىيالىنى ئاز قىلسىلا، خېنىم. مەن سىلىنى ئاز دېگەندە مىڭ كوي پۇل خەجلەپ ئالدىم. بۇنداق ئاسان ئىش بولمايدۇ.

— ماڭا توپلۇق كېيىملىرىڭنىڭ ھېچقايسىسى كېرەك ئەمەس، ئۆيدىن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەنلا چىقسام بولدى.

— توي كۈنىسى ئاپارغان ئاش سۈيى ۋە باشقا چىقىملىرىمنىڭ پۇلىچۇ؟

سادىر دومۇس قىلماي مۇشۇلارنى دېدى-
دە، تىكىشكە تېگىشلىك كىيىملەردىن بىر
مۇنچىسىنى ۋەزىپە قىلىپ بېرىپ كېتىپ قال-
دى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيدى-
كى ئورنۇمنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتىم.
تېزراق ئاجرىشىپ كېتىمەن، تېزراق زالىم
ئەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە
چىقىمەن، بۇ دوزاقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ،
ئەركىنلىكىمنى، كىشىلىك ھوقۇقۇمنى، ئىززەت-



نەپسىمنى، غۇرۇرۇمنى تېزراق ئەسلىگە كەل-
تۈرىمەن دەيدىكەنمەن، سادىرغا كۆپرەك
بايلىق يارىتىپ بېرىشىم، تويغا كەتكەن
بارلىق چىقىملارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بې-
رىشىم كېرەك ئىكەن. مەن تىكىشكە تېگىش-
لىك كىيىملەر كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلى-
دى. ۋاقتىدا تىكىپ ئۈلگۈرتۈپ بېرەلمىسەم،
سادىرنىڭ تىل - دەشنامىلىرىدىن باش ئا-
لالمايتتىم. ئۆي ئىشلىرى سەل-پەللا قىلىنمىسىز
قالسا قېيىن ئانام زەھەرلىك نەشتەرلىرىنى
سانجىۋېلىشقا ئارانلا تۇراتتى. شۇڭلاشقا كې-
چىلىرىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە كىيىم تىكىپ ئول-
تۇرىدىغان بولدۇم.
مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى دې-
گۈدەك مېنى ئۆچ كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيت-
تىشىچە، مەن سادىرنى ئازدۇرۇپ، بېشىنى
ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ بالىسى بىلەن ئايالى-
نى قوغلىۋېتىپ تېگىۋالغان بۇزۇق ئىكەن-
مەن. بۇ نېمە دېگەن چىدىغۇسىز ھاقارەت-
ھە! كېيىنچە سادىرنىڭمۇ كىشىلەرگە: «ئا-
مىساك ئۆلۈۋالىمەن، دەپ تۇرۇۋالغانلىقى
ئۈچۈنلا توي قىلدىم» دەپ يۈرگەنلىكىنى
ئاڭلىدىم. بۇ سۆزلەر يۈرىكىمدىكى زېدىنى
تېخىمۇ بەك يوغىنىتىۋەتتى.
ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلىشىمگە پەقەت-
لا يول قويۇشمىدى. سادىر ئىككى قېتىم بې-
رىپ تىنچلىقىنى ئۇقۇشۇپ كەلگەن بولدى.
شۇ چاغدىلا سادىرنىڭ مېنى ئاسانلىقچە
قويۇۋەتمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. بۇ
يەردىكى تارتقان ئازابلىرىمنى خەت ئار-
قىلىق ئاتا - ئانامغا ئۇقتۇرۇشنى ئويلىغان
بولساممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىئا-
رام قىلماي دەپ خەت يازمىدىم. شۇنىڭ بى-
لەن باشقا بىرەر ئامال قىلىپ، بۇ قەپەز-
دىن تېزراق قۇتۇلۇش ھەققىدە چارە ئوي-
لاشقا باشلىدىم. مەن سادىردىن ئاجرىشىپ
كېتىپ ھۆرلۈككە چىقىش ئۈچۈن، ھەر قا-
داق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدىم.
مەن سادىرغا ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىم-
نى يەنە بىر قېتىم ئېيتتىم. بۇ قېتىممۇ ئۇ
ماڭا مۇش - پەشۋالىرى بىلەن جاۋاب قاي-
تۇردى، تاياق - دۇمبالى بولدى دېگۈچە يې-
دىم. كالىلامغا باشقىدىن بىر ئەقىل كەلدى، دە-
لەپ ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ

www.uyghurkitap.com

بېرىپ، قۇربىمنىڭ يېتىشىچە توي چىقىمىنى تۆلەپ بېرىپ، كۆز-قارنىنى مال-دۇنياغا تويغۇزۇپ قويسام، ئاندىن خېتىمنى ئاساناراق بېرەر دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ئەسلىدە ۋۇجۇدىدا ئىنساپ، ۋاپا دېيىدىغان نەرسە بولمىغان ئادەمنىڭ ئاچكۆز، دۇنياپەرەس بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن. مانا ئاخىرى چۈشەندىم. مەن ھەر قانچە ئېشەكتەك ئىشلەپ بەرگىنىم بىلەنمۇ، سادىر ماڭا قىلچە رەھىم قىلمايدىكەن. ئاخىرى ۋۇجۇدۇمدىكى ساداقەتمەنلىك، ئىتائەتمەنلىك مانا ئەمدىلىكتە قارشىلىق، ئىسيانكارلىققا ئالماشتى. شۇنىڭ بىلەن زۇلۇمغا قارشى «ئىش تاشلاش» قارارىغا كەلدىم-دە، قولۇمنى ھېچ ئىشقا ئەگرى قىلماي يېتىۋالدىم. سادىرنىڭ دوق، پوپوزىلىرى، يېلىنىش-يالۇۋۇرۇشلىرى، ھېچقايسىسىغا قۇلاق سالمىدىم، تەرەتكە چىققاندىن باشقا ۋاقىتتا، ئورنىمدىن قوپماي يېتىۋالدىم. ئېشەك دۇمبالىغاندەك ئۇرۇشلار، كىچىك بالىنى شىلىغاندەك ئالداشلار تەكرارلىنىپ تۇردى.

دوستۇم رابىيە، ئادەم تىل-تاياققا ئۆلمەيدىكەن، مەن پەقەت مۇشۇ قەپەزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىق ئازابلارغا چىدىدىم. مال-دۇنياغا بېرىلگەن ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ۋاپادارلىق، رەھىمدىللىكنىڭ زەررىسىمۇ بولمايدىكەن. ساق بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۇلار مېنى بىكار ياتقۇزۇپ قويۇپ بېقىشقا پەقەتلا چىدىمىدى. مېنى تاياق بىلەن قورقىتىشقا، باش ئەگدۈرۈشكە كۆزلىرى يەتمىگەن بولسا كېرەك، ئاخىرى ئۇچامدىكى كىيىمدىن باشقا بىر قېتىم يىپ چاغلىق بىر نەرسە ئالماسلىققا مەندىن ۋەدە ئېلىپ، خېتىمنى بېرىشكە ماقۇل بولدى.

قەدىرلىك دوستۇم رابىيە، ئاران تەستە قولۇمغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقۇمنىڭ ئالدىدا، ئۇنچىلىك لاتا-پىتىلەر قانچىلىك نەرسىتى دەيسەن؟ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە دەرھاللا قوشۇلدۇم.

رابىيە، مەن بۇ خەتنى شۇ خۇشاللىقىمدا يېزىۋاتىمەن. ئاھ! يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن مېنىڭ قولۇمغا كېلىدىغىنى، ئاددىيلا نىكاھدىن ئاجرىشىش خېتى ئەمەس، بەلكى قۇللۇققا مەھكۇم بولغان دېدەكنىڭ مىڭ بىر جاپادا قولغا كەلتۈرگەن ھۆرلۈك گۇۋاھنامىسى بولىدۇ. ئەپۇ قىل، ئۆزۈمنىڭ گېپى بىلەن بولۇپ كېتىپ، سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن ئازراقمۇ سوراپ قويماپتىمەن. ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ خىزمەت تاپتىڭمۇ؟ ياكى ھازىرمۇ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتامسەن؟ ساڭا سالىدىغان مۇنداق بىر مەسلىھەتىم بار، ياخشى ئويلىنىپ جاۋابىنى بەر: مەن ھازىر كىيىم-كېچەك پىچىپ-تىكىشتە (بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنى) خېلى كامالەتكە يېتىپ قالدىم. ئالتە خىل ئاياللار كىيىمىنىڭ يېڭى پاسونىنى لايىھىلەپ قويدۇم. مەن بارغاندىن كېيىن ئىككىيلەن ھەمكارلىشىپ، مەخسۇس ئاياللارنىڭلا كىيىمىنى تىكىدىغان بىر كىيىم تىكىش دۇكىنى ئاچايلى. سەنمۇ ئىش كۈتمەمەن، دەپ بىكار يۈرۈۋەرمە. ھازىر ئىسلاھاتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان دەۋرى. ھەر كىمنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا كەڭرى سورۇن ھازىرلانغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزنى قوللايدۇ. شۇڭلاشقا كۆز قورقىتىپ ئولتۇرماي، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىقتىدارىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، ئىشىنىمەنكى، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز. ئاندىن كېيىن يېتەرلىك مەبلەغ جۇغلىۋېلىپ دۇكىنىمىزنى

(ئاخىرى 49 - بەتتە)

تەلئەت ئاتاۋۇللا

# مەن گۇناھكار

(ھېكايە)

ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى، ئۆزىنىڭ ئاچچىق جۇدۇنى ۋە نىمەتسىزلىكى بىلەن يېتىم - مۇساپىر، نامرات - مىسكىنلەرنى زار قاقشىتىپ كېلىۋاتقان قىش پەسلى ئېگىز تام ۋە سىم توساقلار بىلەن ئىھاتىلەنگەن تۈرمە قوروسىغا يىللاردىكىدىنمۇ دەھشەتلىك بولغان جۇتلۇق ھاۋانى باشلاپ كىردى.

ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا سوغۇق ۋە ۋەھىمىلىك ھېس قىلىنىدىغان قارا دەرۋازىلىق بۇ قورونىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەردىن كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىق تىترەشلىرى، ئۇزۇلمەي يۆتىلىشلىرى ۋە ھاياسىز سۆزلەر بىلەن سوغۇق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر كۈنلۈك ئوتۇن - كۆمۈر ئاللىقاچان قالىنىپ تۈگىگەچكە، كامېرلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى سىرتىنىڭكىدىن ھېچ قانچە پەرقلەنمەيتتى.

ئۇ، تارغىنە سۇپا ئۈستىدە پۇت - قولىنى رۇس سۇنۇپ ئوڭدا ياتقان بولۇپ، گويا قېتىپ قالغان مۇردىغا ئوخشايتتى. سەزگۈسىنى يوقاتقان ياش ۋۇجۇدى نە سوغۇق، نە ئىسسىقنى سەزمەيتتى، ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم تىرىك ھېسابلىمايتتى. پەقەت ھەرىكەتسىز قارىچۇقتىن ئۈزلۈكسىز ئېتىلىپ چىقىپ، قۇلاق تۈۋىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىۋاتقان ياشقا قاراپ، ئۇنىڭ تىرىك جان ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى.

— ئۇكام ئادەمنىڭ يۈرىكىنى بۇنچە ئەزمە! مېنىڭمۇ ماشىنام ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئۈچ ئادەم ئۆلدى. ئۇنىڭ بىرسى مېنىڭ شاگىرتىم ئىدى، بۇنىڭغا مەنمۇ چىداۋاتىمەن. ئوغۇل بالا دېگەن ئاسانلىقچە كۆزىدىن ياش چىقارغۇلۇق ئەمەس، قاپلاندەك بىر يىگىت تۇرۇپ، بۇنچىلىك ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويساڭ بولامدۇ؟ ئۆزۈڭنى بۇنداق ئازابلاۋەرسەڭ تۈگىشىپ كېتىسەن، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئازراق بىر نەرسە يە!

ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن توختىتىلىپ قويۇلغان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ شوپۇرنىڭ يۇقىرىقى سۆزىگە ئۇ خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان سۈكۈتتىن كېيىن ئىنكاس قايتۇردى:

— جېنىم ئاكا، سىز بىلمەيسىز، ناسىر مۇئەللىم مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمنى ئاتىلىق مېھرىدىن بەھرىمەن قىلغان شاپائەتچىم ئىدى. مەن، ماڭا ئادەم بولۇشنى ئۆگەتكەن ئاشۇ مېھرىبان ئادەمنىڭ بىۋەجەل ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. مەن بۇ ۋىجدان ئازابىنى قانداق كۆتۈرەلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرىشقاندەك ماموت موللاق دېگەن توڭگۇزنىڭ ماڭا ئۆلۈپ بەرگىنىنى دېمەمسىز؟ مەن ئىككى ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئېمىدىن ئۈمىد كۈتىمەن، مەن ئەمدى

تۈگەشتىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم...!

ئۇ بېشىنى ئىككى يانغا تاشلاپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ باغرىنى ئەزگۈچى بۇ ئازابلىق سادا كىچىككىنە كامېرنىڭ تاملىرىنى تىترىتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۇنداق دېمە ئۇكام، كەچمىشىڭنى ئاڭلىدىم، مۇئەللىمىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن كېتىپتۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ سەندىن كۆرگىلى بولمايدۇ. مامۇت موللاقىنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ تاسادىپىلىقتىن بولغانىدەك قىلىدۇ. سەن ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ سەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغمىساڭ، يا ماشىنىغا باستۇرۇۋەتمىسەڭ كېرىلودىن① چۆرۈپ تاشلىۋەتكەنگىمۇ ئادەم ئۆلۈپ قالامدۇ؟ سەن بۇنى ئالدىراپ ئۆزۈڭگە ئېلىۋالساڭ بولمايدۇ، تەشكىل سېنى تەكشۈرمەيلا جىنايەتچى قىلىۋەتمەيدۇ.

كامېرداشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئازابقا تولغان قەلبى بىر ئاز تەسەللىي تاپقاندەك بولسىمۇ، لېكىن، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بىر قاتار تىراگېدىيىلىك ۋەقەلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى گويا سۈرەتكە تارتىلىپ كامېرنىڭ ئىچىگە چاپلاپ قويۇلغانىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى.

× ×

ئىلىيار مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مامۇت موللاقىنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيى جايلاشقان بۇ مەھەللىگە مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم كەلدى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم كېلىشى قىش پەسلىنىڭ سوغۇق كۈنلىرىگە توغرا كەلدى. ھەر قېتىم كەلگەندە، جۇيجاڭنىڭ قېيىن ئاتىسى ئۈچۈن ئوتۇن ـ كۆمۈر، سەي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىرىنچى قېتىمدا مامۇت موللاقىنىڭ ئايالى بىلەن، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن كەلگەنىدى، بۇ قېتىم ئەر ـ ئايال ھەر ئىككى خوجايىن بىللە كەلدى. بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ھەددىدىن زىيادە سەمىرىپ كەتكەن بۇ ھالاۋەت ئىگىلىرى كابىنكىدا قىستاڭچىلىق پەيدا قىلغاچقا، ئىلىيار بىر بۇلۇڭغا قىستىلىپ رولنى ئاران باشقۇرۇپ كېتىپ باراتتى. سېمىز كىشىلەرنىڭ بەدىنىدىن ھارارەت كۆپ چىقامدۇ قانداق، سىرتتا چايان زەھىرىدەك قاتتىق شىۋىرغان ھۇشقىرىۋاتقىنىغا قارىماي، كابىنكىنىڭ ئىچى خېلى ئىسسىپ كەتكەنىدى. ماشىنا كىچىك ئېرىقلارنىڭ كۆۋرۈكىدىن خۇددى دۇتار پەدىسىگە ئوخشاپ قالغان مەھەللە يولىدىن ئايرىلىپ چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن، ماشىنىدىكى ئۈچ كاللا تەڭلا ئۆز خىياللىرىنى باشلىدى: «بېرىپ كېلىش ئىككى يۈز ئاتمىش كىلومېتىر يول، ئاز دېگەندە 30 كىلو ماي كۆيىدۇ دېگەن گەپ. ئالتە پاي چاق بۈگۈن يەنە بىكارغا پىقىردى. تۇۋا، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئوتتۇز كىلو ماي دېگەن باشقا ئىشلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك گەپتى، جۇيجاڭ ئۆتكەن يىلى «شەنجاڭلار مەھەللىسى» گە ئۆي سالغاندا، ئون ئىككى ئېغىز ئۆيگە كېتەرلىك ماتېرىياللارنىڭ يىپىدىن يىڭنىسىغىچە مۇشۇ ماشىنامدا توشۇدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپكە بىر سېنتمۇ تاپشۇرمىدى، بۇنىڭ ھېسابىنى قىلغىلى ئادەم چىقمىغان يەردە، ئوتتۇز كىلو ماينىڭ ھېسابىنى قىلىپ كەتكىنىم نېمىسى؟ ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ شەخسىي ئىشى ئۈچۈن ماشىنىنى ئاز دېگەندە يۈز قېتىم ئىشلەتكەندىمەن، بۇنىڭغا ھازىرغىچە «غىڭ» قىلىدىغان ئادەم چىقمىدىغۇ؟...»

ئىلىيار ئۆز كۆڭلىدە يۇقىرىقى مۇلاھـ

① كېرىلو ـ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا چىقىپ چۈشۈشتە دەسسەيدىغان تۆمۈر تاختاي.

زىلىرنى يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، مامۇت موللاقمۇ سېمىزلىكىدىن كىچىكلەپ كەتكەن كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى:

« قېيىن ئاتا دېگەن مۇشۇ خوتۇنىنىڭ دادىسىدەك بولسا، ھەر يىلى ئىككى - ئۈچ بورداق قوي بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. بۈگۈن ماشىنىغا سېلىپ بەرگەن ئېرىكتىسىنىمۇ ئاز دېگەندە ئەللىك جىڭ گۆش چىقىدىغاندەك، سائەت يەتتىدىن بۇرۇن ناھىيىگە بېرىۋالساق تەييارلىقنى غاچ - غۇچ پۈتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم مېھمان قىلىۋېلىش كېرەك، شۇ قاتاردا رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز تۇوك بىلەن، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بەردى توختىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ تىلىنىمۇ پالەچ قىلىش كېرەك. مېزىلىك كاۋاپ، ئېسىل شارابلارنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۈستۈمدىكى بولۇۋاتقان قورقۇنچلۇق مىش - مىش گەپ-سۆزلەرنىڭ ئۇۋىسىغا سۇ قۇيۇپ، چىندىماس، قىزىل كۆزلەرنىڭ چاڭلىسىنى سۇغا چىلاشتۇرۇش لازىم...»

ئايال خوجايىنىنىڭ پىكىر - خىيالىنى، بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنىڭ پايدا-زىيىنىنى ھېسابلاشقا بەنت بولغانىدى:

«... دادىسى بۈگۈن كەچتە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى مېھمانغا چاقىرىمىز، دەپ ئەجەب بەلەن گەپ قىلدى. بۈگۈن مېھمانلارغا مامۇتاخۇنىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى تازا ئوبدان سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش لازىم. ھە راست، ئۆتكەندە ھاپىز دېگەن مۇز چىراينىڭ ھېلىقى كالاچ بۇرۇن جاۋىلدىقى ئالتۇن بىلەيزۈكنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئەجەب ئىچىمنى پۇشۇرغانىدى. بۈگۈن مەنمۇ يېڭىدىن سوقتۇرغان سەككىز مىسقاللىق ئالتۇن مۇنچاقىمنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى بىر ئېچىتمىسام ...»

ماشىنىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى.

ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىغا ئېلىپ بارىدىغان بۇ يولنىڭ غەربىدىكى تاغ قاپتىلىدىن دەرەخلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ، ناھىيە مەركىزىدىن يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان «يانتۇ ساي» كەنتىنىڭ دەرەخلىرى ئىدى. ئىلىيار پۇتىنى ماي تەپكىسىدىن سەل بوشاتتى-دە، بىر خىل تاتلىق سېزىم ۋە خۇرسەنلىك ئىلكىدە، بارغانسېرى روشەن كۆرۈنۈۋاتقان ئاشۇ دەرەخلىك مەھەللىگە ئۈزۈپ - ئۈزۈپ نەزەر سالدى. ئاشۇ دەرەخلىك مەھەللىنىڭ دەل-دەرەخلىرى ۋە ئېتىز قىرلىرىغا ئۇنىڭ بالىلىق مەزگىلى سىڭگەن. ئۇنىڭ دادىسى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتتىن ئىككى مىڭ بەش يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاشۇ دەرەخلىك مەھەللىنىڭ ئالتۇن تۇپرىقىنى قۇچاقلاپ، ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن. ئاشۇ مەھەللىدە دادىسىنىڭ گەج بىلەن ئاقارتىلغان ئاددىي قەبرىسى، تالچىۋىقىنى «ئات» قىلىپ، كېسەكلەردىن «تانكا» ياساپ ئوينىغان، ھاياتلىقىنىڭ غەمسىز مەزگىللىرىنى بىللە ئۆتكۈزگەن ساددا دوستلىرى ۋە ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆز ئاتىسىدەك مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ تەربىيىلىگەن كۆيۈمچان ئۇستازى بار ئىدى.

ئىلىيار ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ قەلبى دەرەخلىك مەھەللىگە ئۆزلۈكسىز ئىنتىلمەكتە ئىدى.

— ماشىنا ئاستىلاپ قالدىغۇ؟ چاتاق چىقتىمۇ نېمە؟ - سورىدى مامۇت موللاق

سۇرئەتنىڭ ئاستىلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ.

— جۇيجاڭ، دادامنىڭ قەبرىسى ئاشۇ كۆرۈنگەن دەرەخلىك مەھەللىدە ئىدى، مۇمكىن بولسا، دادامنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ دۇئا قىلىپ كېلىۋالغان بولسام، بېرىپ - كېلىشكە ئون مىنۇتمۇ كەتمەيدۇ، - دېدى ئۇ يېلىنغان هالدا. ئىلمىيار «جۇيجاڭمۇ دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغانىكەن، كۆڭلۈمنى چۈشىنەر» دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى.

— بايا مەن سىزگە بۈگۈن ئۆيدە مۇھىم ئىشىم بار دەپ ئېيتتىمغۇ، باشقا چاغ بولسىغۇ مەيلى ئىدى، ئەمما بۈگۈن سائەت يەتتىدىن بۇرۇن ئۆيگە بېرىپ بولۇشىمىز كېرەك. هازىر سائەت بەش بولدى، ئالدىمىزدا يەنە يۈز كىلومېتىردىن ئوشۇق يول تۇرسا، ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىپ بولغىچە ئۆيگە كېچىكىپ قالىمىز، دادىڭىزنىڭ قەبرىسىنى باشقا بىر كۈنى كېلىپ يوقلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئىلمىيار ئۆز تەلىپىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرمىدى. جۇيجاڭنىڭ تەلەپپۇزىدىكى كەسكىنلىك ئۇنىڭ قايتا ئېغىز ئېچىشىغا ئورۇن قالدۇرمىغانىدى. ئورۇن قالدۇردى دېگەندىمۇ، ئىلمىيار جۇيجاڭ بىلەن گەپ تالاشمايتتى. چۈنكى جۇيجاڭنىڭ ئايالىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىلمىيار مامۇت جۇيجاڭنىڭ شاپائىتى بىلەن شوپۇر بولغانىدى.

دەرۋەقە، ئايال خوجايىنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايتتى، ئىلمىيار ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئورنىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىلمىيار دەسلەپ ئۈچ يىلدەك ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قېچىر هارۋىسىنى هەيدىدى. ئۇچاغدا مامۇت موللاق بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. مەكتەپ قېچىر هارۋىسىنى سېتىۋېتىپ قول تراكتورى سېتىۋالغاندا، مامۇت مۇدىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تراكتور ئىلمىيارغا تۇتقۇزۇلدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتۈۋىدى، مەكتەپ تراكتورنى سېتىۋېتىپ، ماشىنا ئالدى. بۇ چاغدا يەنە مامۇت مۇدىرنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ماشىنىنىڭ رولى ئىلمىيارغا تۇتقۇزۇلدى.

ئىلمىيار قىسقا مۇددەتلىك شوپۇرلۇق كۇرسىدا تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، بىر ماشىنىنىڭ رولىنى ئوكچە ئايلاندۇرىدىغان رەسمىي شوپۇرغا ئايلاندى. مۇدىرنىڭ بۇ شاپائەتلىرىدىن ئىلمىيار هەددى - ھېسابسىز مىننەتدار ئىدى. مامۇت موللاقنىڭ ئىلمىيارغا مۇنداق شاپائەت قىلىشى ئەلۋەتتە مەقسەتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئىلمىيارنى ياۋاش، قۇلىقى يۇمشاق، ئوشۇق - تۆشۈك گېپى يوق، شەخسىي ئىشلارغا سېلىشقا باپ دەپ قارايتتى.

دېگەندەك، ئىلمىيار ئۇنىڭ كۈتكىنىدىن ئارتۇق بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ بارلىق «بۇيرۇق»لىرىنى ياق دېمەي ئورۇنداپ كەلدى.

مامۇت موللاق بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلمىيارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشلەيدىغان ۋاقتى تېخىمۇ كۆپ بولدى. ئۇ تۈگىمەس ئىشلار ئالدىدا بىرەر قېتىممۇ غۇدۇرىمىدى، بىرەر كىمگە دەردىمۇ تۆكمىدى...

ئىلمىيار تولدۇرۇپ بىر تىنغاندىن كېيىن، ماي تەپكۈسىگە كۈچەپ دەسسىدى. ئۇنىڭ خىيالى هامان «يانتۇ ساي» مەھەللىسىدە ئىدى. ماشىنا «يانتۇ ساي»غا بارىدىغان ئاچالغا كېلىشكە يۈز مېتىردەك قالغاندا، بىر ئادەم ماشىنىنى توختىتىشنى ئىلتىجا

قىلىپ قولىنى كۆتۈردى، ئېلىيار ھېلىقى ئادەمدىن ئۇتتۇز مېتىردەك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ماشىنىنى قاتتىق تورمۇز قىلدى.

— مېڭىۋەرمەي نېمىشقا توختايسىز؟ — دېدى تۇيۇقسىز جىددىي تورمۇز قىلىشتىن سىلكىنىپ كەتكەن جۇيجاڭ، تېرىككەن ئەلپازدا.

— ماشىنىنى توسقىنى مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۇستازىمكەن، ھېلىقى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار مائارىپچى — ناسىر توختى دېگەن مۇئەللىم شۇ، — دېدى ئېلىيار توختاش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ.

ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بۇ ئادەم ئېلىيارنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى بىلەن ئۆزى ئۇتتۇرىسىدا قىلچە مۇناسىۋەت يوقتەك ئېلىيارغا كايىپ كەتتى:

— سەن بۈگۈن مەن بىلەن قىرىشماقچىمۇ نېمە؟ «مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەندەك...

ئېلىيار ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماي يىلا كابىنكىدىن چۈشتى. ئۇ باشلىق ئالدىدا تۇنجى قېتىم «قاتتىق قولاق» لىق قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇستازىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئېتىقاد تۇيغۇسى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىن غالىپ كەلگەنىدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — سورىدى ئېلىيار مۇئەللىم بىلەن ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھالىتىدىكى نورمالسىزلىقنى كۆرۈپ.

— كونا كېسىلىم يەنە قوزغىلىۋاتىدۇ، — جاۋاب بەردى مۇئەللىم ھاسىراپ.

— بۇ يىلقى سوغۇقنىڭ ئەلپازىغا قاراپ سىزدىن ئەنسىرىگەنىدىم.

— ھەي! بىر بۇنى دېمە، ئۆمرۈمگە كېلىپ بۇنداق قاتتىق سوغۇق بولغىنىنى كۆرمىگەن، كېچىدىن سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغان ئوخشايمەن، ئەتىگەندىن بۇيان پەقەت ئارام بەرمىدى، ئۆيدە دورىمۇ تۈگەپتۇ، ھېچ ئامال يوق، ئاخىرى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ كېلەي، دەپ ئۆيدىن چىقىشىم. ئاچاڭ بىللە باراي دېگەنىدى، سىنىپىنىڭ ئىشلىرى ئاقساپ قالمىسۇن دەپ كەلگىلى قويمىدىم. سېمونت زاۋۇتىدىن بىرەر ماشىنا كەلسە ئولتۇرۇۋالارمەن دەپ تۇراتتىم، ھەر نېمە بولسا سەن كېلىپ قالدىڭ. بول، مېنى تېزراق دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قوي.

— ماقۇل، ماشىنىدا جۇيجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى بار ئىدى، مەن بېرىپ ئەھۋالنى دەي، — دېدى ئېلىيار جىددىيلەشكەن ھالدا ۋە تېز — تېز چامداپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— جۇيجاڭ، ناسىر مۇئەللىمنىڭ ئۆپكە كېسىلى بار ئىدى، شۇ كېسەل قوزغىلىۋېلىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈچۈن ماشىنا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كېسىلى خېلى ئېغىردەك قىلىدۇ. كابىنكىغا تۆت ئادەم سىغمايدۇ، شۇڭا ئېغىر كۆرمەي، ئۆزلىرى كوزۇپقا چىقىۋالغان بولسىلا، ناسىر مۇئەللىمنى ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن كوزۇپقا چىقىرىپ قويساق، بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا بەك قىينىلىپ كېتەرمىكىن.

تولىمۇ بىچارىلەرچە يېلىنىش بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپتىن ناھايىتى «خورلۇق» ھېس قىلغان ماھۇت موللاقنىڭ ئەرۋاھى ئۆرلىدى:

— نېمە؟! سەن مېنى سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلسۇن دېمەكچىمۇ؟ ئېسىڭدە بولسۇن، سوغۇق دېگەن پۇقرا، ئەمەلدار دەپ ئايرىمايدۇ، مۇئەللىمىڭنىڭ ئۆپكە كېسىلى بولسا، مېنىڭ يۈرەك كېسىلىم بار. بۇنداق جاڭ — جاڭ سوغۇقتا مەن قىينالمامدىكەنمەن؟ سېنىڭمۇزە، مۇشۇ كەمدە مۈڭگۈزلۈك

چىقىلى تۇردى.

ئىلىيار جۇيجاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «لەسسىدە» بولۇپ قالدى. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا كارامەت ئۇلۇغۋار ئىبارىلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ ئادەمدىن بۇنداق گەپ چىقار دەپ ئويلىمىغانىدى.

ئىلىيارنىڭ ئادەملىك سالاھىيىتى، شوپۇرلۇق ھوقۇقى قاتتىق خورلۇققا ئۇچرىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق ئىشلارنى لېۋىنى چىشلەش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى، ئۇ ئەمدى چىدىمىدى. ئۇنىڭ روھىدىكى يېتىمىلىك قىسمىتى ئاتا قىلغان ياۋاشلىق پىسخىكىسى ئاللا قايا قىلارغا يوقالدى. ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىسيانكارانە تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ، چىن بولمىسىمۇ، لېكىن تامامەن ساختىمۇ بولمىغان بىر خىل مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئۇ قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرغان بۇ ئادىمى مەخلۇقنىڭ پەزىلەتسىزلىكى، ئىنسابسىزلىقى، ئىنسانپەرۋەرسىزلىكى ئۈستىدىن شىكايەت بومبىسىنى پارتلاتماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئېغىزى گەپكە كەلمەي قالدى. بۇچاغدا ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مامۇت موللاقنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ناسىر مۇئەللىم:

— بولدى، ئىلىيار مېنى كوزۇپقا چىقىرىپ قوي، دوختۇرخانىغا تېزراق يەتكۈزۈپ قويمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى ۋە كېرىلوغا دەسسەپ كوزۇپقا ياماشتى. ئىلىيار ناسىر مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىككى كالپۇكى ئارىسىدا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان شىكايەت بومبىسىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى - دە، مۇئەللىمنى يۆلەپ كوزۇپقا چىقاردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن باشقىلاردا كەم ئۇچرايدىغان چەكسىز ئازاب ئارىلاشقان بىچارىلىقنىڭ ئىپادىلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

مۇئەللىم كوزۇپقا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىلىيار كابىنكا ئىشىكىنى زەردە بىلەن ياپتى - دە، ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى.

ئىلىيار ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان بۇنداق ئازابلىق ھالەتكە دۇچ كەلمىگەنىدى، ئۇ ھاياتلىقتا يۈز بېرىدىغان بارلىق ئازابلارنىڭ مەنبەسى — ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، بىراق، مامۇت موللاققا ئوخشاش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىنسابسىزلىقى ۋە قارا كۆڭۈللۈكىنى بۇ دەرىجىدە تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ئىلىيارنىڭ كۆزى يولدا، قولى رولدا بولسىمۇ، لېكىن، پۈتۈن خىيالى ناسىر مۇئەللىمدە ئىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ھەر قېتىم سىلكىنىشىدىن ئۇستازىنىڭ ئازابلىق ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، يېنىدا ئولتۇرغان ماۋۇ ئىككى مەخلۇقنى چاپىناپ پۇركۈۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ كابىنكىنىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن پات-پات ئۇستازىغا قارايتتى. ناسىر مۇئەللىم پاختىلىق چاپانغا يۆگىلىپ، كوزۇپنىڭ يان تاختىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئىلىيار ماشىنىنى توختىتىپ ئۇستازىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىسى كەلدى، ئەمما، ئۇستازىنىڭ دەۋىتى بويىچە ئۇنى دوختۇرخانىغا بىر مىنۇت بولسىمۇ تېزراق يەتكۈزۈشنى ئويلاپ ماشىنىنى توختاتمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ماشىنا ھەيدەۋاتامدۇ ياكى ماشىنىنىڭ چاقى ئۇنىڭ جىسمىنى مىجىپ تاشلاپ، قەلبىنى ئۆرتەۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. شۇ تاپتا ناسىر مۇئەللىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى دادىسى ھايات ۋاقتىدا سۆزلەپ

بەرگەن ئەسلىمە ساھىلىغا باشلاپ باردى...

ئېلىيارنىڭ دادىسى قادىر زاھىروپ ئەسلى غۇلجىلىق ئادەم بولۇپ، 1965- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئېھتىياجغا ئاساسەن، تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ چەت ناھىيىگە تەقسىم قىلىنىدى. ئۈستىگە توپا قوندۇرماي چوڭ بولغان مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ بۇ خۇش چاقچاق زىيالىيسى ئەينى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا كېتىۋاتقان گۈزەل يۇرتىدىن ئايرىلىپ، كىشىلەر قاتتىق يۆتەلسىمۇ توپا ئۆرلەيدىغان بۇ قاغجىراق يۇرتقا كېلىپ قالغانلىقىغا قىلچىمۇ نارازى بولمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھايات چىرىغىنىڭ مېيى بولغان ساۋاقدىشى پەرھىزەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلىنغانىدى.

ئاجايىپ ئارزۇ ئارمانلار ئىشقىدا بىر-بىرىگە تەلپۈنۈۋاتقان يالقۇنلۇق يۈرەكنىڭ ئىگىلىرى ئاشۇ ئالا-جوقا يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق مەزگىللىرىدە ماشىرەڭ كاچىدىن شىم-چاپان كىيىپ، ئۇزۇندە تۇتۇپ قەسەم بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى «ئەڭ ئىلغار» توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئېلىيار بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ باشلىرىغا تۆھمەت تاشلىرى يېغىۋاتقان، ھەممە ياقنى ئوق ئاۋازى قاپلىغان، يول-كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىنى چوڭ خەتلىك گېزىتلەر ئىگىلىگەن؛ ئادەملەر ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ، ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان ئاللىقانداق مەۋھۇم نەرسىلەرنى تالىشىپ، بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى، قادىر مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە شادلىق ئىلاھى كىرىپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە بىرسى ئۇلارغا «دۇنيادا سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەردىنمۇ بەكرەك خۇشاللىققا تولغان يەنە بىر ئائىلە بار» دېسە ئۇلار قەتئىي ئىشەنمەيتتى.

بۇ ياش ئاتا-ئانىلار ئۆز ئوغلىنىڭ ئوماق كۈلكىسىگە، نەشپۈتتەك چۈرۈك، ئەينۇلدەك چۈچۈك سۆزلىرىگە ئەمەك بولۇش بىلەن زامانىنىڭ بارلىق غەم-غۇسسە ۋە ناھەقچىلىقلىرىنى ئۇنتۇشۇپ، ئېلىيارنىڭ تۆتىنچى باھارىنى كۈتۈۋاتقىنىدا، پەرھىزە تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ھاياتلىق دېڭىزىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ شىددەتلىك بوران ئالدىدا قادىر مۇئەللىم نورمال تەپەككۇرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا تاس قالدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ بوتىلاقتەك قىيغىتىشلىرى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ئاجايىپ مەنىلىك سۇئاللارنى سوراپ ئارام بەرمەسلىكى قاتارلىق مەسۇمانە قىلىقلىرىدىن ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى تېپىپ، ۋۇجۇدىدىكى قايغۇ ئەلەمنى ئازايتىۋاتقاندا، پەقەت ھېمايىچىسى يوق كىشىلەر ئۈچۈنلا چىقىرىلغان «شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش» شامىلى ئاتا-بالا ئىككىسىنى «يانتۇ ساي» كەنتىگە ئۇچۇرۇپ كەلدى. بۇ، ئېلىيارنىڭ ئاق-قارىنى خېلى پەرق ئېتىپ قالغان مەزگىلى ئىدى... ئېلىيار دادىسىدىن ئائىلە قىسسىسىنىڭ يۇقىرىقى پارچىسىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاقاس سەھراغا كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدا، دادىسى چوڭقۇر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، «بۇنى چوڭ بولغاندا بىلىسەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

«يانتۇ ساي»غا كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلار ئېلىيارغا ئايان. قادىر مۇئەللىم دەسلەپ كەنتنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىدى. كېيىن، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ناسىر مۇئەللىمنىڭ يول مېڭىشى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولدى. ئۇ چاغ-

www.uyghurkitap.com



لاردا يېزا مەكتەپلىرىدە بور بولمىغاچقا، ياغاچ كۆمۈرى ۋە سېغىزنى بور ئورنىدا ئىشلىتەتتى. بىر قېتىم قادىر مۇئەللىم بورياساش ئۈچۈن سىڭرتاش ئەكەلمەكچى بولۇپ تاغقا بارغاندا، قىيادىن غۇلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئاتا-ئانىسىز قالغان بۇ يېتىمنى، دادىسىغا ھايات ۋاقتىدا پۈتۈن كەنت بويىچە ھەممىدىن بەك ھۆرمەت قىلىدىغان ناسىر مۇئەللىم بېقىپ چوڭ قىلدى…

ماشىنا كىشىلەر تەرىپىدىن «شەنجاڭلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان، يېڭىدىن بىنا قىلىنغان كادىرلار مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، جۇيجاڭ ماشىنىنى توختىتىشنى ئېيتتى.

— مۇئەللىمنى مۇشۇ يەردە چۈشۈرۈپ قويايلى، ئۇ دوختۇرخانىغا بارغاچ تۇرسۇن. ئاغىنىچە بىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىڭ.

جۇيجاڭنىڭ بۇ يېڭى بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئەلىيارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەمدىلا پەسىيىشكە باشلىغان غەزەپ ئوتى يەنە يالقۇنجاشقا باشلىدى:

— مۇئەللىمنىڭ ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ئادەم ھېسابلىسىڭىز، بۇ قېتىم ماڭا يول قويۇڭ! ئاۋۋال مۇئەللىمنى دوختۇرخانىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — دېدى تەئەددى بىلەن ۋە كابىنىنىڭ دېرىزىسىدىن كوزۇپقا قارىدى، قارىدىيۇ ناسىر مۇئەللىمنىڭ دۈم يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كابىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كوزۇپقا چىقتى، ئۇ مۇئەللىمنى ئوڭدا قىلىپ قۇچىقىغا ئالدى. مۇئەللىمنىڭ بەدىنى ئاللىقاچان قېتىپ قالغانىدى. ئەلىيارنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، پۈتكۈل كائىنات ئۇنىڭغا پىرقىراۋاتقاندەك سېزىلىشكە باشلىدى. ئۇ، خۇ-
دىنى يوقاتتى، ئەسەبلىرى قالايمىقانلاشتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېرۋىسى خۇددى بىر توپ ھەرە كىرىۋالغان قاپاقتەك غوڭۇلداپ كەتتى. ئۇ:

— مۇئەللىم!! — دېگىنىچە يۈزىنى ئۇستازىنىڭ كۆكسىگە قويدى.

بارغانچە كۈچىيىۋاتقان شىۋىرغاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كابىنىكا ئىششىكىنى ئېتىپ، ئەلىياردىن غەزەپلىنىپ ئولتۇرغان مامۇت موللاق ئەلىيارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سەل جىددىيلەشتى-دە، كابىنىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ئەلىيار نېمە بولدى؟ — دېدىيۇ كوزۇپتىكى ھالەتنى كۆرۈپ داڭ قالدى. ئەلىيار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتەردى. ئۇنىڭ ئالدىدا تراگېدىيىنىڭ سەۋەبچىسى مامۇت موللاق تۇراتتى. ئەلىيار ئۇستازىنىڭ بېشىنى يەرگە قويۇپ، كوزۇپتىن سەكرەپ چۈشتى-دە، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ مامۇت موللاقنى تۇرغان يېرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، خۇددى ئەسكى چاپاننى چۆرۈۋەتكەندەك يەرگە پېقىرىتىپ تاشلىدى. ئاندىن بۇ تاسادىپىيلىقتىن مەڭدەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئولتۇرغان سېمىز خوتۇننى كابىنىدىن سۆرەپ چىقاردى-دە، ئۇنىمۇ خۇددى ئېرىگە ئوخشاش يەرگە تاشلىۋەتتى.

ئەتراپقا ئادەملەر يىغىلدى. ئەلىيار ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە ھېچ نېمىگە قارىماي ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى-دە، ئارقىسىغا يانىدۇرۇپ، ھازىر كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قىسقا ئارىلىق ئىچىدە ماشىنىنى يۇقىرى خوتقا يۆتكەپ ماينى كۆچەپ دەسسىدى. ئىنگىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن نورمال تېزلىكىدىن پەۋقۇلئاددە ئېشىپ كەتكەن «ئازاد» ماركىلىق ماشىنىنىڭ تۇرخۇ-

ىدىن ياغرىغان غەزەپلىك سادا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ستولبىلارنى تىترىتىۋەتتى...

× ×

ئىككى ساقچى «يانتۇ ساي» كەنتىنىڭ غەربىدىكى قاپتالغا جايلاشقان زاراتگاھلىققا كەلگەندە، بېلىگە ئاق باغلىۋالغان ئىلمىيار يېڭىدىن قوپۇرۇلغان قەبرە ئالدىدا دۇئا قىلىپ ئولتۇراتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە ساقلاپ تۇردى. ئىلمىيار دۇئانى تۈگەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىگە بىر دەم قاراپ تۇردى ۋە خۇددى ئارقىسىدىن بىرسى ئىتتىرىۋەتكەندەك قەبرىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ قەبرىنى قۇچاقلاپ بىر دەم ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن ئاستا تۇردى - دە، خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگەن پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئىككى ساقچىنى كۆردى.

— ئىلمىيار قادىر دېگەن سەنمۇ؟

— ھەئە، مەن.

ساقچىلار بىر - بىرىگە قارىۋالغاندىن كېيىن، قول سومكىسىدىن تامغا بېسىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئىلمىيارغا كۆرسەتتى.

— سەن قولغا ئېلىندىڭ!

— نېمە؟!- بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىلمىيارنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چاققاندەك بولدى - دە، ئۆزىگە ئۇستىدىن - ئۇستىلەپ كېلىۋاتقان بۇ بالا-قازالاردىن خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى.

— مېنى نېمىشقا قولغا ئالىسىلەر؟ مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟

— نېمىشقا قولغا ئېلىنغانلىقىڭنى كېيىن بىلىسەن، بىز بىلەن ماڭ!...

ئىلمىيار «مامۇت موللاقىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان» لىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، توققۇزىنچى كۈنى سوراق بۆلۈمىگە ئۈچىنچى قېتىم چاقىرىلدى. ئىلمىيار ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سىدىق ياسىن، تىرگاۋ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە سوت مەھكىمىسىدىن كەلگەن خادىملار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىلمىيارنى كۆرۈپ، پاراڭلىرىنى توختاتتى. ئىلمىيارنى ئىلگىرى تونۇيدىغانلار بىر ھەپتە ئىچىدە ئىلمىيارنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن بۇنچە چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى. ئىلمىيار كۆرسىتىلگەن ئورۇندۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىلمىيارغا يادا بولۇپ كەتكەن «ئىلمىيار سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟» دېگەن تەكرار ئىبارە بىلەن سوراق باشلاندى.

— بىلىمەن، مەن جىنايەتچى، مەن ئۆز ئۇستازىمنىڭ توڭلاپ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان جىنايەتچى. مەندە ھەقىقىي ئادەملەردە بولىدىغان ئىنسانىي غۇرۇر، ئوغۇل بالىغا خاس جۈرئەت دېگەن نەرسىلەر يوق. مەن بىر ماشىنىغا ئىگە بولغان شوپۇر تۇرۇقلۇق، مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇستازىمنى ماشىنامنىڭ كابىنكىسىغا سالالمىدىم. بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كىچىكىمدىن باشلاپ ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن ياۋاشلىقىمدىن، باشقىلارنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىغا «لەببەي» دەپ ئۆگىنىپ قالغانلىقىمدىن، قىسقىسى، مامۇت موللاقتىن قورققانلىقىمدىن بولدى. ئەگەر مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان ۋىجدان، غۇرۇر، يۈرەك دېگەن نەرسىلەر بولغان بولسا، مەن ئۇستازىمنى ئاشۇنداق كىبەرلىك ھالەتتە بىلەن، ئادەمنىڭ تۈكلىرىنى مۈلدۈرگە ئايلىنىپ چۈشۈۋاتقان قاتتىق سوغۇقتا

كوزۇپقا چىقىرىپ قويمىغان بولاتتىم. ئۇس-
تازىمنى كابىنكىغا سېلىۋالغان بولسام، ئېھ-
تىمال ئۇ بۇنداق ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتمى-
گەن بولاتتى. مەن دادامنىڭ روھى ۋە نا-
سىر مۇئەللىم تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان
بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەبەدى لە-
نەتكە قالدىم، مېنىڭ جىنايىتىم ھەققەتەن
ئېغىر.

— مامۇت موللاقىنىڭ ئۆلۈمچۇ؟

— مەن ئۇنى كېرىلوغا دەسسەپ تۇرغان
يېرىدىن تارتىپ، يەرگە يىقىتىۋەتكەنلىكىم-
نىلا بىلىمەن. مەن سىلەرگە ئىلگىرىمۇ
ئېيتقان، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى تۈرمىگە
كەلگەندىن كېيىن بىلدىم. مەن ئۇ مۇناپىق-
نى تازا كېلىشتۈرۈپ بىرەر مۇشت ئۇرۇۋال-
مىغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن.

— دەيدىغىنىڭ تۈگىدىمۇ؟

— تۈگىدى.

ئىلىيارنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەت قى-
لىش ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغىنىغا
ئون كۈن بولدى. «سەن قولغا ئېلىندىڭ»
دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ ئۇنىڭ
كاللىسى گاڭگىراشقا باشلىغانىدى. ئۆزى-
نىڭ كەسپىدىن باشقا ئىشلارغا ئانچە دىق-
قەت قىلىپ كەتمەيدىغان، پەقەت باش چۆ-
كۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، دىلى سۇ-
نۇقلۇقى سەۋەبىدىن بەكمۇ ياۋاش چوڭ
بولغان ئىلىيار «تۈرمە»، «ساقچى»، «كوي-
زا» دېگەنلەرنى ئۇچىدا كۆرسىلا ئەمەس،
ھەتتا كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىمۇ ۋۇجۇدى
شۈركىنەتتى. مانا ئەمدى «كىيىك ئۇقسىز-
غا، بالا يوقسۇزغا» دەپ، چۈشىگە كىرىپ
قېلىشتىنمۇ ئەنسىرەيدىغان بۇ قىسمەتلەر
ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ-
نىڭ ئېڭىغا «باشقىلارنىڭ ئۆلۈشىگە سە-
ۋەبچى بولغان ئادەم، چوقۇم قاتتىق جازا-
لىنىدۇ. مەن راستىنلا مامۇت موللاقىنىڭ
قاتىلى بولۇپ قالدىم، ھاياتىم پۈتۈنلەي
تۈگەشتى» دېگەن تۇيغۇ ھۆكۈمران ئىدى.
شۇڭىمۇ ئۇ ئون كۈندىن بۇيان سۆزسىز
ياتاتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى سەل
كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۈچ قېتىملىق سوراق
جەريانىنىڭ ئادەتتىكى پاراڭلىشىشلاردەك
تولىمۇ سىلىق ۋە دەبدەبىسىزلىكى، ساق-
چىلارنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى نورمال ھالەت-
لەر، كامېردىشىنىڭ ئەتراپلىق تەھلىللەر
ئارقىلىق چىقارغان، ئىلىيارنىڭ كۆڭلىنى
ئاۋۇندۇرىدىغان قايىل قىلارلىق يەكۈنلىرى
ئۇنىڭ قالايمىقانلاشقان سەزگۈلىرىنى ئەس-
لىگە كەلتۈرگەنىدى. بولۇپمۇ، تۈنۈگۈنكى
سوراقتا، ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن،
ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئورۇن-
لۇق ھېسابلىغاندەك بىر ــ بىرىگە مەنىلىك
قاراشلىرىدىن، ئىلىيارنىڭ قەلبى نىجاتلىق
نۇرىنى كۆرگەندەك بولغانىدى. بۈگۈن ئۆ-
زىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىل-
غان ئىلىيار، ئون كۈندىن بۇيان تۇنجى
قېتىم كامېردىشىغا بىرىنچى بولۇپ گەپ
قىلدى:

— ئۇستام، سىزنىڭچە ماڭا قانچە يىل-
لىق جازا كېلەر؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس،

مېنىڭچە بولغاندا سېنى قويۇۋېتىشكە تېگىشلىك ...

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، كامېرغا تۈرمە باشلىقى بىلەن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى، مەرھۇم ناسىر مۇئەللىمنىڭ ساۋاقدىشى مەرۇپ پەتتار كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەلىيار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— ئەپەندىم، نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، سىز قويۇپ بېرىلدىڭىز، — دېدى.

— نېمە؟! — دېدى ئەلىيار ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، — مەن راستتىنلا ئاقلاندىممۇ؟

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ بىز سىزنىڭ «مامۇت موللاقىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان» لىق دېلويىڭىزنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردۇق. مامۇت موللاقىنىڭ ئايالى ۋە نەق مەيداندا ئەھۋالنى كۆرگەن گۇۋاھچىلاردىن ئىگىلىگەن پاكىتلار سىزنىڭ مامۇت موللاققا زەخمىلەندۈرۈش خاراكتېردنى ئالغان ھېچقانداق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمىگەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىدى. دوختۇرلار جەسەتنى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈرەك مۇسكۇللىرى تىقىلمىسى كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلىكىنى بېكىتتى. سوت مەھكىمىمىز پاكىتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇندىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن سىزنى «گۇناھسىز» دەپ ھۆكۈم قىلدى، مەن سىزنى ئالغىلى كەلدىم.

ئەلىيار يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بىر مىنۇتتەك داڭ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆز چانىقى يەنە ياشقا تولدى.

بۇ ئۇنىڭ، قانۇننىڭ ئادىللىقىغا بولغان مىننەتدارلىق يىغىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازىنىڭ ئۆز ماشىنىسى ئۈستىدە جان بەرگەنلىكىدىن پەيدا بولغان ۋىجدان ئازابىنىڭ ئۈنسىز ساداسى ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: **تۇرسۇن نىياز**

---

(بېشى 9 - بەتتە)

## ئەدەبىي ماقالىلەر

«خوجا سىددىق فۇتۇھى»، ئابدۇرېھىم سابىت، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986-يىللىق 2-سان.

«قىسقا ھېكايىلەرنىڭ رولى ۋە قىممىتى»، قاۋۇسلقان قامىجان، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989 - يىللىق 4 - سان.

«ئورۇنسىز گۇمانخورلۇق ۋە پەزىلەتسىز يېزىقچىلىق توغرىسىدا»، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 - يىللىق 6 - سان.

## شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

«پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇتۋەتىنى»، نۇر مەھەممەت ئېركى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىللىق 1 - سان.


«ئانا — ۋەتەن»، ھامۇت مەھمۇدى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1984- يىللىق 5- سان.

«شېئىرلار»، ئابدۇرېھىم ئىسمايىل، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986- يىللىق 2 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇخان غوپۇر

# سۆيگۈ ئۆتۈلماس



(ھېكايە)

دوستۇم خۇشتارنىڭ توي قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بەخت تىلەش يۈزىسىدىن ئۆيىگە قاراپ چاپتىم. مەن يېتىپ كەلگەندە، ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئالدىراش يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتۈم ۋە چاقچاق قىلىپ:

— بۇرادەر، تويۇڭدا مېنى يىگىت قولدىشى قىلارسەن، - دېدىم.

— ئەلۋەتتە، - دېدى ئۇمۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، - سېنى يىگىت قولدىشى قىلماي قانداقمۇ توي قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىسۇن!؟

بىز چاقچاقلاردىن كېيىن ئازراقتىن قېقىشۋالدۇق ۋە توي ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كەتتۇق. دوستۇم ئەسلىدە خىزمەتكە چىققان ئىككى يىلدىن بېرى بىرەر قىزغىمۇ تەلەپ قويمىغان، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلەپ قويۇش تەلىپىگىمۇ قوشۇلماي كېلىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا توي قىلماقچى بولغانلىقى دوستلار، ساۋاقداشلاردىن تارتىپ مەھەللە كويىغىچە ئەجەبلەندۈرمەي قويمىدى.

— توينى قاچانغا بېكىتتىڭلار؟ - دېدىم مەن گېپىنىڭ پوسكاللىسىنىلا قىلىپ.

— ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بىمالال.

— نەگە!؟ - چۆچۈپ كەتتىم، - كاللاڭ جايىدىمۇ سېنىڭ!؟ تويۇڭ بولۇۋاتسا، نەگەن ئۇ يولغا چىقىدىغان؟

ئۇ، بۇ گېپىمدىن بىر نەرسىنى سەزدىمۇ قانداق پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئەلۋەتتە توي قىلىدىغان قىزنىڭ يېنىغا بارىمەن - دە، دېدى.

— قايسى قىزنىڭ؟ - سورىدىم چۈشىنەلمەي. ئۇ:

— راست، مەن مۇشۇ كەمگىچە ساڭا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىغان، قاپىقىڭنى تۈرۈۋالما، ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ھەبىبە، — دېدى — دە يېزىدىق ئۈستىلىنىڭ قولۇپلاقلىق تارتمىسىنى ئېچىپ، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك سۇلياۋ مۇقاۋىلىق بىر خاتىرە دەپتەرنى ئالدى ۋە ماڭا سۇنۇپ، — دوستۇم ئادىل بۇ خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى ئاخشام يېزىپ تاماملىدىم. بۇنىڭغا ياشلىقىمدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلەر مۇجەسسەملەشكەن، بۇنى ئوقۇپ قوي، دوستۇڭنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئۇنى چۈشىنىشىڭگە ياردىمى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، شۇندىلا دوستۇڭنىڭ مۇشۇ بەخت ئۈچۈن ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكىنى ھېس قىلىسەن، — دېدى ۋە رومكىنى قايتىدىن ھاراققا تولدۇردى.

خاتىرىنى ئېچىشىم بىلەنلا بىرىنچى بەتتىكى «1983 - يىل 18 - سېنتەبىر» دېگەن سۆزلەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئىككىنچى بەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«بۈگۈن مەكتىپىمىزدە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئېچىلدى. مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئەتراپىمدىكى ئوقۇغۇچىلارغا سەپسالدىم، تۇيۇقسىز كۆزۈم ماڭا يېقىنلا يەردە ئولتۇرغان بىر قىزغا چۈشتى، ئۇ بىر قاراشتىنلا رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلارغا ئوخشايتتى، مەندەك يان تەرەپتە ئولتۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېيىلىپ تۇرغان قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى، ئېلىپتەك قاڭشىرى، ئوقيادەك كىرپىكى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى نامايەن قىلاتتى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيلا قالدىم، مەن ئۇنىڭغا تەلمۈرەتتىم ھەم ماڭا قارىسا ئۇنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان بارلىق گۈزەللىكلىرىنى يۈرىكىمگە سىزدۋېلىشقا ئالدىرايتتىم.

شۇ چاغ ئۇ قىز مېنىڭ خىيالىمنى، يۈرىكىمنى بىلىپ قالغاندەك بىز تەرەپكە — ياق مەن تەرەپكە قارىدى. كۆزلىرىم ئۇنىڭ دېڭىز سۈيىدەك تىنىق كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مەن بۇ تىنىق كۆزلەرگە شۇڭغۇپ ئۆلۈپ كەتسەم رازى ئىدىمكى، بۇ كۆزلەردىن كۆزۈمنى قاچۇرۇشنى ئەسلا خالىمايتتىم. كۆڭلۈمدە تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقىغا قايىل بولدۇم، ئۇنى ياراتقان ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ ئىتتىك كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. مەن شۇندىلا يۈزۈمنىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن بەدىنىمنىڭ توختىماستىن تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھالىتىمنى ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال يەرگە قارىۋالدىم. بارچە كۆزلەر ئالدىغا تىكىلىپ دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسا، مەن رەئىس سەھنىسى يان تەرىپىمگە يۆتكىلىپ قالغاندەك، كۆزۈمنى شۇ ياقتىن ئۈزەلمەيتتىم. ئاللادىن يىغىننىڭ تۈگىمەسلىكىنى تىلەيتتىم. بوۋاق سۈتكە قانمىغانغا ئوخشاش، كۆز ئالدىمدىكى بۇ گۈزەللىككە قاراپ — قاراپ قانمايتتىم. كۆزۈم ھېلى ئۇنىڭ كەھرىۋادەك سۈزۈك بويۇنلىرىغا ئاغسا، ھېلى ئۇنىڭ غۇنچىدەك لەۋلىرىگە ئاغاتتى، گاھى ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ئەتراپىدىكى مەجنۇنتالدەك كىرپىكلىرى ئارىسىدا سەيلە قىلسا، گاھى ئۇنىڭ ئالمىدەك مەڭىزلىرىگە ئۆزىنى ئۇراتتى.

يىغىنمۇ تۈگىدى، مەن تاكى ئۇ قىزلار ياتاق بىناسىغا كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇردۇم. بىر نەچچە كۈنكىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ

كىرمىدى، كۆزلىرىم ھەممىلا يەردىن ئۇنى ئىزلەيتتى، قىرىشقاندەك ئۇمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن ئامال قىلالماي ئاخىرى ئۇنى قىزلار ئاشخانىسى تەرەپتىكى قىزلار تاماققا بارىدىغان يولدا كۈتمەكچى بولدۇم. لېكىن بۇ خىيالىم كاللامغا قانچە تېز كەلگەن بولسا، شۇنچە تېز غايىپ بولدى. ناۋادا سىنىپىمىزدىكى قىزلار مېنىڭ ئاشۇ جايدا تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالسا، گەپتە چېقىپ ئارام بەرمەيتتى. چۈنكى مەندەك يېڭىياچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قىزلار ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇش، يەنە كېلىپ مەقسەتسىزلا تۇرۇش (ئۇلار شۇنداق ئويلايتتى) بىر قاملاشمىغان ئىش ئىدى. مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، پۇرسەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ قاچانغىچە مۇشۇنداق كۈتىدىغانلىقىمنى ئويلىسام تاقەتسىزلىنەتتىم، ئىچىم پۇشاتتى.

ئۆكتەبىر بايرىمى يېتىپ كەلدى. «1- ئۆكتەبىر» مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ كۈن ماڭا بەخت ئاتا قىلدى. شۇ كۈنى بىز سىنىپتا بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردۇق. ھەممىمىز يېڭى ستودېنتلار بولغاچقا، ئارىمىزدا تونۇش بولمىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز ئىدۇق. كۆڭلۈم پاراكەندە بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ئولتۇرۇش تېخى باشلانماي تۇرۇپلا زېرىككىلى باشلىدىم. بىر چاغلاردا سىنىپقا «ق» ۋىلايەتلىك ساۋاقدىشىم پەرھاتنىڭ يۇرتلۇقلىرى كىرىپ كەلدى. كىرگەنلەر ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز ئىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا كىرىپ كەلگەن زىلۋا بويلۇق قىزنى كۆرۈپلا داڭ قېتىپ قالدىم. ئۇ مەن كېچە - كۈندۈز كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار ساۋاقداشلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىشىكتىن كىرگەندە سول تەرەپتىكى تام يېنىدا قاتار تىزىلغان ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن بولسام ئوڭ تەرەپتە، يەنە شۇ قىزغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇراتتىم. مەن قايەرگە قارىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. بىردىنلا ئۈنئالغۇدىن رومبا مۇزىكىسى ياڭراشقا باشلىدى. مەن بارلىق بىسەرەمجانلىقلىرىمنى يېڭىپ، بارلىق كۈچۈمنى ئىككى پۇتۇمغا يىغىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. قىزنىڭ ئالدىغا قانداقلارچە بارغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئاخىرى يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ماڭا «لاپ» قىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. بىز ناھايىتى لەرزان ھەرىكەتلەر بىلەن تانسا ئويناشقا باشلىدۇق. ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك بېلىنى، بۇلۇتتەك يۇمشاق، ئاپئاق قولىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىم بەك تىترەپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ تولىمۇ بوش ۋە يېقىملىق ئاۋازدا:

— جىددىيلەشمەڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى.

بىز مەيداننى بىر نەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، مەنمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزۈمگە كېلىشكە باشلىدىم ۋە ئەتراپىمغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلدىم ھەم قىزغا قاراپ، ئىسمىنى، قايسى پاكۇلتېتتا ئوقۇيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ئىسمىنىڭ ھەبىبە ئىكەنلىكىنى، فىزىكا فاكۇلتېتى 80- يىللىق 1- سىنىپتا ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدىم. شۇ كۈنى بىز ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە مەرتەم تانسا ئوينىدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە مەنمۇ فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيدىغان بولدۇم. شۇ جەرياندا ھەبىبە بىلەن خېلى ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنى نەدە كۆرسە «ئۇكام خۇشتار...» دەپلا

سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ شۇنچە گۈزەل بولغىـ
نى يەتمىگەندەك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنچە
شوخ ۋە خۇشخۇي ئىدى. مەغرۇرلۇقتىن ئەـ
سەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ مېنى ئۆزىنى «ھەدە»
دېيىشكە قىستايتتى، مەن بولسام ئۇنى ھەـ
دىمۇ دېمەيتتىم ھەم قارشىمۇ تۇرمايتتىم.
قىشلىق تەتىلگە يېقىن قالغاندا ئۇلارنى
بىراق بىر ناھىيىگە پراكتىكىغا ئېلىپ
كەتتى. بۇ بىر يېرىم ئاينى ئۆتكۈزۈش ماڭا
تولىمۇ تەسكە توختىدى. ئۇ بىر دەقىقىمۇ
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئەمما بېرىپ
كۆرۈشۈپ كېلىشكە ۋاقىت تېخى يار بەرـ
مەيتتى. كۈنلىرىم سېغىنىش ـ ئازاب، ھىجـ
ران ئىلكىدە بىر كۈن بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ
ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەڭ ئازاب بولغىنى شۇ بولـ
دىكى ئۇ ماڭا بىر پارچىمۇ خەت يازمايۋاتاتتى.
مەن يازاي دېسەم ئۇلارنىڭ «X» ناھىيـ
سىنىڭ قايسى مەكتىپىدە پراكتىكا قىلىۋاتقانـ
لىقىنى بىلمەيتتىم ھەم جۈرئەتمۇ قىلالمايتتىم.

زارىقىپ كۈتۈپ بىر يېرىم ئاينى ئۆتـ
كۈزدۈم، ئۇ ئاخىرى قايتىپ كەلدى، مەن
سۆيگۈنۈم قايتىپ كەلگەندەك تېرەمگە سىغـ
ماي قالدىم، بىز خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشـ
تۇق، مەنمۇ ئۇنىڭدىن نېمىشقا خەت يازمىـ
غانلىقىنى سورىمىدىم، ئۇمۇ بۇ توغرۇلۇق
گەپ قىلمىدى. مەن مۇشۇ بىر يېرىم ئاي
مابەينىدە، ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالـ
غانلىقىمنى، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭسىز بىر مىنۇتـ
مۇ ياشىيالمايدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس
قىلدىم. ئىككىمىزنىڭ يۇرتىنىڭ يىراقلىقى،
ئۇنىڭ مەندىن ئىككى يىل بۇرۇن ئوقۇش
پۈتتۈرىدىغانلىقى بولسا، ئۇخلاپ چۈشۈمگىـ
مۇ كىرمەيتتى. كۆڭلۈمدە بۇ ئىشنىڭ پەقەت
ئۆزۈمدە كەلگۈسى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش
جۈرئىتى بولسىلا، ئەمەلگە ئېشىشىدا گەپ
يوقلۇقى ھۆكۈمران ئىدى. مەن بۇ بەختتىن
مەھرۇم قېلىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتىم. بۇ
ماڭا خۇددى تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنگە باراـ
ۋەر ئىدى. شۇڭا كەلگۈسۈم توغرۇلۇق توغرا
ھۆكۈم چىقارغان بىر ياش سۈپىتىدە قەلـ
بىم تۆرىگە بىرچىكىت قويۇپ قويدۇم. ئاڭـ
غىچە مەۋسۇملۇق ئىمتىھان باشلىنىپ كەتتى...

ئىمتىھانمۇ ئاخىرلاشتى. ئەتە يولغا چىـ
قىمىز دېگەن كۈنى كەچتە مەن ئۇنى ياتىقىـ
دىن تەستە تېپىپ، ئۇنىڭغا:

— بىردەم سىرتنى ئايلىنىپ كىرسەك قاـ
داق؟ ـ دېدىم. ئۇ سۆزسىزلا قوشۇلدى.
بىز مەكتەپنىڭ يان تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىـ
دىغان تۈمەن دەرياسى بويىغا چىقتۇق. دەرـ
يا سۈيى ئۈستىنى بىر قەۋەت قېلىن مۇز
قاپلىغان بولۇپ، مۇزنىڭ ئاستىدىن سۇنىڭ
«شىلدىر ـ شىلدىر» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىـ
نىپ تۇراتتى، بۇ سۇنىڭ قەلب ئىزھارى
بولسا كېرەك. ئايىغىمىزدا ئىككى كۈن ئىلـ
گىرى ياغقان قېلىن قار غاچىلداپ، ئۆزىـ
نىڭ تەبىئەت قوينىغا يېڭىدىن كەلگەن مېھـ
مان ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بىز
ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ بارىمىز، ھەبىبە پاتـ
پات ماڭا قاراپ، «نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟»
دەۋاتقاندەك كۈلۈپ قوياتتى، مەن بولسام
قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كېتىۋاتاتتىم. ئوـ
ڭايسىزلىنىشلىرىم ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇنى ياخشى
كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتـ
قاندەك، نەچچە كۈندىن بېرى تىزغان سۆزـ
لىرىم قاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كەتكەندەك دېيـ
دىغان گەپلىرىمنى تاپالمايۋاتاتتىم. قاـ
راڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، گېپىمنى تېزراق
باشلىمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلـ
دىم. تۇيۇقسىز قەدەملىرىم ئۇيۇپ قالغانـ
دەك توختاپ قالدىم، ھەبىبەمۇ توختىدى ۋە
ماڭا تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. شۇندىلا
ئۆزۈمنىڭ يىغلاپ تاشلىغانلىقىمنى سەزدىم،

شۇ دەرىجىدە غەيرەتسىز ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ ئۆزۈمگە نەچچە مىڭ كايىدىم. كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز ئېقىشقا باشلىدى. بولالمىدىم ـ دە، يېنىمدىكى قېرى سۆگەتنى قۇچاقلاپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم. ھەممىسى نېمە قىلاردىنى بىلمەي ئاۋارە ئىدى. ئۇ بىردەم نېمە بولغانلىقىمنى سورىسا، بىر دەم «يىگىت بولۇپ قالغاندىمۇ يىغلامسىز» دەپ بەزلەيتتى. ئانامدىن تۇغۇلۇپ، ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم يىغلىشىم ئىدى. مەن خېلى ئۇزۇندا يىغىدىن توختىدىم ۋە ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بىلدىمكى، مېنى بىر نەچچە ئايدىن بۇيانقى تىت-تىتلىق، جۈرئەتسىزلىك ۋە ئىزتىراپ يىغلاتقانىدى. ھەممىسى ماڭا قاراپ «ئەخمەق بالا» دېگىنىچە پىسىڭگىدە كۈلدى. مەنمۇ كۈلدۈم. بىردىنلا ئىككىمىز «قاھ ـ قاھ» لاپ شۇنداق كۈلدۇقكى، ئىنىسى-جىنىمۇ قالمىغان دەريا بويىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتۇق، ھەممىنى ئۇنۇتتۇق، بۇرۇنقىدەكلا چاقچاق قىلىشىپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، تولۇن ئاي نۇرىنى كېچە قاراڭغۇلۇقىغا سېپىشكە باشلىغاندىلا قايتىپ كىردۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا كۈلۈپ كەتتى، ئاشۇ كۈلكە··· بۇ كۈلكە مەيلى زاڭلىق قىلىشتىن بولسۇن، مەيلى خۇشال بولۇشتىن بولسۇن شۇنچە ساپ، شۇنچە جاراڭلىق ئىدى. بۇ كۈلكە جېنىمنى ئېلىپ جاڭگاللاردا قوياتتى، سېنى تىلىدىن ئايرىپ سۆزلەتمەيتتى، ئەقلىڭدىن ئايرىپ ساراڭ قىلاتتى. بىراق مەن مۇشۇ كۈلكىگە مەستانە ئىدىم، مۇشۇ كۈلكىنى، مۇشۇ كۈلكە ئىگىسىنى قەلبىم تۆرىدە ساقلايتتىم.

ئۇزۇن يولدا ماڭا شېرىن ئەسلىمە ھەمراھ بولدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قىشلىق تەتىلنى ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كەلدىم. كېلىپلا ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلاتتى، مېنى «ئوكام خۇشتار»، «ئەخمەق بالا» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ناھايىتى تاتلىق ئاتايتتى. «ئەخمەق بالا» دېگەن ئىسمىنى ئۇ ھېلىقى ئىشتىن كېيىن قويۇۋالغانىدى، مەنمۇ خۇددى دادام قويغان ئىسىمدەكلا كۆنۈپ كەتتىم. شۇندىن كېيىن مەن ئېغىزىمنى ئېچىپ بىر نەرسە دېيەلمەي، ئۇ كۈلكىسى بىلەن ئەقلىمنى لال قىلىپ، ئاغزىمنى ئاچۇرماي بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا بىز پەقەت يۇرتىمىز، ساۋاقداشلىرىمىز ۋە ئائىلە ئەھۋالىمىز توغرۇلۇقلا سۆزلىشەتتۇق. مەن ئۇنىڭ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، «ئا» ۋىلايەتلىك بىر يىگىتنىڭ تەلىپىگە ھازىرغىچە قوشۇلماي كېلىۋاتقانلىقىنى ساۋاقداشلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ بىلىۋالدىم. ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مەۋسۇم بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى ئالدىراش ئىلمىي ماقالە يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدىم. ئاخىرقى بىر ئاي ئىلمىي ماقالىلەرنى دېسسىرتاتسىيە قىلىش ۋە تەقسىمات ئىشلىرى بىلەن ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ مېنى ۋاقىت تاپسىلا ئىزدەپ كېلەتتى. بىز ئادەتتىكى ئىشلار توغرۇلۇقلا سۆزلىشەتتۇق، دوستلۇقىمىز بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىشىۋاتاتتى، ۋاقىت ئاز قالغانچە مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن قالغانىدى. مەن بۇ كۈنى ئەتىگەندىلا شەھەرگە چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ ئويىچىلا بىر زۇننار سېتىۋالدىم. گەرچە بۇ زۇننار ئانچە قىممەت بولمىسىمۇ، خېلى چىرايلىق ئىدى. لېكىن ھەممىسىگە يارىشىش ـ ياراشماسلىقىغا بىر نەرسە دېيەلـ

مەيتتىم. «ئەتە ئايرىلىمىزغۇ» دېگەنلەرنى ئويلىسام يۈرىكىم ئاغاتتى، يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئاغرىغاندەك بولاتتى. مەن چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ھەبىبەنى ئۇچراتتىم ھەم ئۇنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىرگە بولساق گېپىمىز تۈگىمەيدىغان، تولا كۈلۈپ ئاغزىمىز يۇمۇلمايدىغان بۇ ئىككىمىز، بۈگۈن نېمە دېيىشىشىمىزنى بىلمەيتتۇق، ھەبىبە تۇرۇپ-تۇرۇپ ماڭا قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. گېلىمدىن زادىلا تاماق ئۆتمىدى، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭمۇ تامىقىنىڭ شۇ پېتىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم...

ئاشخانىدىن چىقتۇق. ھەبىبەنىڭ تەلىپى بويىچە ئاخىرقى قېتىم بىر مەيدان كىنو كۆرمەكچى بولدۇق، كىنو ناھايىتى تەستە تۈگىدى. بىز مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا تۈمەن بويىغا تۆۋەنلىدۇق. دەريا بويى بۈك-باراقسان ئورمانلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئەمدىلا ئۇپۇققا باش قويغان قۇياش نۇرى ئەتراپنى تولىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. سۈپ-سۈزۈك دەريا سۈيى كۆۋەجەپ ئېقىپ تۇراتتى. دەريا بويىنى ئۇزاق ئايلاندۇق ۋە بىر ھازادىن كېيىن بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق، بۇنى «قارىشىش» دېگەندىن كۆرە «تەلمۈرۈش» دېگەن تۈزۈك ئىدى. شۇنداق تەلمۈرۈش بىلەن قانچىلىك تۇرغانلىقىمىزنى ئەسلىيەلمەيمەن. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي تۇرۇپ، يانچۇقۇمدىن زۇننارنى چىقاردىم ۋە ئۇنىڭغا سۇندۇم، ئۇ بولسا قىمىر قىلماي تۇراتتى. كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى. مەن غەيرەتكە كېلىپ ئىككى قولۇمنى ئۇنىڭ ئىگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئاستىدىن زۇننارنى

ئېسىپ قويدۇم. ئۇ قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمىدى. قولۇمنى ئەمدىلا تارتىۋاتاي دەپ تۇراتتىم، كۈتمىگەندە ھەبىبە ئۆزىنى مېنىڭ باغرىمغا ئاتتى ۋە بوينۇمنى قۇچاقلاپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلىدىم، كۆزلىرىمدىن ياشلار قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىدى، مەن بولسام ئۈنسىز ياش تۆكەتتىم. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ ئۆزۈمگە قاراتتىم، لەۋلىرىم ئۇنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى بىلەن چاپلاشتى. كۆز ياشلىرىمىز قوشۇلۇپ كەتتى. بىز شۇنچە چىڭ ۋە قاتتىق سۆيۈشتۇقكى، شۇ سۆيۈشۈش بىلەن يۈرىكىمىزگە ئۆچمەس سۆيگۈ تامغىسى بېسىشتۇق. ھېچ قايسىمىز «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايتتۇق. پەقەت يۈرىكىمىزلا تىل بىلەن ئىپادىلەش ئارتۇقلۇق قىلىدىغان بۇ سۆزنى توختىماي پىچىرلايتتى. شۇ سۆزنىڭ قاچانغىچە داۋاملاشقانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن، ئېھتىمال ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشقاندۇ. لېكىن بىز ھېچ قېنىشقاندەك ھېس قىلمايتتۇق، بىر-بىرىمىزنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدۇق، مەن بۇ لەززەتنىڭ بىر ئەسىر، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق داۋاملىشىشىنى خالايتتىم. ئەپسۇس، ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى، ھەبىبە بىردىنلا باغرىمدىن يۇلقۇنۇپ ئاجرىدى-دە، يىغلىغان پېتى مەكتەپ تەرەپكە قاراپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن تۇرۇپلا قالدىم، كۆز ياشلىرىم ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يىغلايتتىم، تەقدىرنىڭ بۇ قىسمەتلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم، يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئېسىمگە كەل-

uyghurkitap.com



سەم ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلاپتۇ. نېمىشقىدۇر بۈگۈن ئاسماندا تولۇن ئاي كۆرۈنمەيتتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە بىز خوشلاشتۇق. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم، بۇ چىرايلىق كۆزلەر يىغىدىن قىزارغان، ئىششىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ كېچىچە يىغلاپ چىققانلىقىنى پەملىدىم. گەپنى قانداق باشلاشنى، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. ئارىمىزدىكى جىملىقنى ھەببە بۇزدى. ئۇ ئارانلا: «ئۇۋۇكام خوشتار، ھەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دېيەلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىققانتى. بىز ئايرىلدۇق، ئازاب ئىچىدە ئايرىلدۇق...

يازلىق تەتىلمۇ ئاخىرلاشتى. مېنىڭ مەكتەپكە بېرىشقا بۇرۇنقىدەك رايىم بارمايتتى، ئىككى يىلنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام كېسەل يېتىپ قاپتۇ، ئانام كېسەل كۈتۈش بىلەن پايىپېتەك ئىدى. دادام يەتمىشتىن ئاشقان ئادەم بولغاچقا، ئەجەل ھەر تەرەپتىن چاڭگال سالماقتا ئىدى. ئىككى ھەدەم ئاللىقاچان ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەچكە، ئۆيدە مەندىن باشقا بالا يوق ئىدى. مەن بىرلا ئوغۇل ئىدىم، ئۆيدىكىلەر مېنى مېڭىشقا زورلايتتى، مەن بولسام دادامنى بۇ ھالدا تاشلاپ كېتىشكە قىيمايتتىم. بەختكە يارىشا ماڭارغا ئىككى كۈن قالغاندا دادام خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم ۋە يولغا چىقتىم، مەكتەپكىمۇ كەلدىم، ئەمما مەكتەپ ماڭا بۇرۇنقىدەك ئىللىق تۇيۇلمايتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە كېچە - كۈندۈز ھەببەنىڭ خېتىنى كۈتۈۋاتاتتىم. كۈتە - كۈتە ئىككى ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئامالسىز پەرھاتتىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى سورىدىم ھەمدە ھەببەنىڭ ۋىلايەتتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇم. مەن دەرھال قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىشقا تۇتۇندۇم. خەتنى سېلىۋېتىپ، جاۋابىنى كۈتتۈم، جاۋاب كەلمىدى. «خەت تەگمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئارقا - ئارقىدىن زاكاس خەت سالدىم. يا جاۋاب يوق يا خەت قايتىپ كەلمىدى. بۇنىڭدىن خېتىمنىڭ تەگكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. نېمە ئۈچۈن خەت يازمايدىغانلىقىنىڭ تېگىگە ھەر قانچە ئويلىساممۇ يېتەلمەيتتىم.

قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە يېتىپ بېرىپلا دادامنىڭ مەن كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن قازا قىلغانلىقىنى بىلىپ يىغلىدىم، قاقشىدىم، ئاخىرى ئۆزۈمگە - ئۆزۈم تەسەللى بەردىم. قىسمەتلىرىمگە تەن بەرمەكتىن باشقا چارە تاپالمىدىم. ئانام بىچارە تىكەندەكلا يالغۇز قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھاياتنىڭ ئەڭ ئاداققى نۇرلىرى پىلدىرلاپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئانامدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. تەتىل ۋاقتىمۇ توشتى، ئامالسىز ئانامغا تىنچلىق تىلەپ يولغا چىقتىم. ئەمدىكى كۈنلىرىم قايغۇ ئىچىدە ئۆتىدىغان بولدى. پات - پات ئىككى - تۆت سەر قېقىمۇ بىلىپ كۆڭلۈمنى كۆتۈرمەكچى بولاتتىم. ھەببەگە خەت يېزىشنى بولسا توختاتمىدىم، ئۇنىڭدىن خەت كەلمىگەنسېرى جىلە بولاتتىم. قىزلارنىڭ نازلىرى ۋە مۇھەببەتلىك قاراشلىرىغا پەرۋا قىلمايتتىم، ئۇلار بولسا كۆڭلۈمنى ئوۋلاشقا ئۇرۇناتتى. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى باشقا نېمە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىم، قاپقارا بۇدرە چاچلىرىم، يوغان قوي كۆزلىرىم، قويۇق قاشلىرىم، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىم، ئەمدىلا خەت تارتقان، يىگىتلەرگە خاس چىرايلىق بۇرۇتۇم ئىدى. مەن ھىجراندىن تولغۇناتتىم، ۋىسالغا تەلپۈنەتتىم...

ئۇنى - بۇنى قىلىپ، بىزنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر ماۋسۇممىز قالدى. ئانام ئالدىنقى ماۋسۇمدا قازا قىلدى. ئاتا - ئانامنىڭ مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقىنى ئۈچۈن ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن ئۆز - ئۆزۈمگە ئېچىناتتىم. يۇرتۇمدا تارتىشقۇدەك ئادىمىم قالمىغاندىن كېيىن، نېمىلا بولمىسۇن خىزمىتىمنى «ق» ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلدۇرۇپ، قالغان بەختسىزلىكلىرىمنى شۇ يەردىن ئىزدىمەكچى بولدۇم. شۇ ئويلارنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. كونۋېرتقا پەقەت مېنىڭلا ئادرېسىم يېزىلغان بولۇپ، خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى يېزىلمىغانىدى. مەن ئارىسالدى بولۇپراق خەتنى ئاچتىم، خەت پەقەت بىر بەتلا بولۇپ، كۆز يۈگۈرتتۈم-يۇ، پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ كەتتى. خەتتىكى «ئۇكام خۇشتار» دەپ باشلانغان قۇرلار كۆز ئالدىمدا ھەممىنى نامايەن قىلغانىدى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ خەتنى ئوقۇيالماي قالدىم. پەقەت ئاخىرقى قۇرلاردىكى:

« ... مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، مەن سىزنى بەختلىك قىلالمايمەن، سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەن توي قىلدىم، ھازىر پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدا تۇرىمەن، ئاز كۈندىن كېيىن مېنىڭ بۇدرۇقچىنە بالام بولىدۇ » دېگەن سۆزلەرگە كۆزۈم چۈشتى.

« ۋۇ نومۇسسىز! » دەپ تاشلىغىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. شۇندىلا « ق » ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىنىش ئويۇمدىن ۋاز كېچىپ، يۇرتۇمغا قايتتىم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەرجىمان بولۇپ ئورۇنلاشتىم. ئەمدىكى كۈنلىرىم بىرخىل رىتىمدا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ مېنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دوستلىرىمدىن ئاڭلاپ، «يەنە ئازراق تۇرۇۋالاي» دەپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدىم. خىزمەتكە چىققىلى ئىككى يىل بولغاندا ساۋاقدىشىم پەرھاتتىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ كېلىپ، ھەبىبە بىلەن بىر مەكتەپتە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەبىبەنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ ئىككى ياشلىق ئوغلى بىلەن تۇل ئۆتۈۋاتقانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپتۇ (چۈنكى ئۇ، مەكتەپتىكى چاغلاردا ھەبىبە بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېقىن ئۆتىدىغانلىقىمىزنى بىلەتتى). مېنىڭ ئۆچۈشكە باشلىغان سۆيگۈ گۈلخانىم قايتىدىن يالقۇنجاشقا باشلىدى. قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندىم ۋە ئاخىرى ئۇنىڭغا بىرپارچە سۆيگۈ مەكتۇبى يوللىدىم ھەم تاقەتسىزلىك بىلەن جاۋاب كۈتۈشكە باشلىدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي تەقەززا بولۇپ كۈتكەن خېتىمۇ كەلدى، مەن تەشنالىقىمنى باسالماي خەتنى ئالدىراپ ئاچتىم. خەت ناھايىتى ئۇزۇن يېزىلغان بولۇپ، مۇنداق باشلانغانىدى:

« سۆيۈملۈكۈم خۇشتار ( مۇندىن كېيىن سىزنى شۇنداق ئاتايمەن ) تۆت يىلدىن بېرى يازغان تالاي خەتلىرىڭىزگە بۈگۈن جاۋاب يېزىش قارارىغا كەلدىم، مېنى كەچۈرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت. مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشال، راستىنى ئېيتسام كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ رېئاللىق مېنى مەست قىلدى، مەن بۇ شادلىقنى نېمە بىلەن ئىپادىلەشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مۇشۇ مىنۇتلاردا سىز يېنىمدا بولغان بولسىڭىز قانداق ياخشى بولاتتىكىن !؟ بۇ خۇشاللىق ماڭا تۆت يىللىق دەرد-ئەلەمنى پۈتۈنلەي

ئۇنتۇلدۇردى. ۋىسال ئارزۇلىرىم بۈگۈن بۆككىدە چېچەكلىدى، ئىشىنىڭ، ئۇنىڭ ئەتىلا ئوتقاشتەك تاۋلىنىشىدا گەپ يوق. ئوغلۇم نىجات تېخى ھازىرلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ سۆيگىنىگە تۆت يىلدىن بېرىقى ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىمگە پۇرسەت ھازىرلاپ بەرگەنىدەك قىلاتتى.

سۆيۈملۈكۈم، نېمە دېسەم بولار؟ بۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى يەنىلا باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ دادام مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر زاۋۇتتا خىزمەت قىلىدىغان ئادەتتىكى كادىر، ئاپام ئائىلە ئايالى ئىدى. ئۆيىمىزدە ئۈچىلا قىز بولۇپ، ئوغۇل يوق ئىدى، مەن بالىلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى ئىدىم، دادام كادىر بولغىنىغا قارىماي ناھايىتى قارا قورساق، زالىم ئادەم ئىدى. ئاپام دادامنىڭ گېپىنى ھەرگىزمۇ يېرالمايتتى. بىزمۇ دادامدىن بەك قورقاتتۇق، دادامنىڭ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇ ئادەم پات - پات بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، دادام بىلەن بولۇشىغا ھاراق ئىچەتتى. دادام تۇرمۇشىمىزنىڭ قىيىندا ئۆتكىنىگە قارىماي، ئالغان مائاشىنىڭ يېرىمىنى ھاراق ئىچىپ تۈگىتەتتى، ئۇ ئاغىنىسىنىڭ كۈنى بولسا بىزنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ نادىر ئىسىملىك تولىمۇ ئەركە بىر ئوغلى بولۇپ، مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇ ئادەم ھەر قېتىم كەلگەنىدە مېنى «كېلىنىم» دەپ تۇرۇۋالاتتى ھەمدە دادامغا: «مۇشۇ قىزىڭنى نادىرغا ئېلىپ بېرىمەن» دەيتتى، داداممۇ: «سەندىن قىز ئايىتتىممۇ» دەپ بىر - بىرى بىلەن ئىنتايىن بىمەنە چاقچاق قىلىشاتتى. مەن بۇ چاقچاقلارنىڭ راستقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى خىيال قىلمىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەنمەن. بۇنى ئىنىستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغدا، يەنى تۆتىنچى يىلى ئۇقتۇم. دادام بىر پارچە خېتىدە ئۆزلىرىنىڭ نادىرلارغا ماقۇل جاۋابىنى بېرىپ بولغانلىقىنى، بۇنىڭدا مېنىڭ رايىمغا بېقىش - باقماسلىقنىڭ ئانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى، نادىرنىڭ ھازىر چوڭ سودىگەر بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ مېنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ھەققىدە ئويلىماساممۇ بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىپتۇ. مەن بۇ خەتنى ئوقۇپ نەچچە كېچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيتتىم، كۆڭلۈمدە مېنىڭ رايىمنى بىر تىيىنغا ئالمىغان دادامغا نەپرەتلىنەتتىم. سىزنى ۋە ئۆزۈمنى ئابۇت قىلىۋاتقانلىقىمغا ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈنەتتىم. سىزنى بولسا سىز مېنى ياخشى كۆرگەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم، ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى خۇشخۇي كۆرسىتىشكە تىرىشاتتىم، سىزنىڭ نېمە قىلماقچى ۋە نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى يۈرىكىم تۇيۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئاۋۋال نېمىلا بولمىسۇن سىزنى ئۆزۈمدىن يىراق قىلىش قارارىغا كەلدىم. بۇنىڭغا بىر يېرىم ئايلىق پراكتىكا ۋاقتىنى تاللىۋالدىم. مەن «خەت يازمىسام ئۇنىڭ مۇئامىلىسىنى سۇسلاشتۇرالايمەن» دەپ ئويلىغانىدىم. شۇ چاغدا ناھايىتى خاتا ئويلىغانىكەنمەن. كۈتمىگەندە سىزنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى يېنىدا پراكتىكىدىن قايتقان ئاپتوبۇسقا تەلمۈرۈپ، مېنى ئىزلەۋاتقانلىقىڭىزنى كۆردۈم ۋە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئاپتوبۇستىن ئالدىراپ چۈشۈپ ئالدىڭىزغا باردىم. بىز ئادەتتىكىچە سالاملاشتۇق.

بىراق، پاختىنىڭ ئىچىدە چوغنى ساقلىم-

غەلبى بولمىغانىدەك مەن كۈتكەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى: مېنىڭ كۆڭلۈم سىز مېنى سەيلىگە تەكلىپ قىلغانىدىلا بىر نەرسىنى تۇيغانىدى. سىز پۈتكۈل سەيلە جەريانىدا ئۇ سۆزنى ئاغزىڭىزدىن چىقىرالمىدىڭىز، مەن خىيالىڭىزنى بۆلۈشكە تىرىشتىم. سىز تۇيۇقسىز توختاپ قالدىڭىز، مەن كۆزلىرىڭىزگە قاراپ، كىرپىكلىرىڭىزنىڭ نەمدەلگەنلىكىنى كۆردۈم. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەزالىرىم تىترەپ، پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى. سىز يىغلاپ تاشلىدىڭىز، شۇنچىلىك يىغلىدىڭىزكى، كۆز ياشلىرىڭىز پۈتۈن كائىناتنى تەسىرلەندۈرۈپ، تىمتاسلىقنى چۆمدۈردى، يۇلتۇزلارمۇ جىمىرلاشلىرىنى توختىتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمىگەنىدەك «كۆزلىرىنى» چىمچىقلىتىپلا قالدى، ئۇلار مېنى ئەيىبلەۋاتاتتى. مەندە نېمە چارە، مەنمۇ يۈرىكىمدە يىغلىدىم، كۆز ياشلىرىڭىز سىزنىڭ يۈز - كۆزلىرىڭىزنى نەملىگەن بولسا، مېنىڭ ئىچىمنى سىيرىۋەتتى. شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدىم. ئەمدى «ئۇنتۇش» دېگەنلەرنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمايتتىم. شۇڭا سىز بىلەن قېرىنداشلارچە ئارىلىشىشنىلا لايىق تاپتىم. بىز ئەڭ ئاخىرقى كۈنگىچە شۇنداق ئارىلاشتۇق، بۇ جەريانىدا ئازابلىرىم بارغانچە ئېشىپ باردى، مەن ئەسلىدە سىزنىڭ مېنى ئۆز قېرىندىشىدەك ياخشى كۆرىدىغان تەسىراتتا قېلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن چىدىيالمىدىم. سىز زۇنۇنارنى ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن قولىڭىزنى ئۇزاتسىڭىزمۇ ئاران تۇراتتىم. شۇ سۆيۈشۈش ماڭا ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ قىممىتىنى تونۇتتى، شۇ سۆيگۈنىڭ لەززەتلىرى تا ھازىرغىچە لەۋلىرىمدە ساقلانماقتا. بىراق، مەن بۇ سۆيگۈ ئۈچۈن قۇربان بېرەلمىدىم، چۈنكى دادامنىڭ تەھدىت چىقىپ تۇرغان خەتلىرى پات-پاتلا كېلىپ، ئارامىمنى قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ياشانغان ئاتا-ئانىڭىز بار ئىدى، سىز ئۇلارنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئىدىڭىز، ئەڭ يامىنى سىز مەندىن ئىككى يىل كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرەتتىڭىز، مەن سىزنى ھەرگىزمۇ ئىككى يىل ساقلاپ تۇرالمايتتىم.

بىز ئايرىلدۇق، بۇ ئايرىلىشنىڭ ئەبەدىي ئايرىلىش ئىكەنلىكى پەقەت ماڭىلا ئايان ئىدى، سىز بولسىڭىز ئۇنداق ئويلىمايتتىڭىز. شۇنداق، بىز ئايرىلدۇق، مەن يۇرتۇمغا قايتىپ، خىزمەتكە چۈشۈپ تېخى ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ھېلىقى نادىرنىڭ گېپى چىققىلى تۇردى. دادامنىڭ زورى بىلەن نادىر بىلەن توي قىلدىم، شۇندىلا ئۇنىڭ ناھايىتى پۇلخۇمار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ خۇددى پۇلدا تام سالماقچى بولغانىدەك، پۇل تېپىشتىن باشقىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، بارا - بارا ئۇنىڭ خىلمۇخىل خۇيلىرى چىققىلى تۇردى. ئۆيگە غەرق مەست كېلەتتى، مېنى ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللايتتى، مەن بولسام لام - جىم دېمەيتتىم. كېيىنچە ئۇ مەندىن ئۆيگە كىملەرنىڭ كىرىپ چىقىدىغانلىقىنى سوراپ ئارام بەرمەس بولۇۋالدى، ئۆيگە بولسا ئۇنىڭ بىر قانچە ئاغىنىلىرى ئىزدەپ كېلىپ تۇراتتى، نادىر ئۆيدە بولمىسا بوسۇغىدىنلا قايتاتتى، ئۇندىن باشقا كىرىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. مۇنداق ئىشلار بولۇۋەرگەچكە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدىم. «ئاجرىشىپ كەتسەمچۇ؟» دەپمۇ ئويلىدىم. بەختكە قارشى مەندە غەيرىي ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلاندى. مەن بۇلارنىڭ ھامىلدارلىق بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم ھەم غەيرەتكە كېلىپ مۇشۇ بەختسىز تۇرمۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆ-

تۇرۇشكە، خورلاشلىرىغا چىداشقا بەل باغلىدىم. مەن ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ، خوشال بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، گەپمۇ قىلماي چىقىپ كەتتى ۋە كەچتە يەنە غەرق مەست ھالدا كىردى. مەن كېچىچە ياش تۆكتۈم، ئۇ ئەمدى يېڭى خۇلۇق چىقىرىپ، مەست بولسىلا مېنى ئۇرىدىغان بولۇۋالدى، بەزىدە بىر نەچچە كۈن يوقاپ كېتەتتى، ئۇ ئۆيگە كىرمىسە خوشال بولاتتىم.

بىر قېتىم ئۇ يەنە تۆت كۈن ئۆيگە كەلمىدى، مەن كەچتە مەكتەپتىن كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىر قىز بىلەن قولتۇقلاشقىنىچە چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇمۇ مېنى كۆردى، مەن ئۇنى چوقۇم قىلغىلى قىلىق تاپالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە ئۇدۇللا ئالدىمغا كەلدى ۋە:

— ئۆيگە قايتىپ كەتمەي نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ بىرسى بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغانمىدىڭ ـ يا، ـ دەپ ھۆكۈردى.

— سىزچۇ؟ ـ دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، ـ سىزمۇ كۈپ ـ كۈندۈزدە باشقىلار بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈرگەن يەردە، مەن بىرسىنى ساقلىسام نېمە بوپتۇ؟!

— سەن! ـ ئۇنىڭ چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ كەتتى، ـ سەن بۇزۇق تېخى مېنى باشقۇرغىدەك بولدۇڭمۇ؟ خېتىڭنى ئال...

ئۇ مېنى ئاغزى بېسىقماي تىللايتتى، مەن دومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم، كۆزلىرىمدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى، ئېغىرلىشىپ قالغىنىمغا قارىماي، جېنىمنىڭ بېرىچە يۈگۈرەيتتىم. قانداقلارچە ئۆز ئۆيۈمگە بېرىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. ئۆيدىكى ھەممەيلەننىڭ سوئاللىرى جاۋابسىز قالدى، داداممۇ تۇنجى قېتىم «ئېسىت سەن ئىپلاسقا بەرگەن قىزىم» دەپ تىللاپ كەتتى. سىز يەنە خىيالىمدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدىڭىز. مەن شۇندىلا نادىردەك پەسكەش، ھايۋانلاردىن بىر نەچچىنى يۇغۇرسىمۇ، سىزدەك ھەقىقىي يىگىتلەرنىڭ تىرنىقىنىمۇ پۈتتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. تۇيۇقسىز سىزنىڭ بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانلىقىڭىز ئېسىمگە كەلدى. شۇڭا سىزنىڭ بىرەر تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ قويماسلىقىڭىز ھەم ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى سۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك كۆرسىتىپ، ھېلىقى خەتنى يازدىم، كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ كۆپ ئازابلاندىم. مەن ئۇ خەتنى يېزىپ بىر ئايدىن كېيىن ئوغلۇم نىجات تۇغۇلدى، نادىر كېلىپمۇ قويمىدى، سىرتتا نادىر توغرۇلۇق ھەر خىل پاراڭلار تارقىلىپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇ سۆزلەر راستقا ئايلىنىپ، ئۇ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، نىجات ئۈچ ئايلىق بولغاندا قانۇننىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ئاجراشتۇق. نادىر ئەخلاقىي جەھەتتە چىرىكلەشكەنلىكى سىرتىدا يەنە ئەتكەسچىلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن قانۇن تورىغا بىر ئىلىنغانچە، بارلىق چاۋىلىرى چىقىپ، ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن بىراقلا ئازادلىققا چىقتىم. كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا ئوغلۇم ھەمراھ بولدى، ئۇنىڭ ئەركىلەشلىرى، كۈلۈشلىرى مېنى بارچە ئازابتىن خالاس قىلاتتى، ھازىر ماڭا ئىگىز ـ پەس سۆزلەيدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى، كېيىن، ساۋاقدىشىڭىز پەرھاتتىن ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ، سىز ئۈچۈن ياش تۆكتۈم. مەن سىزنى سېغىناتتىم، يۈرىكىم سىز

ئۇچۇن سوقاتتى، ئەمما سېغىنىشتىن باش
قىنى قىلالمايتتىم. چۈنكى، مەن سىزدىن
ئىككى ياش چوڭ ھەم بىر بالىنىڭ ئانىسى
بولغان ئايال. شۇڭا سىزگە لايىق كەلمەيت
تىم. «مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈمگە يېتىپ ئاش
قۇدەك گۈزەل ئەسلىمىلىرىم بار، شۇلار
ماڭا يېتەرلىك» دەپ كۆڭلۈمنى بەزلەيتتىم.
ئويلىمىغان يەردىن سىزدىن خەت تاپشۇ
رۇۋالدىم، سىز مېنى تېخىچە ئۇنتۇپ قال
ماپسىز، ماڭا ئوخشاش تاش يۈرەك
تىن نەپرەتلەنمەيدىكەنسىز. مەن
نېمە دېگەن بەختلىك! مېنى سىزگە
ئۇچراشتۇرغان ئاللاغا رەھمەت!

سىز خېتىڭىزدە «... ئىنسان قەلبى
پەقەت پاك سۆيگۈ شەربىتى بىلەن سۇغۇ
رۇلغان بولسىلا، ئۇ قىرىغىچە سېنى پاك
سۆيگۈدىن بەھرىمان قىلىشقا يېتىدۇ» دەپ
سىز. مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا
ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدىم.

ئىشىنىڭكى، بۇ بەخت يېشى! ۋىسال يېشى!
تەشنا يۈرەكنىڭ نىداسى! بەختنىڭ چاكىسى!
سۆيۈملۈكۈم، مېنى ئېلىپ كېتىڭ!

سىزنى سۆيۈپ:
سۆيگۈنىڭىز ھەبىبە

1989-يىل، ماي.»

مەن خاتىرىنى ئوقۇپ بولغاندا، تۈن
نىسپىدىن ئاشقان بولۇپ، كىرپىكلىرىمنىڭ
نەمدەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دوستۇم
بولسا، ئىككىمىز بايىلا ئاغزىنى ئاچقان
بىر شىشىنى ئاللىقاچان قۇرۇقداپ، دىۋاندا
يېنىچىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭ چىرايى
غا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قارىدىم. ئۇنىڭ
پېشانىسى ئادەتتىكىدىن بەك نۇرلىنىپ
كەتكەن بولۇپ، چىرايىدا تۆت يىللىق
ھىجران ئازابىنىڭ ئىزنالىرىنى تولۇق
يوشۇرۇپ كېتەلمىگەن سۈس شادلىق نۇرلى
رى سۈبھىدەك پارلاپ تۇراتتى.

ئۇ سەھەردىلا پويىز بىلەن يولغا چىقتى...

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن نىياز

(بېشى 26 ـ بەتتە)

كېچە يېتىپ قۇرۇپ، تۇرمۇشتا تېڭىرقاپ يۈر
گەن ھەدە ـ سىڭىللارنى مۇستەقىل ھايات
يولىغا باشلىيالايمىز. ئۇلارنى ئەرلەرگە
(زوراۋان ئەرلەرگە) چوقۇنىدىغان، يۆلىنى
دىغان كونا ئىدىيىدىن ئازاد قىلىپ،
سادىرغا ئوخشاش بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ،
زالىم ئەرلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ
چىقالايمىز.

خەير، سېنى دوستانە قۇچاقلاپ:
سەلىمە

× × يىل × ئاي × كۈن.»

سەلىمىنىڭ بۇ خېتى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە
سالدى. ئۇنىڭ تارتقان ئازابلىرى، كۆڭ
ۈلەتلىرى يۈرىكىمنى ئەزدى. بىراق، كې
يىنكى مەسلىھەتى مېنى ھەقىقەتەن قايىل
قىلدى. مەن ئىختىيارسىز ئېقىپ چۈشكەن
كۆز ياشلىرىمنى توختىتىشقا تىرىشىپ، يەنە
بىر پارچە خەتنى ئاچتىم ـ دە، ھەيرانـ
لىقتا تۇرۇپلا قالدىم. يۈرىكىم قاتتىق ھا
ياجاندا كۆپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.
چۈنكى، بىر بەت ئاق قەغەزگە تۆۋەندىكى
ئىككى جۈملە سۆزلا يوغان قىلىپ يېزىلغا
نىدى:

دوستۇم رابىيە، ھازىر مەن پۈتۈنلەي
ئەركىنلىككە ئېرىشتىم. ئۆگۈنلۈككە قې
شىڭغا بارىمەن.

سەلىمە

× × يىل × ئاي × كۈنى.»

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇختەر ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com



تۇرغۇن سادىر

# كەچۈرۈم

( ھېكايە )

ئايرىلىش — ئۆز كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇڭدىن ئايرىلىشتىنمۇ ئېغىر ئايرىلىش بولمىسا كېرەك. بولۇپمۇ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان، كىچىكىڭدىن قەدىرلەپ باققان مېھرىبان ئاتا-ئاناڭ، ئاكا-ئاچاڭ، تۇمۇچۇقتەك سايراشلىرى، بۇلبۇلدەك يېقىملىق كۈلۈشلىرى قۇلىقىڭغا سىڭىپ كەتكەن سۆيۈملۈك ئىنى-سىڭىللىرىڭ، كىچىكىڭدىن بىللە ئويناپ تەڭ ئۆسكەن دوست-بۇرادەرلىرىڭ بىلەن دىدارلىشىپ، مۇڭدىشىپ تانماي ئايرىلىش، بۇ يامان ئايرىلىشكەن. گويا يۈرىكىڭنىڭ بىر پارچىسى سۇغۇرۇلۇپ قالغاندەك كۆڭلۈڭ يېرىم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئۆزۈڭنى ئىنتايىن ئېغىر ھېس قىلىسەن. سېنى مۇڭ باسىدۇ-دە، ئىختىيارسىز كۆزۈڭدىن ياش ئەگىدۇ. يىغلىشىپ كۆرۈشكەنلەر يەنىلا يىغلىشىپ ئايرىلىدىغان گەپكەن.

ئاپتوبۇس شەھەر سىرتىغا چىققاندىلا، مەن كۆز چاناقلىرىمدىكى ياشلىرىمنى سۈرتىۋېتىپ، كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يېنىمدا ئولتۇرغان قىزغا قارىدىم. ئۇ بېشىغا ئاق-قىزىل يولى بار شارپا ئارتىۋالغان، مايسىرەڭ سوكنۇدىن پەلتۇ كەيگەن، بۇغداي ئۆڭلۈككىنە بىر قىز بولۇپ، قول ياغلىقى بىلەن توختىماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. يەلكىسى يېنىك تىترەيتتى.

«قىز بالا-دە، قىز بالا ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ئوغۇللارغا قارىغاندا ئەلۋەتتە تەس، بەلكىم بىرىنچى قېتىم سەپەرگە چىقىشىدۇ، نەگە بارىدىغاندۇ؟» بۇ خىياللار مېنى قىزغا ئىتتىكرەك گەپ قىلىشقا ئالدىرىتاتتى، بىراق قىز ئېسەدەشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس.

مەن قىزدىن كۆزۈمنى ئېلىپ باشقا سەپەرداشلىرىمغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۈكۈتتە، بەزىلىرى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن قىزغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ-قاراپ قويىمەن. قىز خىيال كەپتەرلىرىنى پەرۋاز قىلدۇرماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرسىمۇ پات-پات قوزغىلىپ قوياتتى، ئۇلۇغ كىچىك تىناتتى.

ئاپتوبۇسنىڭ يېنىك ئەللەيلىشىدىن ئۇيقۇم كېلىپ، كۆزۈمنى يۇمدۇم. نېمىشقىدۇر تىت-تىت بولاتتىم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئاپتوبۇس قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، چۆچۈپ يېنىمغا قارىشىمغا قىز بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، نېمىشقىدۇر قىز مەندىن كۆزىنى ئىتتىك قاچۇردى ۋە ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمىكىن، تامىقىنى قىرىپ قويدى.

— سىلە نەدە ئىشلەيلا؟

مەن كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن چۆچۈپ كەتتىم، چۈنكى قىزنى ئۆزى گەپ قىلاردەپ ئويلىمىغانىدىم.

— ھە، مەن... پاختا-كەندىر شىركىتىدە ئىشلەيمەن،— ئالدىراشچىلىقتا تىلىم كالۋالىشىپ، يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياندى. قىز ئىتتىك ئالدىغا قارىۋالدى-دە، ئاستىنقى لېۋىنى يېنىك چىشلەپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. مەن سەل ھەيران بولدۇم ھەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— سىلىچۇ؟— سورىدىم مەن قىزغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ.

— ھە؟— قىز چۆچۈپ ماڭا قارىدى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— يېڭىشەھەر قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەيمەن،— دېدى ۋە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن،— سىلە تونسا دېگەن قىزنى تونۇملا؟— دەپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— قايسى تونسانى دەيلا؟— مەن بۇ تومتىقلا سورالغان سوئالدىن ھەيران بولۇپ، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردىم.

— بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتلۇق تونساچۇ؟ ئۇمۇ شۇ سىلە ئىشلىگەن ئىدارىدا ئىشلەيدىكەنغۇ؟

ئېسىمگە كەلدى: بىزنىڭ ئىدارىدا يېقىندا توي قىلغان، بىر يۇرتلۇق تونسا ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى.

— قانداق، تونۇشامسىلەر؟

— ھەئە، چىرايى قانداق، دەپ باقسىلا قېنى؟— قىز ئالدىدىكى ئورۇندۇققا جەينىكىنى تىرەپ، مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇردى.

— ئېگىز رەڭ، ئورۇقراق، بوغداي ئۆڭلۈك...

— ھە، شۇ،— قىز شۇ گەپنى قىلدى-دە، چىرايىدىكى خۇشاللىق بىردىن يوقاپ، چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

مەن غەيرىي بىر تۇيغۇدا قىزغا تىكىلىپ سورىدىم:

— نېمە بولدى؟

— ھە... ھېچنېمە،— قىز قانچە قىلسىمۇ چاندۇرۇپ قويدى. چىرايى تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆزگىرەتتى. مەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئۇنتۇلماس بىرەر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم، بىراق نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم.

— تونسا قانداقراق قىز؟

مەن قىزغا ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش بىلەن قاراپ قالدىم. چۈنكى، بىر قىزنىڭ قانداقلىقىنى ئوغۇللاردىن سوراش، ئادەمنى ئويلاندۇراتتى.

— يامان ئەمەس، ياخشى دېسەممۇ بولىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟! — قىز ئەتەي ئاۋازىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

نېمە دېسەم بولار؟ مەن بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە، ئۆزگىرىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە، ھامان كەڭ قورساقلىق قىلاتتىم. مەيلى قانداق ئادەم بولمىسۇن، كەمچىلىكىنى ئىمكان بار يوشۇرۇپ تۇراتتىم، قىزنىڭ بۇ قاراشلىرى ماڭا باشقىچە تۇيۇلدى. چۈنكى، تونسا خىزمەتداشلار تەرىپىدىن «شاللاق» دەپ نام ئالغان قىز ئىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم. بۇ قىز ئۇنىڭ قانداقلىقىنى مەندىن سورايدۇ يۇ، ئەسكىلىكىنى نەدىن بىلىدىغاندۇ؟ بىر ئادەمنىڭ قىلمىشلىرى قانچە ئەخمىقانە، كۈلكىلىك بولغانسېرى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان، كۆزىتىدىغان ئادەملەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئارىلىشىپ ئۆتەمسىلەر؟ — قىز بۇرۇنقى خۇشخۇي ھالىتىگە قايتقانىدى. كۆزلىرىمۇ سەممىمىيلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى.

— ئانچە قويۇق ئارىلاشمايمىز، كۆرسەك يۈرتلۇق يۈزىسىدىن سالاملىشىپ قويىمىز.

ئەسلىدە «ھە، ئارىلىشىپ ئۆتتۈۋاتىمىز» دېگۈم بولسىمۇ، قىزنىڭ سەممىيىتى ئالدىدا يالغان ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىر يۈرتلۇق بولغان بىلەن دائىم دېگۈدەك كىشىلەر ئالدىدا شاللاقلىق قىلىپ چىشىمغا تېگەتتى. ئىككىمىز بىر يۈرتلۇق بولغاچقا، ھەم بىر ئىدارىدا ئىشلەۋاتقاچقا بەزىلەر ئۇنىڭ چاۋىلىرىنى مېنىڭ ئالدىمدا ئېچىپ بېرەتتى. مەن شۇلارنى ئويلاپ ئەندىكتىم، قانداقتۇر بىر جىنايەتچىگە شېرىك بولۇپ قالغاندەك، ئالدىمدا سوراقچى تۇرغاندەك تەمتىرەپ قالدىم.

— ئۇ يېقىندا توي قىلىپ بولدى، — مەن ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق دېدىم.

— توي قىلدىمۇ؟ كىم بىلەن؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ماڭا تىكىلدى.

— بىزنىڭ ئىدارىدا ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتدىشىم بىلەن.

— ھەي... بەختسىز يىگىت، — ئۇ گويا بۇنى ئۆزىگە دەۋاتقاندەك تولىمۇ پەس ئاۋازدا ئېيتقان بولسىمۇ، يۈرىكىدىكى قانداقتۇر ئىچكى تۈيغۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئالاھىدە بىر ئۇرغۇ بىلەن ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋازىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىنمىكىن ئوڭايسىزلىنىپ جىم بولۇپ قالدى.

ئىنسان — بۇ ئاجايىپ سىرلىق نەرسىكەن، ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنمەك بىرەر مۇرەككەپ فورمۇلا ئىشلىگەندىنمۇ ياكى بىرەر يېڭى نەرسە ئىجاد قىلماقتىنمۇ قىيىن ئوخشايدۇ.

مەن غەيرىي بىر تۈيغۇدا قىزغا تىكىلدىم، مېنىڭ بۇ قاراشلىرىمغا ھەيرانلىق، قىزىقىش، ھەۋەس، ئەجەبلىنىش ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— قانداق، ھەيران بولۇۋاتاملا ؟ — قىز شوخلۇق قىلىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىمغۇ؟

— خەير، سۆز بۇ يەرگە يېتىپتۇ. مەن تۇنسا تۇغرۇلۇق بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي. مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمايتتىم، سىلەرنىڭ ئىدارىدا ئىشلەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. بۇنى مېنىڭ ئېرىم مۇختەر ئېيتىپ بەرگەن. يەنە كېلىپ، ئىككىمىزنىڭ بەختلىك ئائىلىسى ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئېيتىپ بەرگەن، شۇ تۇنسانىڭ كاشىلىسىدىن دۇنيادا بەختسىزدىن ئىككىسى، ئاتا — ئانىسى بار تىرىك يېتىمدىن بىرسى كۆپەيدى، — ئۇنىڭ چىرايىدىن قايغۇ — ئەلەم چىقىپ تۇراتتى، لەۋلىرى توختىماي تىترەيتتى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدە سىمابتەك ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالغانىدى، — توۋا، ئېرىمنىڭ نېمىسى ياراپ قالغاندۇ، ئۇنىڭ قىزلارنى جەلپ قىلغۇدەك ئالاھىدە چىرايى ياكى شوخلۇقىمۇ يوق، ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشقاندۇر، دەپ ھەيران بولىمەن. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا قىلغان ئەقىدەم، سەممىي ساداقىتىمگە ئېچىنىمەن؛ بىر تۇرۇپ ئۆزىمگە ئوخشاش بىر ئايالنى بەختسىز، دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئاتا مېھرىگە قانمىغان گۆدەك بالىنى يېتىم قىلىشقا چىدىغان تاش يۈرەك قىزغا ئېچىنىمەن، نەپرەتلىنىمەن. بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئېرىمگە غەزىپىم كېلىدۇ. ئاشۇ يىگىناغۇچىنىڭ نېمىسىگە ئاشىق بولىدىكىنە؟ تولغىنىپ — نازلاپ كەپ قىلىشلىرىغىمۇ؟

ئوغاقنىڭ بىسىدەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ
ئەركىلەشلىرىگىمۇ؟ ياكى ئىسمىنىڭ ئارقى-
سىغا ئۇلانغان «قىز» سۆزىنىڭ سېھرىي كۈ-
چىدىنمۇ؟ - ئۇ تېشىپ تۇرغان ھېسسىياتىنى
بېسىشقا تىرىشىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئې-
لىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.-
ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ-
رۇن ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئۆزىمىز ئۈچ-
تۆت يىللىق ئەر-خوتۇنلار بولسىقمۇ، يېڭى تو-
نۇشقان قىز-يىگىتلەردەك بىر-بىرىمىزگە
بېقىشىپ، تەلمۈرۈپ قانمايتتۇق، بىر-بىرى-
مىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ يايتتۇق، مۇھەببى-
تىمىزنى قەدىرلەيتتۇق، شۇ ئوتلۇق مۇھەب-
بىتىمىزنىڭ شېرىن مېۋىسى بولۇپ بىر ئو-
غۇل تۇغۇلدى. ئېرىمنىڭ خوشلۇقىنى دېمەيلا
قوياي. قېيىن ئانا، قېيىن ئاتىلىرىممۇ
ئىنتايىن خوش بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۆيى-
دە ئېرىمدىن باشقا بىرەرمۇ پەرزەنتى يوق
ئىدى. بىر بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن مەن ئۇ
ئۆينىڭ تېخىمۇ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولۇپ
قالدىم. ئوغلۇمنى بېقىش ماڭا ئانچە تەگ-
مەيتتى، مەنمۇ ئوغلۇم بىلەن پەخىرلىنەتتىم.
ئىناق ئائىلىمىزگە بىرسىنىڭ كۆزى تەگ-
دىمۇ، ئېرىم مۇختەر ئۇشتۇمتۇت سوقۇر ئۈ-
چەي بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى.
ئۇنىڭ كېسەلدىن ئازابلىنىۋاتقان مىسكىن
چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ھېچ ئىش-
قا قولۇم بارمايتتى. دوختۇرخانا بىلەن ئۆيى-
نىڭ ئارىلىقى خېلىلا يىراق بولسىمۇ، كۈنى-
دە ئىككى - ئۈچ قېتىم كېلىپ يوقلاپ تۇر-
دۇم. چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرگەن، سۆيى-
گەن ئادىمى كېسەل بولۇپ قالغاندا ئاغرىق
ئادەمدىنمۇ بەكرەك ساق ئادەم ئازابلىنىدىغان
گەپكەن، ئۇنىڭ سەممىي كۈلكىسى ئادەمگە
ياسىما بولۇپ تۇيۇلىدىكەن ، ئۇنىڭ
ئۆزىنى خۇشخۇي تۇتۇشى كېسەلنى يوشۇر-

غاندەك مەلۇم بولىدىكەن.

مۇختەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ خېلى ئۇ-
زاق ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ دوختۇرخانىدىن
چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇرۇنقىغا قا-
رىغاندا خېلىلا سەمرىپ قالغانىدى. شۇن-
داق بولسىمۇ، «دوختۇرخانىدىن يېنىپ چى-
قىڭ» دەپ زورلىمىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ سە-
لىمازا ساقىيىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

كۈنلىرىم دوختۇرخانا بىلەن ئۆينىڭ،
ئۆي بىلەن ئىش ئورنۇمنىڭ ئارىلىقىدا ئۆ-
تۈپ كەتتى. مۇختەر دوختۇرخانىدىن چىق-
قاندىن كېيىن، ماڭا بولغان مۇئامىلىسى
كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بالىغا
قارىغۇدەكمۇ ۋاقتى يوقتەك ئالدىراشلا يۈ-
رەتتى، ئۆيدىمۇ ئانچە ئولتۇرمايدىغان بو-
لۇپ قالدى. بىر - بىرىمىزگە تاغدەك ئى-
شەنگەچكە، ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى
سوراشقا تىلىم بارمايتتى، باشقا ئويلاردا
بولۇشقىمۇ ھەققىم يوق ئىدى. بىر - بىرى-
مىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزغا قىل سىغ-
مايتتى. چۈنكى، دادام مۇشۇ ئىدارىدا ئىش-
لىگەچكە، مۇختەرنىڭ دادىسى بىلەن يېقىن
دوستلاردىن بولۇپ، بىر-بىرىنى ئاكا - ئۇ-
كىدەك ھۆرمەتلىشىدىكەن. مەن تولۇقسىزنى
پۈتتۈرۈشۈمگىلا دادام دەم ئېلىشقا
چىقىدىغان بولۇپ، مېنى ئورنىغا ئورۇن-
لاشتۇردى. ئىشقا ئورۇنلىشىپ،
ئۆزۈمنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا
يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، بۇ ياقا يۇرتتا مۇ-
ساپىر بولۇپ يۈرگەندە، قېيىن ئاتام ئاتا
ئورنىدا، قېيىن ئانام ئانا ئورنىدا بېشىم-
نى سىلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئىك-
كەيلەننى ئۆز ئاتا-ئانامدەك كۆرەتتىم.

ئىشقا ئورۇنلىشىپ بىرەر يىلمۇ ئۆتمەس-
تىن، مۇختەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ تويى توغ-
رۇلۇق گەپ چىقىپ قالدى. مەن بۇنىڭغا قان-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



داق ئىپادە بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتىم ھەم ئۇ چاغلاردا مەن كىچىك بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. مۇھەببەت باغلاش، سىنىشىش دېگەندەك گەپلەرنى ئەمەلىيەتتە يوق، ھېكايە، كىنولاردىكى رىۋايەتتەك ھېس قىلاتتىم. شۇنداق بولۇشقا قارىماي دادامنىڭ سۆزىنى يىرغانلىقىنى، ئاتىغا ھۆرمەتسىزلىك دەپ چۈشىنەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، مۇختەرنى ئانچە يامانمۇ كۆرمەيتتىم. چۈنكى ئۇ، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن يىگىت ئىدى. بەزىلەرگە ئوخشاش ھاراق ئىچمەيتتى، تاماكا چەكمەيتتى. كەم سۆز، جىمغۇر ئىدى، مەن ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئەمما يەنىلا مۇختەرگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىزنىڭ تويىمۇ بولدى. مەنمۇ خۇددى باشقا سەھرا قىزلىرىغا ئوخشاش، تويدىن كېيىن ئېرىمگە مۇھەببەت باغلىدىم، بۇمۇ ئۆزگىچە بولىدىكەن. مېنىڭ بەختىمىن ياغ تولغان كۆزۈمگە مۇختەرنىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ئاسان چېلىقماپتۇ. ئۇ كېيىن ئۆزگىرىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھە دېسىلا مېنى تىللايدىغان، ئۆلگىچە ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. تۇرۇپ مېنىڭ قورسىقىمغىمۇ جىن كىردى، ئۇنىڭ كەينىدىن مارىلايدىغان بولدۇم. بىر كۈنى ئىشتىن كېلىپ تاماقنى پىشۇرۇپ ساقلاپ ئولتۇرسام كەلمىدى، كوچىغا چىقتىم، بىر چاغدا بازارغا كېلىپ قاپتىمەن. قارا دېگەندەك بولدى، قارىسام، ھېلىقى يېڭناغۇچ تۇنسا ئاشپۇزۇلدىن بىللە چىقىۋېتىپتۇ. مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىمنى كۈندەش ئوتى تارتىپ باققان ھەر قانداق ئادەم ھېس قىلالايدۇ. نېمە دەي، تىللايمۇ؟ «كوچىدىكىلەرگە ئويۇن قويۇپ بەرگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى، ئۆيگە بارغاندا گەپ قىلارمەن» دەپ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. مۇختەر خېلى ئۇزاقتىن كېيىن قايتىپ كەلدى، چاندۇرماي ئاشنى ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم.

— سەھرالىقنىڭ ئەتكەن ئېشى ھامان سەھرا پۇرايدۇ-دە، — دېدى ئۇ ئاشنى ئاغزىغا بىر سېلىپ، — سېپىسىك نېمانداق تۇزلۇق، گۆشىنىمۇ خۇددى دىۋانىدەك تىلەپ ساپسەن بۇ ئاشقا؟

سەۋرى قاچام تاشتى:

— ھە، بازاردا قىزلار بىلەن بىللە يېگەن تاماق تەملىكمىكەن؟ ئەجەب باشتا، قولۇڭ گۈل دەپ داڭلاپ يۈرۈيدىغان ئادەم، يارىماس بوپ قاپتۇقمۇ؟ ...

ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىقىشىغا، ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى قوناق سوققاندەك ئۇرۇپ كەتتى، كەلگەنلىكى يېرىمگە ئۇرۇۋەردى، قولى تالغىچە، پۇتلىرى ئاغرىغىچە ئۇرۇۋالدى.

ئىككى ئېغىز ھەق گەپنى قىلالماي شۇنچىلىك بوزەك قىلىنغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىمدىن ئۆكۈنۈپ، ئۆزۈمگە ئېچىنىپ يىغلىدىم. ماڭا ئوخشاش ئاياللارنىڭ تولىمۇ ئاجىز يارىتىلغانلىقىغا ئېچىنىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ يىغلىدىم. كېچىچە يىغا ئارىلاش ئۇخلاپ چىققان ئوخشايمەن، ئەتىگىنى قوپسام ئۇستىخانلىرىمنى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سۆرىلىپ يۈرۈپ ئاران ئۆرە بولدۇم-دە، ئەينەككە قارىدىم. يۈز-كۆزۈم كۆكىرىپ كېتىپتۇ، شۇ ھالىمغا ئېچىنىپ يەنە يىغلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇرۇشقانلىقىمىزنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشقا بېرىش قارارىغا كەلدىم. تارتقان ماسكام يۈزۈمدىكى كۆكنى يوشۇرۇپ قالالمىغان ئىدى. خىزمەتداشلىرىم ماڭا قاراپ بىر-

بىرى بىلەن پىچىرلاشتى، بەلكىم ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندۇ. بۇ خىيال يادىمغا كېلىشى بىلەن يەنە كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. مەن بۇ دۇنياغا شۇنداق خورلىنىش، كىشىلەرگە بوزەك بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلغان بولغىيمىدىم؟ ! ...

ئىشتىن كېلىۋېتىپ دىلىم يورۇپ كەتتى. «ئانا ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايلى». بۇخەتنى چوڭ قىلىپ بۇ دوسكىغا كىم يېزىپ قويغاندۇ؟ توغرا، ھۆكۈمىتىمىزدە قانۇن بار، شۇ خىيال بىلەن ئۆيگە قانداق تېز يېنىپ كەلگەنلىكىمنى بىلمەي قاپتىمەن. ئۆيگە كىرسەم، قېيىن ئانام ئەمدىلا تەمتىم مېڭىۋاتقان ئوغلۇمنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوغلۇمنىڭ كۈلۈشلىرى شۇنداق ئوماق، ئۇ مېنى كۆرۈپلا «ئانا ... ئانا ...» دېگىنىچە پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى قۇچىقىمغا ئاتتى. ئۇنى كۆتۈرۈۋالدىم، ئۇ چاققان كېلىپ ماسكامنى ئېلىۋەتتى، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن يۈزۈمدىكى كۆك ئىزلارنى سىلاشقا باشلىدى. ئوغلۇمنىڭ قولى سوغۇق بولغاچقا، يۈزۈمگە بەكمۇ خوش ياقتى. قېيىن ئانامنىڭ يۈزۈمگە تىكىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئېسىمگە كەلدىم ـ دە، ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. «قانۇن»، «سوت»، كاللامدا شۇ خىياللا ھۆكۈم سۈرەتتى. توغرا، شەھەرنىڭ كىمىندىكىدە تۇغۇلغانلارغىمۇ، سەھرانىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇغۇلغانلارغىمۇ قانۇن بار، قانۇن ھەممە ئادەمگە ئوخشاش، بىزنى قوغدايدۇ. تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدىم: «ئەگەر مەن قانۇنغا ئەرز قىلىپ مۇختەرنى قولغا ئالدۇرۇۋەتسەم، ماڭا ئاتا ـ ئانامدەك كۆيۈنگەن شەپقەتچىلىرىم ـ قېيىن ئاتام بىلەن قېيىن ئانامغا نېمە دەرمەن؟ ئۇلار ماڭا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىماسمۇ؟! ئەرز قىلمىسامچۇ؟ مۇشۇنداق خورلىنىش ئىچىدە ئۆتۈۋېرەمدىمەن؟»...

— نېمە بولدى قىزىم؟ ـ قېيىن ئانام كەينىمدىن كىرىپ سورىدى. بۇ ئاۋاز مېنىڭ سەھرادىكى ئانامنىڭ ئاۋازىغا نېمانداق ئوخشايدۇ ـ ھە؟! «قىزىم» دېيىشلىرىچۇ؟ ئۆزۈمنى تۇتالماي «ئانا» دېگىنىمچە قېيىن ئانامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم، ھەممە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. قېيىن ئانام ئوغلىنى يۈزسىزدىن يۈزسىزگە سېلىپ بىرمۇنچە تىللىغاندىن كېيىن، دادىسىغا دەپ نەسىھەت قىلدۇرغانلىقىنى، خاپا بولماسلىقىمنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

— ھە، قانجۇق، ئاتا ـ ئانامغا چېقىشتۇرغان ئاغزىڭ مۇشۇمۇ؟ ـ مۇختەر يېرىم كېچىدە ئىشىكتىن كىرىپلا يەنە ئۇردى. ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىشقا بارالماي ياتتىم، قېيىن ئاتام، قېيىن ئانام ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، ئاتا ـ ئانامغا مېنىڭ نامىمدا تېزرەك كېلىشنى ئېيتىپ خەت يازدى. ئۇزۇنغا قالماي دادام كەلدى، بولغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ ماڭا تەسەللى بەردى:

— قىزىمنىڭ نەيېرى يارىمىدى ئوغلۇم، بىر چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ، بالىلىق بولغاندا نېمە ئىش بۇ؟...

— رودىپاي سەھرالىقلارنىڭ بالاسىغا قالدىغۇ كىشى، خېتىنى بېرىمەن دېگەندىكىن، ئەتىۋارى بىلەن خېتىنى ئالسا بولمامدۇ؟

گېپىمنى ئاڭلاپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئېغىز ئاچقان دادام، مۇختەرنىڭ شۇ گېپى بىلەن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. دادامغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى، قۇدىلارنىڭ ئالدىدا ساقلىغا ئاق سانجىلغان بىر ئادەم ئىزا تارتمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆمرىدە خەقتىن ئازار يەپ باقمىغان بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم كۆيئوغلى تەرىپىدىن

...ھا قارەتلەنگەندە، ئازابلانماي تۇرالامدۇ؟

دادام باشقا گەپ قىلمىدى، ئەمما كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. قېيىن ئانام بىلەن قېيىن ئاتام ئوغلىنى بىر مۇنچە ئەيىبلىگەندىن كېيىن، دادامغا تەسەللىي بېرىپ، مۇختەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇقساق، مۇختەر «يەنە شۇ سەھرالىق بىلەن ئۆي تۇت دەيدىغان بولساڭ، يىراق بىر يەرگە كېتىمەن ياكى ئۆلۈۋالىمەن» دەپ دادىسىغا تەھدىت سېپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاجرىشىپ كەتتۇق، ئاتا - ئانىسى ئوغلۇمنى قانچە تالاشسىمۇ بەرمىدىم. ئاران چوڭ قىلغان - دە مەن بالىنى! قېيىن ئانام ھەپتىدە نەچچە كېلىپ، نەۋرىسىنى كۆرۈپ كېتەتتى. ئۆيدە بولغان ئىشلارنى يىپىدىن - يىڭنىسىچە دەپ بېرەتتى. مۇختەر مەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە ئانچە ئولتۇرمايدىغان بولۇۋاپتۇ، ئاتا - ئانىسىنىمۇ دۆشكەللەپ، ھەتتا ئۇرۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپتۇ. بۇ، شۇ تۇنسانىڭ سەۋدالىقى دەپ قارايتتىم. لېكىن ئاجرىشىپ تۆت - بەش ئاي ئۆتمەستىن، مۇختەر يەنە ماڭا يارىشىش تەلىپىنى قويدى. مۇختەرنىڭ دېيىشىچە: تۇنسانىڭ باشقا بىرسى بىلەن قولتۇقلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، كۆڭلىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. مۇختەر نەچچە قېتىم پېشىمگە ئېسىلىپ، ئايىغىمغا باش قويۇپ، يارىشىپ قېلىشنى، بالىنىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىلىشىمنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئېشەك جىنىدا بىر قېتىم پۇتى تېقىلىپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتمەيدۇ، مەن ھەرگىز ئۇنىمىدىم. قېيىن ئانام يىغلاپ ئارام بەرمەيدۇ، قېيىن ئاتام ئاندىن دادامغا خەت يېزىپ، ئە-

كەلدۈرۈپ ماڭا تەربىيە ئىشلەتتى. دادامغا بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىتىپ، بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ مۇختەر ئالدىدا قانچىلىك خورلانغانلىقىنى يادىغا سالسام، دادامۇ نىيىتىدىن ياندى.

— سىلە توي قىلمىغانلا؟ — قىز كېپىنىسى تۈگىتىپ مەندىن سورىدى.

— ياق، توي قىلىش ئالدىدا.

— تۇرمۇشتا بەختلىك بولغايلا.

مېنىڭ قىزغا ھەۋىسىم كەلدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرىغا قايىل بولدۇم. يۈزسىز ئېرىگە نەپرىتىم قوزغالدى، يۇرتدىشىم بولغان تۇنسانىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتى. قىزغا بالىنىڭ يۈزىنى قىلىپمۇ بولسا ئېرى بىلەن ئۆي تۇتۇپ قېلىشنى قايتا - قايتا ئېيتتىم. ئەمدى ئېرىنىڭ بۇرنىغا سۇ كىرگەن بولسا، ئىككىنچى يۈزسىزلىك قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.

— ھەممە كىشى ماڭىلا نەسىھەت قىلامدۇ؟ ئۇ تاش يۈرەكتىن كۆرگەن خورلۇقلىرىم ئاز ئەمەس، ئىككىنچى يۈزىگىمۇ قارىمايمەن. ئوغلۇمنى سەھرادىكى ئاتا - ئانامنىڭ قىشىغا ئاپىرىپ قويدۇم، ئېرىم يىركەنگەن سەھرا ئوغلۇمنى ئۆز قوينىغا ئالدۇ، ئۇنى سەھرانىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ھەقىقىي چىن ئادەم قىلىپ تاۋلاپ چىقىدۇ.

قىزنىڭ كۆزلىرى يىراق - يىراقلارغا تىكىلگەنىدى، سۆزلىرىدىن بىر خىل مەردانىلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەن قىزغا باشقا گەپ قىلمىدىم، قىلغۇدەك گەپمۇ تاپالمىدىم. چۈنكى، ئۇنى ئۆز رايىدىن قايتۇرالايدىغان بىرەر ئەپلىك چارە يوقتەك ئىدى. سەۋرى - تاقەت قاچىسى يېرىلما ئەنە شۇنداق چاك - چېكىدىن ئاجراپ، قايتا قوراشتۇرغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

(ئاخىرى 86 - بەتتە)

گۈلبوستان ئابدۇرېھىم

## پارتىيەم، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان

( جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلايمەن )

ئەي، شانلىق پارتىيەم مۇبارەك نامىڭ
قوزغايدۇ دىلىمدا چوڭقۇر ھاياجان.
ئەجرىڭنى تىلىمغا ئالسام ھەر قېتىم،
مېھرىڭدىن جىسمىمغا قوشۇلار مىڭ جان.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

سەندىكى پاك سۆيگۈ، تاڭدا ئېچىلغان —
گۈللەرنىڭ بەرگىدە ئوينىغان شەبنەم.
سەندىكى زور خىسلەت ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت،
بەختىم سەن، ھاياتىم، بايلىق-خەزىنەم.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

سەن گويا بىغۇبار ئۇپۇق كۆكسىدە —
نۇر چېچىپ ئالەمنى يورۇتقان قۇياش.
مەن شۇ نۇر ئىلكىدە يايرىغان بىرجان،
شۇڭلاشقا دىل رىشتىم ساڭىلا تۇتاش.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

مۇقەددەس دۇنيادا سۆيگۈ مۇھەببەت،
قۇدرىتى يۈكسەكتۇر يېڭىلمەس شۇنچە.
پارتىيەم سەندە بار شۇنداق مۇھەببەت،
پاك سۆيگۈڭ توزىماس خۇشپۇراق غۇنچە.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

ئېسىمگە ئالسام دەم بوۋاق چېغىمنى،
ياتقانتىم بۆشۈكتە ساڭا تەلمۈرۈپ.
چوڭ قىلدىڭ مېنى سەن ئىللىق قوينۇڭدا،
مېھرىڭدىن يامرىغان نۇرغا چۆمدۈرۈپ.

شۇڭلاشقا كۈيلەيمەن سېنى ئەي غەمخان،
شەپقەتچىم، پەخرىمسەن قەلبىمدە گۈلخان.

ياشنىدى سولماستىن ئۆمرۈم گۈلشەنى،
سۇپسۈزۈك بۇلاقتەك مېھرىڭ قەترىدىن.
سەندىكى ھەر سۆيگۈ تۇرغاچقا ئۇستۇن،
كۈيلەرگە جان بەرگەن ئىلھام سەترىدىن.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پارتىيەم، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

خىيالچان كۆزۈمدە بېقىپ تاڭلارغا،
قۇدرەتلىك نېچۈن دەپ سورايمەن سېنى.
چىدامىلىق سەن ئۆزۈڭ ھەممىنى يېڭىپ،
قاۋۇل بىر ئىنسان قىپ ياراتتىڭ مېنى.
شۇڭلاشقا كۈيلەيمەن سېنى ئەي غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

سەن ماڭا ھاياتلىق بەردىڭ، سەن ئۈچۈن —
لاۋۇلدار قەلبىمدە سۆيگۈ ئىپتىخار.
ئويلايمەن بۇ گۈزەل جۇڭخۇا ئىلىمدە،
سېنىڭسىز ھاياتقا ئېرىشكەن كىم بار؟!
شۇڭلاشقا كۈيلەيمەن سېنى ئەي غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

سەن ئۆزۈڭ نۇر بەرگەن بىرجۈپ كۆزلىرىم،
تەلپۈنەر ئۈمىدتە ئىقبالغا ھامان.
شۇڭلاشقا يالقۇنلۇق سۆيگۈگە تولغان،
مەن رازى سېنىڭدىن، رازى ھۆر زامان.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پارتىيەم مېھرىڭنىڭ تامچىسى ئۈچۈن،
ياراتسام دېگىنىنى قىلىدۇ ئازلىق.
ئارمىنىم يوق ئىدى بىر ئۆمۈر سېنىڭ،
خىزمىتىڭ قىلسام مەن ئەجرىڭگە لايىق.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پەخرىمسەن، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

ئەمدى مەن چېلىشلار قوينىغا كىردىم،
سەن باركى غەيرىتىم ئاشار ھەسسىلەپ.
چۈشۈرمەي تىلىمدىن شانلىق نامىڭنى،
ياشايمەن ناخشامدا بىر ئۆمۈر كۈيلەپ.
سەن ماڭا تەڭداشسىز ۋاپادار غەمخان،
پارتىيەم، چىن مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

**ئابدۇكېرىم مەخسۇت**

## شېئىرلار

### سۆيگۈ چەشمىلىرى

1

ھۆر ۋەتەن ئىشقىنىڭ ئوتى گۈلخىنى جانىمدىدۇر،
سۆيگۈ، مېھرىڭ شاۋقۇنى كۆي مىسال قانىمدىدۇر.
غۇنچىلار كۈلسە سەھەر تەنلىرىم يايراپ كېتەر،
بارچە جەننەت ھۆرلىرى گۈل كەبى يانىمدىدۇر.
ئوخچىسا زۇمرەت بۇلاقلار، ئوينىسا مەيىن سابا،
تەلپىنىم يۇلتۇزلىرى كەڭرى ئالقانىمدىدۇر.
سايرىسا قۇشلار خۇشال باغ ئارا بەزمە قۇرۇپ،
مەن ۋىسال پەيزىدە مەستمەن لەيلى ئارمانىمدىدۇر.
بۇلبۇلى گۈل بەرگىدە ئىچسە، شارابۇ ئەنتەھو،
كۈيلىرى كەزگەي جاھاننى، جىسمى بوستانىمدىدۇر.

2

جۇدۇن سەھراسىدا جانان، كۆكسۈمنى نىشان قىلدىڭ،
كۆڭۈل مۈلكۈمدە ئىشقىڭنى نېچۈن بۇنچە نىھان قىلدىڭ.
جۇدۇنلار ئەگسە باشتا، باھارىڭ ئاپتاپ يەڭلىغ،
گۈلىنى سۆيگۈ مېھرىڭنىڭ سولىشىدىن ئامان قىلدىڭ.
يېنىڭغا چىللىدىڭ ھەر ئان، تەبەسسۇم ئىلكىدە بېقىپ،
ياماشتىم چوققىغا جانان، مۈشكۈلنى ئاسان قىلدىڭ.
ۋىسالىڭ قىران ئەتتى، ساداقەت تەختىدە ھەر دەم،
بۇلبۇلغا جىغان قوينىڭ گۈلىستان ماكان قىلدىڭ.

3

گۈل بويۇڭ كۆرۈپ ئېيتارمەن ئەسسالام دىلدارى دەپ،
دوستلىرىم قىزلار تاپار «بۇ ساڭا خوپ يار» ـ دەپ.

كۆزلىرى چولپان مىسال، لەۋلىرىدىن گۈل چاچار،
بارچىسىنى سۆيسە ئەر زەر شوخ ئۆمۈر گۈلكارى دەپ.
ۋە لېكىن كۆڭلۈم تاپار ھەر بىرىدىن بىر ئەيىب،
ھېچ ئېيتالماي يۈرىكىمدە بار ئېسىل گۈليارى دەپ.
گەر ئېيتار بولسام سورار كىملىكىن دوست - يارىلار،
قورقىمەن سىرىم جاھانغا بولمىسۇن ئاشكارا دەپ.
مەيلى دوستلار ئاغرىتسۇن باش، «يۈرمىگىن تەنھا» دېبان،
ئېيتمىغايمەن ئەھدۇ پەيمان بولمىغاي بىكار دەپ.

4

قايسى باغنىڭ گۈلى بار، ئول قامىتى زىبا كەبى،
تاپمىدى كۆڭلۈم كۆزى بۇندا ئۇ رەنا كەبى.
قىلمىدى مېھرىن جۇدا مەن جۇنۇن سەۋدايىدىن،
ئول ۋاپا تەختىدە سۇلتان لەيلىۋەش شەيدا كەبى.
يېتىلمىدى مېنى ۋاپانىڭ ۋارىسىغا ئىشقىدىن،
بەردى كۆزۈمگە زىيا ئول قۇياش ياغما كەبى.
كۆكسۈمە سالدى ئىشقىنىڭ ئاتەشىن ئول مەھلىقا،
تاشلىدىم ھەريان ئۆزۈمنى شوخ ئاقار دەريا كەبى.
ھەر بېقىش بەردى ماڭا جان، شوخ تەرەنۇم ئەيلىدىم،
قۇچىقى بولدى ماڭا، ئول جەننەتۇل مەئۋا كەبى.
بەزمىدە مەي تۇتتى بۇلبۇل، يۈرىكىنى جام قىلىپ،
ئالدى دىلدار قولىغا مەي شوخ كۈلۈپ لەيلا كەبى.

5

غۇنچىدەك كۆڭلۈم مېنىڭ دوستۇ يارغا تەلپۈنەر،
قەدىمى گۈل، قەلبى چوغ گۈلئۇزارغا تەلپۈنەر.
گۈلباھار رەققاس ئۇرۇپ سۆيسە سابالار گۈل يۈزۈم،
يۈرىكىم پاتماي سىنەمگە ئالتۇن ناھارغا تەلپۈنەر.
كۈلسە تاڭ باشىمغا نۇر چاچقۇسىنى چاچسا گەر،
قەدىمىم ئىقبالىسېرى ئۇچقان قاتارغا تەلپۈنەر.
توختىماس بۇلبۇل كۈيىدىن ئىشقىدا بوستانىنىڭ،
تامشىنىپ ئانا سۈتىنى ئانا دىيارغا تەلپۈنەر.

6

سابا يەڭلىغ دېرىزىدىن كىرىپ جانانىنى ئويغاتسام،
باشىدىن مىڭ ئۆرگۈلۈپ شادان نەپەسىگە نەپەس قاتسام.
غىدىقلاپ ئاياغىدىن، ساچىنى تاراپ مەپتۇن،
ئېسىل سۆيگۈ تۆشەكىدە باغاشلاپ سۆيۈپ ئويناتسام.
قېنى زۆھرە بىلەن لەيلى ئۇنىڭدىن نازنى ئۆرگەنسە،
قېنى تاھىر بىلەن مەجنۇن كۈيىگە مەنمۇ ئۇن قاتسام.

www.nurkitap.com نۇرقۇر كىتاب تورىبېكىتى



چېكىپ دىل تارىنى شادان، ھايات تەختىدە سۇلتان ئەك،
ۋاپادار يار يۈرەكىدە ئىشىق ئوتىنى ئۇلغايتسام.
قىلىپ لۇتفىڭنى مىلك داستان ناۋا ئەيلىسە گەر بۇلبۇل،
سېنىڭ ئايدەك جامالىڭنى سەھەركى كۈنگە ئوخشاتسام.

7

جىلمىيۇر غۇنچە چىمەندە ھەريانى گۈلزار قىلغىلى،
باغ ئارا دىلدار كۈلەر كۆڭلۈمنى نۇردار قىلغىلى.
شورىدىن پىنھانە باقتىم تويمىدى كۆزۈم ئاڭا،
چىقتىمۇ يار دىلنى شادان ياكى ئازار قىلغىلى.
باقمەن شەھلا كۆزىگە، قادىلار كۆزۈمگە ئوق،
ئۇ تۆرەلگەنمۇ بۇ باغدا زۇلفىنى دار قىلغىلى.
رازىمەن ئۆمرۈم بويى شۇ باغقا بەند بولسام ئەگەر،
ئەيلىدىم ئىشقىمنى گۈلخان، ساچىمنى ئاق قار قىلغىلى.
بۇلبۇلى گۈلشەن ئارا بىر ئۆمۈر قىلغاي ناۋا،
كى جۇنۇن ۋارىسىنى ئىشقىدا باھار قىلغىلى.

1990- يىل، يانۋار

## ھايات ھەققىدە مۇۋەششەھ

ھاياتنىڭ قىممىتى، دوستۇم، جاپالىق مېھنىتىڭدەدۇر،
خەلقنىڭ ھۆرمىتىن تاپقان ئىجادىي ھىممىتىڭدەدۇر.

ئادا قىل كۈندۈ تۈن ھارماي ۋەتەن ئالدىدا بۇرچۇڭنى،
ئەھىل يۈرتنىڭ مۇكاپاتى ئەجىرىڭ قىممىتىڭدەدۇر.

جۇلالاپ — نۇر چېچىپ تۇرغان دىلىڭنىڭ قەترىسى ھەر ئان،
غۇرۇرىڭ، شەۋكىتىڭ، پەخرىڭ ئىنا قىلىق ھېكمىتىڭدەدۇر.

ئېلىپ قولغا قەلەمنى سەن، ناۋا قىلساڭ سەھەر، ئاخشام،
ناۋالار قىلغۇسى پەرۋاز، كۆڭۈللەر رىغبىتىڭدەدۇر.

ئەقىدە ئىلكىدە ئارزۇ چېچەكتىن خۇشپۇراق چاچقاي،
ئىجادىڭ قەدرى ئەلدە ھەسەلدەك نېمىتىڭدەدۇر.

خەلقنى ئۇنۇتما ئەسلا، خەلقسىز ئۇستىخاندۇر سەن،
خەلقنىڭ ئارزۇسى — پىكرى، سېنىڭ ئوي سۈرىتىڭدەدۇر.

مېلىڭدىن بولسا دوستلار كۆپ ئىشىڭدا يار — يۆلەك ھەمدەم،
قۇدرىتىڭ — شۆھرىتىڭ دائىم ۋاپادار ئۈلپىتىڭدەدۇر.

ئەقىل بىرلە پاراسەتتىن تۈمەن ئەشئار بولۇر بۇنيادە،
شۇ ئەشئار قۇدرىتى ھەردەم خۇشاللىق، كۈلپەتىگدەدۇر.

تىلاۋەت ئىلكىدە بۇلبۇل تىلەر دوستىغا شاد ئۆمۈر،
كۆيۈگىنى ئاڭلىسا مەپتۇن، ھامانە ھۆرمىتىگدەدۇر.

1990 - يىل، ماي

## تاغ سۆيگۈسى

تاغ ئاتماقتا، كۈلۈپ كېلىنچەك
يۈزلىرىدىن ئالار پەردىنى.
تەبىئەتنىڭ گۈلگۈن چېھرىگە،
ئاشىق ئەيلەپ شائىر قەلبىنى.

تاغ ئاتماقتا، ئۆز يۈرىكىنى
ئالتۇن نۇرغا تۇتار ئادەملەر.
شۇ تاغ بىلەن غەلىبە - زەپەرگە،
قويۇلىدۇ قۇتلۇق قەدەملەر.

تاغ ئىشقىدا ياشار ئادەملەر،
تاڭغا تەشنا باقار ئادەملەر.
سۆيگۈسىدە گۈزەل ئىقبالنىڭ،
دەريا مىسال ئاقار ئادەملەر.

1990 - يىل، فېۋرال

## ئارمان

دۇنيانىڭ غېمى، شادلىقى ھەم بار،
ئۇلارسىز قىزىقى يوقتۇر ياشاشنىڭ.
ئۈمىد قۇچىقىدا ئۆتكەن ئۆمۈرگە،
مۇقەددەس نۇرلىرى سىڭگەن قۇياشنىڭ.

تاماكا تۇتۇنىدەك ھايات قايغۇسى،
باھار گۈللىرىدەك شادلىقى بىراق.
كۆڭلۈمدە زەررىچە قالماستى ئارمان،
ھايات قەسرىدە بولسام شام - چىراق.

1990 - يىل، يانۋار

## كېلىمەن گۈل ئېلىپ...

سابالار تارايدۇ چېچىڭنى،
لېۋىڭدە كۈلكىلەر دەرياسى.
كۆزۈڭدە چاراقلاپ كۆرۈندى،
ئۈمىدىم، بەختىمنىڭ دۇنياسى.

ھىلال ئاي مىسالى باقسەن،
جۇنۇنلۇق سەھراسىن كەزگەندە.
ھېسلىرىڭ پىچىرلار يېنىمدا،
مەن ۋىسال بېغىدىن تەزگەندە.

بىخ سۈرەر قەلبىمدە ئارزۇلار،
قانلىرىم قىزدۇرار تېنىمنى.
قان بولۇپ ئاقتىمۇ يار ئىشقىڭ،
ھىجراندا ئازابلاپ جېنىمنى.

قارايسەن ھىلالدەك قادىلىپ،
بەختىمدەك كۈلىسەن نازلىنىپ.
كېلىمەن ئەقىدەم، ئىشقىمدىن،
يار ساڭا بىر دەستە گۈل ئېلىپ.

1990 - يىل، فېۋرال

## تەرك ئەتمەس بۇلبۇل بوستانىنى

(ت. ئىميازنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب)

ھەر تاڭنىڭ پەيزى بىلسەڭ ئۆزگىچە،
تاڭلاردىن تۆكىلەر يۈرەككە ئىلھام.
غۇنچىلار لېۋىدە مۇقەددەس سۆيگۈ،
ھاياتقا شادلىقنى قىلىدۇ ئىنئام.

بۇ يۇرتتا باھارمۇ، قەھرىتان قىشمۇ،
ئىلھام پەردىسىگە گۈل تۇتىدۇ، گۈل.
چاقچاقلار پەيزىدىن زوقلىنىپ ھامان،
ياشىرار ئۇن يىللاپ ئىشقىۋاز كۆكۈل.

چاقچاقتىن ئۇزاتقان ئاشۇ ئالتۇن جام،
شېئىرىيەت بېغىدىن سۇنۇلغان دەستە.
باغلار قۇچىقىدا مەيىن سابادىن،
سورايدۇ تەلمۈرۈپ، سىزنى نەپەستە.

تىلەكلەر، ئارمانلار ئېلىپ بارىدۇ،
مۇقەددەس يوللاردا ھامان ئىنسانىنى.
ئېزىز يۇرت قۇچىقى ماڭا سەجدىگاھ،
تەرك ئەتمەس بۇلبۇل مەڭگۈ بوستاننى.

1990 - يىل، ماي

ھاجى ئەخمەت

## شېئىرلار

### توغراقنىڭ چۈشى

قۇم سەھرانىڭ زىننىتى توغراق،
ياشاپ يۈز يىل،
تۇرار ياش پېتى.
قەددى مەزمۇت، باھادىرسىياق،
ئۇنى تاۋلار شورلۇق قىسمىتى.

يازدا قىينار تەشنالىقتا جان،
تامچە تۆكمەس ئالقانچە بۇلۇت.
كۆيدۈرمەكچى بولار سەرتان،
ئەجدىھاردەك پۈركۈپ ئاڭا ئوت.

قەھرىتاندا مۇزلاپ جانۇتەن،
چارسىلدايدۇ توغراقنىڭ غولى.
ئۇنى بارلىق قۇدرىتى بىلەن
بوغار قىشنىڭ ئەزرائىل قولى.

بەزى قۇتراپ باشلايدۇ ھۇجۇم،
كويىقاپىنىڭ قارا تەلۋىسى.
باش - كۆزىگە ياغدۇرسىمۇ قۇم،
كار قىلالماس ئاڭا ھەيۋىسى.

ھۈركۈپ قاچسا ئاھۇلار گاھى،
سايىسىغا چىللايدۇ توغراق.
چۈشىسە ئۇچار قانات نىگاھى،
ھارغان قۇشقا بولىدۇ قونداق.

كېچىلەردە كۆرەر شېرىن چۈش،
ئۇمۇ بارچە جانلىقلارغا خاس.
شېرىن چۈشكى (ئاغار ئەقىل - ھوش!...)
ئاشىق جاننىڭ ئارزۇسىغا ماس:

قاغجىراق قۇم سەھرا ئورنىدا،
دولقۇنلارمىش بىپايان دېڭىز.
توغراق ياپراپ بۈرگۈن قوينىدا،
بوي تارتقانمىش بۇلۇتتىن ئېگىز...

ئاشۇ چۈشنىڭ لەززىتىدىن مەست،
قامىتىدە سۇبات ۋە غۇرۇر.
خەتەر، ئاپەت ئۇنى يېڭەلمەس،
ئانا يەرگە يىغاچقا تومۇر.

### سۈكۈناتتا ئاختۇرىمەن ئۆزۈمنى

سۈكۈناتتا ئاختۇرىمەن ئۆزۈمنى،
تىنىمقىلىرىم مەۋجۇتلۇقتىن بىشارەت.
يۈرىكىمگە ئەلچى قىلدىم كۆزۈمنى،
نىگاھىمدا بار ئاقىلغا ئىشارەت...

مەيلى، مېنى تىلسىز دېسۇن، پاك دېسۇن،
پىتنىخورلار ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلسۇن؛
چىشلەپ - تارتىپ چۆكەرسۇن، ياداڭلىسۇن،
مېنى يەمچۈك، نادانلارنى قۇش قىلسۇن؛

مۆلدۈر كەبى ھەسسەتخورلۇق ـ مالامەت
تېشى ياغسۇن پېشانەمگە دوق بولۇپ؛
شۇم پىتنىلەر مەيلى قۇتراپ ئالامەت،
مېنىڭ ساداقىتىم ئېتىلىسىمۇ ئوق بولۇپ؛

ئۆتەر كۈنۈم پەرۋايىمغا ئالماستىن،
تۇمان ئارا مەزمۇت تۇرغان قىيادەك؛
ئەجداد ئىشقى لەززىتىگە قانماستىن،
بوي سوزىمەن تاشنى يارغان گىيادەك!...

ياشار ئاشىق بەزى شۇنداق بىناۋا،
مەشۇقىنىڭ ھىجرانىدا قان يۇتۇپ.
يوق بولسىمۇ دىل رەنجىگە ھېچ داۋا،
قىسمىتىدىن زارلانماس ئاي ـ يىل ئۆتۇپ.

مەنمۇ ئاشىق — بۇلبۇلغا چىن مۇناسىپ،
سۇكۇناتتا ئاقتۇرىمەن ئۆزۈمنى.
قاقىلداشقا بولۇپ تەتۈر تاناسىپ،
يۈرىكىمگە ئەلچى قىلدىم كۆزۈمنى.

## ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمە، ئانا

ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمە، ئانا،
نېمە ھاسىل ئۇزۇن ياشاشتىن؟
مەيلى، بىر يىل ياشاپ، ئەسىرنىڭ
كەچمىشىنى ئۆتكۈزەي باشتىن.

ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمە، ئانا،
مەيلى، چاقماق ئۆمرىنى كۆرەي.
كۈن كۆچۈرمەي يۈز يىل تۇشقاندەك،
بىر يىل شىرنىڭ ئۆمرىنى سۈرەي!

ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمە، ئانا،
ئەتمەك بولساڭ ئوغلۇڭنى مەمنۇن.
بىر يىلىمدىن بېرەي ئۆمۈرگە
بىر ئەسىرلىك قىممەت ۋە مەزمۇن.

## ئېيتما، جانان، يۈرەك سۆزۈڭنى

بىر كۆرسەم بەس، گۈلگۈن يۈزۈڭنى،
ئاھۇ يەڭلىغ ئويچان كۆزۈڭنى...
چۈشەندۈرمەك بولۇپ ئۆزۈڭنى،
ئېيتما، جانان، يۈرەك سۆزۈڭنى.

ئۆلپەتلەردىن مەيلى قاچمىغىن،
لېكىن ھەرگىز سىرىڭ ئاچمىغىن،
جان مۈلكىڭنى سوروپ ـ چاچمىغىن،
ئېيتما، جانان، يۈرەك سۆزۈڭنى.

سىرىڭ كەتسە، قىزىقىڭ كېتەر،
گادايدەك جان ئوزۇقىڭ كېتەر،
كىممۇ كىمنىڭ ھالىغا يېتەر؟...
ئېيتما، جانان، يۈرەك سۆزۈڭنى!

## بۇلاق

چىمەنزاردا ئۇنتۇپ قالدۇرغان،
پەرىلەرنىڭ ئەينىكىمۇ سەن؟
ياكى چاڭقاق دىلنى قاندۇرغان
زۇمرەت شاراب چەينىكىمۇ سەن؟

كېلىنچەكنىڭ سىرغىسى كەبى،
زەپمۇ نازۇك شىلدىرلاشلىرىڭ.
ۋىلىقلايسەن بوۋاقتەك سەبى،
ئېقىپ پۈتمەس نىچۈن ياشلىرىڭ؟!...

تەبىئەتنىڭ ئەركە قىزىسەن،
ئانا تۇپراق باغرىغا باسقان.
مۆلدۈرلىگەن ئاھۇ كۆزىسەن،
قارچۇغىدا چۆمۈلەر ئاسمان.

## ئېتىقاد

كۈن ئۆتەر،
يىل ئۆتەر،
ئۆزگىرەر ئالەم...
ۋە لېكىن ئۆزگەرمەس بىر ئۇدۇم ـ ئادەت.

nuqtaburkitap.com


ئۆز ئەقلى، ئەجرىدىن بۇت ياساپ ئادەم،
باش ئۇرۇپ ئۇنىڭغا،
قىلار ئىبادەت.

كۆجىلەر دۇتىدىن قارايغان تەلەت،
ئىبادەت ئەھلىگە باقىدۇ سۈرلۈك.
مۇردىدىن جان تىلەش بولسىمۇ غەلەت،
ئادەملەر ئۇنىڭدىن تىلەر قۇت، ھۆرلۈك...

## پۇل قاپچۇقىنىڭ مونولوگى

ئەجەب بىر ھال،
چۈشىنىش قىيىن...
يوق ئىچىمدە بىرسوم، بىر تىيىن.
شۇنداقتىمۇ
ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك
قويۇن، يانچۇقتا ساقلىنىمەن.
«پۇل قاپچۇقى» دېگەن
نامىم بىلەن ماختىنىمەن...

## ئاغرىماسمۇ كۆڭۈل يارىسى؟

ھايۋانلار بېغىدا كۆردۈم،
ئۆگىتىلگەن ئېيىقنى قولغا.
سورۇن تۈزگەن يۈزلەپ خالايىق،
بىر يىرتقۇچنى ساپتۇ ئوسۇلغا.

كۆچتۈڭگۈرجان بىر ھەزىلكەشنىڭ
بۇيرۇقىدىن تولغىماس بويۇن.
ئىنغا كلايدۇ ئېغىر پۇشۇلداپ،
ئادەملەرگە كۆرسىتىپ ئويۇن.

كۆنۈپ قاپتۇ زەنجىر، قەپەزگە،
تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى.
باشقىلارغا بولسا ئويۇنچۇق،
ئاغرىماسمۇ كۆڭۈل يارىسى؟!

## قىساس پەرىسى

— ئۆمەر سەيفىدىننىڭ «ئاق لالە»
ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

1

ئاھ، لالە!...
ئاق لالە،
شورلۇق قىسمىتىڭ
قىلدى قان، ئەشتەردەك تىلغاپ يۈرەكنى.
قايغۇرتتى قايغۇنى قايغۇ ھەسرىتىڭ،
ئاھىڭنىڭ يالقۇنى ئۆرتەپ پەلەكنى!

تەبىئەت تىلسىمى ئىمدىك بىغۇبار،
ئۆزلۈقتا ۋايىغا يەتكەن دىلرابا.
ئاھ!...
تەگرى قانداقمۇ ساڭا، ئەي نىگار،
بۇمۇدھىش قىسمەتنى كۆرگەندۇر راۋا؟!...

2

غالىپلىق ئەيشىنى سۈرمەكچى بولغان،
بەختىڭگە كۆشەندە قانخۇمار جاللات...
ئەرك ـ نومۇس يولىدا بولساڭمۇ قۇربان،
رەقىبىڭگە ھەيۋىسىن ئەيلىدىڭ بەربات!

3

ئاھ، لالە!...
ئاق لالە،
قىساس پەرىسى،
ئەزگۈ، پاك روھىڭنى كۆردۈم ئەرشتە.
نىگاھىڭ ئىسيانغا ئۈندەر روھلارنى،
ئەرك ـ نومۇس جارچىسى گۈزەل پەرىشتە!

## ھەقىقەت

ھەقىقەتنىڭ مەنزىلى يىراق،
يولتۇزلارنىڭ يۈكسەكلىكىدە.
يېتەلمەيسەن ۋەسلىگە بىراق،
ئىزدەنمەستىن، كۈتسەڭ بىھۇدە.

جۇر ئەتىسىزگە ھەقىقەت قىزى،
تۇتقۇزمايدۇ قولىنىڭ ئۇچىنى.
ئىرىشمەكنىڭ مۇشكۇللۇكىدىن،
تونۇتقاي ئۇ قۇدرەت - كۈچىنى.

**ئاشتىكەن ئەللىك ياش — ئەللىك داۋاندىن**

— بىر دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە تەبرىك

ئاشتىڭسەن ئەللىك ياش — ئەللىك داۋاندىن،
بىر قەرنە قولۇڭدا تەۋرىدى قەلەم،
جانانى ئەتىۋار بىلگەچكە جاندىن،
كەلسىمۇ بېشىڭغا چەكسىز دەرد - ئەلەم،
بىر قەرنە قولۇڭدا تەۋرىدى قەلەم.

نى ئېغىر سىناقتا بېرىپ بەرداشلىق،
پىداكار روھ بىلەن ئەلگە تونۇلدۇڭ،
شۇم ھىجران دەشتىدە ئۆتسىمۇ ياشلىق،
يالقۇندا سۇمرۇغدەك قايتا تۇغۇلدۇڭ،
پىداكار روھ بىلەن ئەلگە تونۇلدۇڭ.

ئىزدىگەچ سەنەمنى تاڭغا تەلپۈنۈپ،
ئېرىشتى ۋىسالغا ئاخىر «جۇدالىق»،
ئېچىلدى ئارزۇلار گۈلى يەلپۈنۈپ،
تۆكۈلگەن قانۇ تەر، ئەجرىڭگە لايىق،
ئېرىشتى ۋىسالغا ئاخىر «جۇدالىق».

ئەل - يۇرتىڭنىڭ بەختىچۈن تىلسىم قوينىدىن،
ئاختۇرۇپ خىسلەتلىك «ئالتۇن ئاچقۇچ» نى؛
جىلۋىدار بىزەكلەر ئەمەس،
ئەجرىڭدىن
ياسىدىڭ تىغ - شەمشەر، تاۋلاپ قويۇۋچىنى،
ئاقتۇرۇپ خىسلەتلىك «ئالتۇن ئاچقۇچ» نى.

پەرۋازى دىللاردا قوزغىتىپ بوران،
كۆز ئاچتى ئالەمگە «قانات ئىلىق تىلەك»،
يار بولغاچ ئېتىقاد ھەمدە ساپ ۋىجدان،
دانكودەك نۇر چېچىپ يانغۇچى يۈرەك،
كۆز ئاچتى ئالەمگە «قانات ئىلىق تىلەك».

ياشلىقتىن دوست بولۇپ ئۆتتۇق قەدىردان،
پۈتۈلگەچ تەقدىردە ئورتاق بىر قىسمەت،
قەلەمداش دوستلارغا ئۆرنەكتۇر ھامان،
سەندىكى ھاتەمچە مەردانە خىسلەت،
پۈتۈلگەچ تەقدىردە ئورتاق بىر قىسمەت.

بولسىمۇ ئۆمۈرنىڭ يولى ئېگىز - پەس،
يەتكۈزەر غايىگە ماڭغان يولىمىز،
ئەل ئارا يۈز سىز يورۇق بولسا، بەس،
ئۆلسەكمۇ مەردانە كۈلۈپ ئۆلىمىز،
يەتكۈزەر غايىگە ماڭغان يولىمىز.

**تۇرسۇن نىياز**

## رۇبائىيلار

(1)

مەن سېنى، سەن مېنى دېيىشتۇق يامان،
ياخشىغا گادايمۇ ياكى بۇ جاھان؟
ياخشىغۇ ئاز ئەمەس، دۇنيادا بىراق،
نە ئامال، پەرق ئېتىپ كۆرمىسە نادان.

(2)

مەن دەيمەن: تەقدىرگە تۆمۈرچى ئىنسان،
سەندەلدە ھەممىنى ياسايدۇ ئاسان.
مەن دەيمەن: ئەگرىنى تۈزلەپ بولغىچە،
بەزىدە ئۆزۈڭنى ئوڭشايدۇ بازغان.

(3)

دوستلارنىڭ دوستلارچە ئۆتكىنى ياخشى،
مېھرى دىل جامىغا تولغىنى ياخشى.
مەست قىلىپ جان ئالار سېھرىي كەۋسەردىن،
بەزىدە زەھەرنىڭ بولغىنى ياخشى.

www.uyghurkitap.com

(4)

دىيانەت، پاكلىقتىن ئېچىلغاندا گەپ،
ئۆزىنى پىنھانغا ئالار شۇئان نەپ.
سەن مېنى، مەن سېنى كۈلگەن چاغدا،
چىقار ئۇ: «مەن سېنى نەدە كۆرگەن» دەپ.

(5)

ئالىم كىم، نادان كىم؟ بۇسى بەلگىلىك،
نادانىدىن كەلگۈسى ئەلگە كەلگۈلۈك.
ئالىمنىڭ ئاۋامدىن بولمىسا پەرقى،
ئەمەسمۇ بۇ ئۆزى بەكمۇ كۈلكىلىك.

(6)

ئۆزۈڭنى ئۆزگىگە تەڭ قىلما مەيلى،
بىز سېنى سەھەرنىڭ چولپىنى دەيلى.
يۇلتۇزدىن تالاشماس چولپان دېگەن نۇر،
بولدى بەس! قىل ئىنساب، تەڭ نۇر تۆكەيلى!

(7)

كۈچ ـ قۇۋۋەت بابىدا مەيلى بول ھاتەم،
سەن يەنە بىز بىلەن ئوخشاشلا ئادەم.
ھۆرمىتىڭ، ئىززىتىڭ زادى قانچىلىك،
بىل ئۇنى، ئەل ساڭا تۇتقاندا ماتەم.

(8)

دانالار سۆھبىتى دىلغا نۇر ـ چىراق،
نۇر بىلەن دىل خانەڭ زۇلمەتتىن يىراق.
نۇر بىلەن زۇلمەتنى پەرق ئەتمەس نادان،
ئاگاھ بول، بېشىڭغا بولىدۇ چوماق.

(9)

ئادەمگە كالىندار قويدى بىر سوئال:
«يىرتماسقا بېتىمنى يوقمۇ ھېچ ئامال؟»
«يوق!ـ دېدى تىل تۇرۇپ، ۋاقىت ئاتقان ئوق،
بۇ ئوقنى قايتۇرۇپ كىم قىلسۇن قامال؟»

(10)

ئادەمدە ـ ئادەمچە بولۇر مۇھەببەت،
پاك ۋىجدان، ئەقىدە ئۇنىڭغا زىننەت.
ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى بار دېسە،
تىل ـ ئەقىل، ئار ـ نومۇس، شۇدۇر ئۇ پەقەت.

(11)

دۇنيادا ھەممىدىن كۆپ ئىكەن گەپ-سۆز،
بەزىسى بەش قىرلىق، بەزىسى تۈپ-تۈز.
جاھاندا ئاز نەرسە، دېسەم قەدىرلىك،
ئۆز ئارا دۈشمەنكەن، ھەتتا ئىككى كۆز.

(12)

ھاياتتا بىر دوستتىن ئونى ياخشىراق،
ئون ئەمەس، بولسا يۈز-مىڭى ياخشىراق.
باشقا كۈن چۈشكەندە بولسا بىۋاپا،
بى ساپا مىڭ دوستتىن يوقى ياخشىراق.

(13)

ئەر دىلىسۇ ئىچەر، دوستلۇق ـ ھىممەتتىن،
چىن دوستلۇق بۇزۇلغاي ھەسەت-مىننەتتىن.
دوستلۇق ئۇ، ھەمىشە تەكلىككە مۇھتاج،
ساۋاق ئال: «دوستلار تەڭ!» دېگەن ھېكمەتتىن.

(14)

قىلغان سۆز ـ ئاتقان ئوق، قايتۇرۇپ بولماس،
ئىگىسىنى ھەممىگە كۆندۈرۈپ بولماس.
ئاز سۆزلە، كۆپ ئويلا، تىلىڭ بولسۇن بال،
بى لەززەت بولسا ئۇ، تۇز قويۇپ بولماس.

(15)

ياش تۆكمە ھەسرەتتە، غېمىڭ كېتەر، كۈل!
نە ھەسرەت، دىلدىكى دېغىڭ كېتەر، كۈل!
تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ئادەمنى قايغۇ،
تەبەسسەت بەرگەن قۇت، چېغىڭ كېتەر، كۈل!

(16)

تىلىڭدىن چىقار سۆز: ۋىجدان، ساداقەت،
قەغەزگە پۈتكىنىڭ ئەدلۇ ئادالەت.
كۆزۈڭدىن كۆرگۈنۈم: ئوخشىماس زىنھار،
ئۈنىڭدىن چىققان نۇر: دوستقا خىيانەت.

(17)

سەن دەيسەن: تۇپراقسىز ئاينىماس پىلەك،
ئىككىمىز پىلەكتە ئۆسكەن جۈپ خەمەك.
مەن دەيمەن: ئېيتماققا بۇ سۆز چىرايلىق،
لېكىن سەن ئاخشامدا كۆرگەن چۈش بۆلەك.

Altunoq

(18)

نى قىسمەت، سەۋدالار چۈشمىدى باشقا؟
نە چارە، جۈپ كۆزلەر تولمىدى ياشقا.
كۆز ياشمۇ بەزىدە بولار ئىكەن بال،
سەۋرەڭنىڭ قاچىسى ئايلانسا تاشقا.

(19)

ئەجدادلار قامۇسى بىباھا قىممەت،
بىراق ئۇ، ئەۋلادقا بېرەلمەس شۆھرەت.
بىز بۈگۈن ئۇلارنى ياتساق سايىداپ.
ئۆلگەنلەر روھىدىن ياغماسمۇ نەپرەت.

(20)

سۈردۈممەن: نادانغا يوقمۇ دورا، دەپ،
يا ئۇنى ئېرىتەر يوقمۇ تىلدا گەپ؟
بار، - دېدى بىر دانا، - بىلسەڭ نادانغا،
تىلىڭدىن چىقمىغان سۆزلا دورا دەپ.

(21)

ئادەم بىز — گۇۋاھدۇر تىل ۋە ئەقلىمىز،
شۇ سەۋەب بازاردا يوقتۇر نەرقىمىز.
بىراق قىل ئۇستىدە قىلىمىز جاڭجال،
ئەمدى دەڭ: ھايۋاندىن نېمە پەرقىمىز؟

(22)

ئىلىم-پەن يارالغان سائادەت ئۈچۈن،
دانالار يارالغان پاراسەت ئۈچۈن.
نادانلىق، قارامىلىق ئەلگە چوڭ ئاپەت،
خۇراپات يول ئاچار جاھالەت ئۈچۈن.

(23)

مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى ياخشى،
ئۆزگە تەم، ئۆزگىچە شىرىسى ياخشى.
كۆپ كۆرگەن، كۆپ بىلگەن ئۇ دانا ئەمەس،
مۇستەقىل، خاس پىكىر ئىگىسى ياخشى.

(24)

دانا كىم، نادان كىم، يوق بەلگە-خېتى،
ئۆلچەممۇ بولالماس جىنسى ھەم يېشى.
نادانىنى غادايغان دېسەڭ پو تېرەك،
دانا ئۇ، ئېگىلگەن ئالمىنىڭ شېخى.

(25)

ئۆز ئارا رەقىپتۇر ھەق بىلەن تۆھمەت،
قوش گېزەك، ھەمراھدۇر سۆيگۈگە نەپرەت.
بىرسىنى كۆرگەندە بىرسىدىن كەچمەك،
جان كېتىپ، تەن قۇرۇق قالغىنى پەقەت.

(26)

ئۆزۈم تۈز، يولۇم تۈز، مايماق ئەمەسمەن،
ئەقىدە - غايەمدىن تانغاق ئەمەسمەن.
بىر شامال كەلسىلا ئۇچۇپ كەتكىنى،
ئازغالنىڭ پەندىسى قامغاق ئەمەسمەن.

(27)

مىللەتنى، قېلىچتىن ياماندۇر بۆھتان،
قۇتۇلماس بۇ ئىشتىن ۋىجدانلىق ئىنسان.
ھەسەت ئۇ، تۆھمەتنى تۇغقان شۇم قۇرت،
سۇكۇتلا بۆھتاننى كۆيدۈرەر خۇمدان.

(28)

ۋىجدان ئۇ، ئىنسانغا ئەمەس، ساتار مال،
يا سېنى پەدازلاپ تۇرغان گۈزەل خال.
بىر تىلسا دىل پەردەڭ بولۇر ئاشكارا،
يا ئۆزۈڭ پەرىسەن، ياكى ھەيۋار چال.

(29)

چىرايلىق سۆزلەشكە قىلما كۆپ ھەۋەس،
گەپ قىسقا، پىكرىڭ كەڭ بولسا يېتەر بەس.
كۆرمىدىم، قۇچقاچنىڭ ئالدىدا تېخى،
بۇلبۇلنىڭ ئاز سايراپ بولغىنىنى خەس.

(30)

«ۋاپاغا تەشنامەن»- دېدى مۇھەببەت،
«نامەردكە ھەمراھمەن»- دېدى خىيانەت.
«بى رەھىم، يۈزسىزمەن، قاتتىقلىقىمدىن—
قاقشايدۇ يامانلار»- دېدى ئادالەت.

(31)

بولسا گەر ئۈمىدنىڭ قانىتى سۇنۇق،
قۇياشمۇ كۆزۈڭگە كۆرۈنەر سوغۇق.
بولسا گەر دىلىڭدا ئۈمىد مەشئىلى،
كۆرۈنەر مىڭ يىللىق زۇلمەتتىن يورۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



(32)

ھەسەت ئۇ، ھەسەتخور ئىنسانغىلا خاس،
ئاي ــ كۈننى ھەسەتخور دېسە كەلمەس ماس.
ھەر كىمنىڭ خۇي پەيلى ئۆزىگە ئايان،
تۇرامدۇ تاياقتا تاكىسا سىلىق تاش؟!

(33)

ئات بىلەن ئېشەكنى داۋان ئايرىيدۇ،
تاش بىلەن تۇپراقنى قىيان ئايرىيدۇ.
ھېچ كىشى ئۆزىنى دېمەس يەردە خەس،
قايسى زەر، قايسى مىس ئاۋام ئايرىيدۇ.

(34)

ھەسەت ئۇ زەھەرلىك قۇتىغا نىشان،
دەنالار تۆھمەتنىڭ ئوقىغا نىشان،
ساندا بار، جاندا يوق، تىرىك مۇردىلار،
بى ساپا ئىنسانىنىڭ يوقىغا نىشان.

(35)

دەنالار ئېيتىدۇ: «ئىشقى يوق ئېشەك»،
دەردى بار ئادەمنىڭ «دەردى يوق كېسەك».
ئىشق نېمە، دەرد نېمە؟ بىلمىدۇ ئىنسان،
ۋە لېكىن چۈشەنمەس ئۇنى پو تېرەك.

(36)

«بەش كۈنلۈك قونالغۇ بىلىمەك بۇ جاھان،
يەپ ــ ئىچىپ بەختىڭدىن كۈل!» دېدى نادان.
مەن دېدىم: ئىنسانىمەن بى ھاجەت ماڭا،
ھايۋاننى بورداشقا كېرەك، ئوت ــ سامان.

(37)

ئاقىلغا ھەمراھدۇر، ئېتىقاد، ھۆرمەت،
نادانغا رەقىبتۇر، ياخشى نام، شۆھرەت.
بىلىمگە بى ئەمەل ئىمجان ئالىمغا،
ناداندىن مىڭ مەررە كۆپ ياغار لەنەت.

(38)

دىلىغا نەم ــ بىر ئالەم (چەكسىز بىپايان)،
خا كېچە، خا كۈندۈز ئوخشاش نۇرىستان.
يىل بىلەن ئۆلچەنمەس، ئۇ نىڭ قوش پەسلى،
دوستلارغا گۈلباھار، ياۋغا زىمىستان.

(39)

ئەجدادلار ئەجرىنى دېسەك بىر پىلەك،
ئەۋلادلار ئۇلاردىن تۇغۇلغان خەمەك.
ئەجرىسىز پىلەك يوق، چېچەكسىز خەمەك،
ۋە لېكىن چېچەك بار، مېۋىسىز پۇچەك.

(40)

مەدداھنىڭ سۆزلەشتىن يوق باشقا ئىشى،
ئاڭلىسا بولدى ــ بەس! ئولتۇرغان كىشى.
مەدداھقا پۇل لازىم، شاگىرتقا «يادوس!»
كۆزۈڭگە چۈمپەردە تۆككەن كۆز يېشى.

(41)

ئۆتكەن ئىش ھەسرىتى دىلغا جاراھەت،
ئەتىدىن قايغۇرۇش بۈگۈن نە ھاجەت؟
بۈگۈننى بەختىڭنى تاپقىن بۈگۈندىن،
ياق دېمە ئەتىسى بولسا قىيامەت.

(42)

كەلجانان ئالىۋىڭدىن بىر رەتمەي ئىچەي،
ئىچكەن مەي قىلسا مەست، دەردىمنى تۆكەي.
دەردىمنى تۆككىچە، قان بولسا يۈرەك،
كۆزدىكى ياش ئەمەس، جېنىمدىن كېچەي.

(43)

مېنى مەست، مەھلىيا قىلدى ئاي يۈزۈڭ،
مېنى خەس، دىۋانە قىلدى قاش كۆزۈڭ.
مەستلىكىم، خەسلىكىم ئۆزۈمگە راھەت،
ئەمدى جان ئالارمۇ «ياق» دېگەن سۆزۈڭ.

(44)

ئەجدادلار شۆھرىتى — ئۆتمۈشكە مەنسۇپ!
ئەۋلادلار مېھنىتى — بۈگۈنگە مەنسۇپ.
ئاخشامقى تونلۇقتىن بۈگۈن نە پايدا،
بۈگۈننى ئاچلىقمۇ ئۆزۈڭگە مەنسۇپ.

(45)

ئاتا ــ ئانا مېھرى ئاتەش سۆيۈملۈك،
ھەر ئىككىسى ئوخشاش ساڭا كۆيۈملۈك.
«لازىم، دېسەڭ ــ ئانا سېنىڭ يۈرىكىڭ»،
دېمەس: «بالام، بۇ مەن ئۈچۈن كېرەكلىك.»

(46)

بەختتۇر ئانىغا — پەرزەنت شاتلىقى،
كېرەكمۇ ئۇنىڭغا بۇندىن ئارتۇقى؟!
پەسلى كۈز «غازاڭغا ئايلاندىم» دېمەس،
مىسالى غۇنچىغا گۈلنىڭ ياپرىقى.

(47)

مىننەتلىك بىر داندىن سامان مىڭ ئەلا،
ئالدامچى تۈلكىدىن قاۋان مىڭ ئەلا.
ۋىجدانى شۆھرەتكە ساتقان دانىشتىن،
بىلىمسىز ئاق كۆڭۈل نادان مىڭ ئەلا.

(48)

«مەن» دەيسەن ھەمىشە، تىلىڭدا «سەن» يوق،
ئۆزگىلەر نە كويدا، دىلىڭدا غەم يوق.
«تەييارغا ھەييارلار» بىپەرق ئوغرىدىن،
ۋە لېكىن ئوغرى دەپ يۈزۈڭدە ئەن يوق.

(49)

نادانلىقتىن كېلەر زۇلمەت — جاھالەت.
جاھالەتتىن تۈگەر ئىلىم، ئادالەت.
نادانلىقنى دەنالىق، دەپ ماختىنىش،
ۋىجدانى بار ئىنسان ئۈچۈن جىنايەت.

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم**

# شېئىرلار

## ئويلەپ قالغان تۇيغۇلار

I

كۆرۈنەر،
گوياكى ساماۋى ئەرشكە ئوخشاپ،
كەچكى شەپەق نۇر بەرگەن —
رەڭدار غۇۋا تۇمان قوينىدا،
ئاسمانغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك چوققا.
تۇرىدۇ ئەنە:
ئاپئاق — ئاپئاق.
(نازىنىن، يۇمشاق)
بۇلۇتلار بېلىكى ئۇنىڭ بوينىدا...
مەن قاراپ دېدىم:
— شۇ مەغرۇر ھەيۋەتلىك يۈكسەك چوققىغا،
بىر چىقسام ئىدىم!..

II

چىقتىم...
ئاخىرى بىر كۈن،
ئايلاندى شۇ ئان،
گوياكى كۈندۈزگە روھىمدا بىر تۈن!
ۋە ھەم ئاشۇ چاغ،
ئۆزدى جان،
ئىپتىخارلىق، شادلىق يامرىغان —
جىسمىمدا ئارمان.
قارىدىم ئارمانسىز مەغرۇر نىگاھتا،
شۇ سىرلىق پايانسىز كەڭ كائىناتقا.
كەلمەي قالدى ئىشەنگۈم،
ھەتتا كۆزۈمگە،
پىچىرلاپ دېدىم ئۆزۈمگە:
— ئەڭ يۈكسەك چوققىغا مەن چىقتىم دېسەم،
تۇرامدۇ تېخىمۇ يۈكسەكى ئەنە؟!
ئەمدىغۇ ئارمانسىز ياشارمەن دېسەم،
تۇغۇلدى پاتمانلاپ ئارمانلار يەنە!
ئارمانلار ئۆۋىسى — كانىمۇ ئالەم؟!
يۈرەمدۇ، يۇدۇپلا ئارماننى ئادەم؟!

III

ئويلىدىم،
(يالقۇنلۇق، مۇڭلۇق ئويلىدىم)،
مۇكۈۋالدى تۇمانغا سىڭىپ.
قايتتىم مەن تەنھا،
شۇ يۈكسەك چوققىدىن زېمىنگە مېڭىپ.
بىراق سوئاللار —
ئارمانلار، غۇبارسىز تۇيغۇ خىياللار،
بۇلۇتلار بوينىغا ئېسىلىۋالدى.

ئېسىلدى ئەمما،
ۋىسال يولتۇزىنى سۆيەلمەي،
ۋە ياكى يەرگە يېنىپ چۈشەلمەي،
تۇمانلىق كۆك ئارا لەيلىشىپ قالدى…

1989- يىل 2- ماي، لەنجۇ

## يارغا ئىلتىجا

ئامرىقىم كۆزلىرىڭ سىرلىق بىر دۇنيا،
قارىچۇقتا چاقنايدۇ بەختىم سىماسى.
قارىسام قانماستىن تەلمۈرۈپ ئاڭا،
يۇمغىنىڭ كۆزۈڭنى ئاھ، ئېيت نېمىسى؟

ۋە ياكى ۋەسلىڭنى — پارلاق بەختىمنى،
مەن ئۇچۇن ئەكسىنچە كۆرمەمسەن راۋا؟
(قىزىق ئىش: ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەسلى،
ئېيتقىنا ئۆزىگە بولامدۇ داۋا؟…).

ئۆتۈنەي يۇمىغىن كۆزۈڭنى جېنىم،
كىرپىكلىك بەختىمدىن مەھرۇم ئەتمىسۇن.
تەلمۈرۈپ كۆزۈڭگە تەشنا يۈرىكىم،
نائۇمىد قاغجىراپ قۇرۇپ كەتمىسۇن.

يۇمىمىغىن كۆزۈڭنى مەن ئۇچۇن ئەركەم،
كەم دىدار بەختىمنى قېنىپ بىر كۆرەي.
ئۆلسەممۇ ناۋادا قارىچۇقلىرىڭدىن،
ئاختۇرۇپ بەختىمنى قوينۇڭدا ئۆلەي!

1989- يىل 6- ئىيۇن، لەنجۇ

## سۆيگۈ قەبرىسى

ئۇيۇقىدا مەسۇم كۆڭۈلنىڭ،
پارلىغاندا بىر قۇياش بالقىپ؛
نۇر ئىلكىدە ۋۇجۇد دۇنياسى،
كەتتى كۆڭدىن بىر يولى ھالقىپ.

قۇياشلىق شۇ ئىللىق تاڭ سەھەر،
تۆرەلدى پاك سۆيگۈ بىخلىنىپ.
تارتىنىشنىڭ ئوقىدا بىراق،
قالدى ھايال ئۆتمەي مىخلىنىپ.

چاچرىغان پاك ئىسسىق قان بىلەن،
ئوت - ئاتەشتىن رەڭ ئالدى ئۇيۇق.
چالا شېھىد سۆيگۈ ئۇستىگە،
ياپتى گۆرگە تۇمانلار يوپۇق.

ئاھ… قىلىندى پاك سۆيگۈ دەپنە،
بولدى ئۇنىڭ قەبرىسى يۈرەك.
شۇ يۈرەكمۇ كۆمۈلگەن چاغدا،
شېھىد بىخلار ئاتارمۇ چېچەك؟!

1989- يىل 12- دېكابىر، لەنجۇ

## كېرەك ئەمەس، سۆيگۈگە ئەگلەك

قاپىقىڭنى تۈردۈڭ نېمىشقا،
رەنجىتتىممۇ يا سېنى جانان؟
ياخشى كۆرۈش گۇناھمۇ سېنى،
شۇنىڭ ئۇچۇن كۆردۈڭمۇ يامان؟!

ۋاھ ئەجەبكى، تەتۈر قارىسام،
ئاندىن چىراي ئېچىپ كۈلەمتىڭ؟
ياخشى كۆرمەي نەپرەت ئوقۇسام،
شۇ چاغ خۇشال بولۇپ سۆيەمتىڭ؟!…

ھېچ بىلمىدىم، ياكى ئېگىڭغا
ھۆكۈمرانمۇ تەتۈر تاناسىپ؟
(ھەممە ئىشنىڭ ئۆز قانۇنى بار،
سۆيگۈگە ئۇ ئەمەس مۇناسىپ).

ساڭا رەڭ، ناز ياراشقان بىلەن،
كېرەك ئەمەس، سۆيگۈگە ئەگلەك.
كېرەك ئاڭا پەقەت - پەقەتلا،
سەممىيلىك، سادىقلىق، تەگلەك.

1990- يىل 12- ئاپرېل، لەنجۇ

## سۆيگۈ سۈرىتى

ساھىلغا زەڭگەر دېڭىزنىڭ،
يۇيۇنغىلى قونغاندا قۇياش؛
يېقىپ تەشنا كۆكسىنى دولقۇن،
ھاياجاندا ئەتتى مىڭ باخاش.

پېتىپ كەتتى دېڭىز لېۋىگە،
قۇياش لېۋى ئاستا - ئاستىلاپ.
چاپسانلاشتى ئاتەش تىنىقلار،
قالدى ئۇلار مەستخۇش ھالسىراپ.

ئىختىيارسىز سوزۇپ لېۋىنى،
يېقىنلاشتى قۇياش ئېگىشىپ.
ئېچىرقىغان دولقۇن بىلەن نۇر،
بىر - بىرىگە كەتتى سىڭىشىپ.

كۆرۈپ بۇنى بولغانەك خىجىل،
شەلپەر كەبى قىزاردى ئۇپۇق.
ياپتى شۇئان ئۇلار ئۈستىگە —
ئاسمان، گۈگۈم تۇماندىن يوپۇق.

1990- يىل 24- ماي، شىيامىن

## ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلار

ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلار،
مامۇقمىدۇ بويۇڭلار؟
بىر گېپىم بار سورىسام،
نازۇكمىدۇر خۇيۇڭلار؟

ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلار،
ئەرشتىمۇ ئۆيۈڭلار؟
ھەسەن - ھۈسەن چىققاندا،
بولغانمىدى تويۇڭلار؟

ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلار،
كۆك كېزىشمۇ ئىشىڭلار؟
ياش تۆكتۈڭلار نە ئۈچۈن،
بۇزۇلدىمۇ چۈشۈڭلار؟

ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلار،
شوخ شامالمۇ كۈيۈڭلار؟
مۇڭلانمىسۇن ئانا يەر،
چىراي ئېچىپ كۈلۈڭلار.

ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلار،
كۈن نۇرىنى توسماڭلار،
نۇرغا تەشنا زېمىنغا،
قاراڭغۇلۇق قوشماڭلار.

ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلار،
خانتەڭرىگە قونۇڭلار.
ئېرىپ كەتسۇن قار - مۇزلار،
كۈن نۇرىنى سۇنۇڭلار!...

1990- يىل 2- ئىيۇن، شىمەن

غېنى قۇربان

## چۈشلىرىم چۈش ئېيتار يېڭى چۈشلەرگە

ئېنىقسىز سەۋدالار بىر تۈمەن قوشاق،
چۈشلىرىم چۈش ئېيتار يېڭى چۈشلەرگە...

1

ياشايمەن بوۋاقتەك غەمسىز تۇيغۇدا،
ھېسلىرىم تاغدىكى قاردەكلا ئاپئاق.
ھەۋىسىم سەبىيلىك ئىچرە ئۇيقۇدا،
بىلمەيمەن، سۆيگۈ ئۇ بولىدۇ قانداق؟

ھەر ئىككى ئالەمدىن روھىم مۇستەسنا.
مۇھەببەت ئۇقۇمى ئۆزگىلەر مۈلكى.
نەپىكىر، نە خىيال يوق مەندە ئەسلا،
سەن كۆڭلۈم بىر بوشلۇق—چەكسىزلىك ئىلكى.

يىراقتۇر ئۇخۇمدىن ئىشقى تورلىرى،
بۇ سەپتە مەن ئاتتا، قەلبىم پىيادە.
چاقنايدۇ غەرەزسىز كۆزۈم نۇرلىرى،
يوق ئۇندا مەقسەتلىك ھېچبىر ئىپادە.

Altunoq
ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياتىدۇ شاۋقۇنۇم كۆلگە كۆمۈلۈپ،
كۆلىمەن كۆيگەنگە ئىشقى چوغىدا.
راھەتلىك ئۇخلايمەن نۇرغا بۆلىنىپ،
جىملىقنىڭ شەبنەمدەك پاك قۇچىقىدا.

2

ئۆچرىتىپ يورۇيمەن خىلىدىن بويان،
قەددىڭنى، يوللاردا، باغلاردا پات-پات.
ياندۇرۇپ كۆزۈڭدىن سېھىرلىك گۈلخان،
قارايسەن، بۇ قاراش مىزانىمغا يات!

ساھىلدا بىپەرۋا ئايلىنىپ يۈرسەم،
ئالدىمدا ئۈنگەندەك بولىسەن پەيدا.
كۆڭلۈڭنى تۇرقۇڭدىن تەكشۈرۈپ كۆرسەم،
كۆزلىرىڭ سىر سۆزلەر ـ سەن ماڭا شەيدا.

ئالىمدەك چېھرىڭگە تاڭنى تارتىپ،
كېلىسەن يېنىمغا مۇھەببەت تىلەپ.
ۋەسلىڭدىن مىڭ تومۇق سۆيگۈ يارىتىپ،
تۇتىسەن مەيلىمگە نازلىق ئەركىلەپ.

ئولتۇرسام دەريانىڭ نەم قىرغىقىدا،
دولقۇنغا قېتىلىپ ناخشاڭ ئاڭلىنار.
دۆتلىكىم جىلمايسا كۆيۈك قېتىدا،
ئاھ... بىراق شۇمەسۇم خۇيۇڭ مۇڭلىنار...

توشتۇرۇپ كۆلكىگە زىننا قىلىرىڭنى،
ئىزلەيسەن كۆزۈمدىن ئۆزۈڭگە شەپقەت.
قۇۋۇلىنىپ تەڭلەيسەن سىننا قىلىرىڭنى،
مەن ئۈچۈن بۇ ئىشلار بىر ئويۇن، پەقەت!

3

بىلمىدىم، خانەمگە قانداقچە كىردىڭ،
ئوۋلاندىم، ئوۋلىدىڭ مەيلىمنى بۇلاپ.
دەلەردە ئولتۇرۇپ روھىم چاقىردىڭ،
كېتىدۇ ھېسلىرىم ۋەسلىڭنى قوغلاپ.

قاچىدۇ يۈرىكىم جىسمىمنى تاشلاپ،
ئوبرازىڭ كەينىدىن چاپىدۇ ھەريان.
سەلكىنلەر كەلسە، گەر جىلۋەڭنى باشلاپ،
ئاقىدۇ ئىچىمدە بەھىساب قىيان!

شامالغا چاچتىڭمۇ تىنىقلىرىڭنى،
ھىدلىسام كېلىدۇ چىمەن پۇرىقى.
كۈلكىدىن ئالدىڭمۇ قىلىقلىرىڭنى،
كۈلكىگە ئوخشايدۇ ئۆزۈڭنىڭ تۇرقى.

ھويلاڭغا تۇتىشار سامانىڭ يولى،
دىلىمدا ۋەسلىڭنىڭ ئوچۇق سىماسى.
شەنىڭنى ئەگىيدۇ سازىمنىڭ تىلى،
يۇلتۇز رەڭ كۆي چاچار ئىشقىم جۇلاسى.

ئەجەلدەك ئاچ تۈيغۇ قىچقۇشلار ئارا،
سۆرەيدۇ غايىپ كۈچ ھوجراڭغا مېنى.
قىزدىلىق نەقىزدىل، چىرايىم بورا،
يادلايدۇ كۈيىمدە مۇڭلىرىم سېنى...

4

ئۇ ساڭا تاشلىدى ئىشقىتىن سالغۇ،
ئىلىندىڭ سىر بېرىپ ھېچ ئىككىلەنمەي.
سەمىرىتتى روھىڭنى رەڭدار ئاتالغۇ،
ياسىدى شادلىقىڭ ھەسرىتىمدە نەي.

ئۇ گويا ئېگىزدا ئىللىق بىر ئوچاق،
كۆكسۈڭدە تاغ ياساپ ياتتىڭ باغرىدا.
لەززەتلىك بىلمىدى ساڭا يات قۇچاق،
ھازامغا توي تۇتتۇڭ سۇناي، ناغرىدا.

يۈرىكىم چىلاندى ئەلەم تۈگمىغا،
كۈلكىدە بۇلغىدىڭ بۇلا قىلىرىمنى.
ئەسلىمەم قىستايدۇ يېنىپ ئوتىمغا،
تاتىلايدۇ ئاچچىق دەرد دىما قىلىرىمنى.

قەددىمدە جەلبكار رەڭلەر سۇسلاشتى،
ئاق دوسكا، قارا بور، يېزىلدى قۇرلار.
كۆكتىكى ئاق بۇلۇت كۆيدى، ئىسلاشتى،
كۆزۈمگە تۇماندىن تارتىلدى تورلار.

5

ئۆتمۈشتىن يا سالدى غىل-پال تۇنۇگۈن،
ئۇچراشتۇق دوقمۇشتا تەقدىر زوردىدەك.
ئەگىيدۇ تامچىلار مەڭزىڭدە بۈگۈن،
كۆزلىرىڭ دېڭىزنىڭ قونالغۇسىدەك.

لېۋىڭدىن غەم تامار، چىرايىڭ سولغۇن،
سەندىكى قىزىللىق ئۇ نەدە، قېنى؟
قامىتىڭ گويا كى قۇرىغان يۇلغۇن،
ئەمەسمۇ ياكى تەن ئۆزۈڭنىڭ تېنى...

ئاشىقىڭ كۆرۈنمەس، كەتتى ئۇ قايان،
ھەسرەتلىك يۈرۈشنى قىلدىمۇ سوۋغا؟
چۈش كۆرۈپ قوپقاندەك بولدۇڭمۇ ھەيران،
ئۆزگە چۈن بەختىڭنى تىكسە ئۇ دوۋغا.

تاشلاندۇق كەپىدەك شۇ غېرىب سۆيگۈڭ،
تۇرۇپتۇ يېنىڭدا پېشىڭنى تۇتۇپ.
بەئەينى ھەسرەتكە ئوخشاپسەن ئۆزۈڭ،
كەتكەنمۇ غەملىرىڭ شادلىقنى يۇتۇپ...

6

كۆزلەردە نىگاھلار ئالماشقان بۇ دەم،
ئۇ ساڭا، سەن ماڭا، مەن كىمگە قاراي؟
تۇمان رەڭ خىياللار چىرمىشىپ مەھكەم،
يۈرەكتە ياسىغان داغلاردىن ساراي...

7

ئاچچىق غەم بىساتىم بۇ كۆڭلىرىمدە،
شەيداسى نەس چۇقان ئۆكۈمنىڭ بۇ تاپ.
لەززەت بار ھۆر سۆپەت ئۆتمۈشلىرىمدە،
تېگىدۇ يانسىلا چېھرىمگە ئاپتاپ.

قايغۇلۇق كەيپىمگە بېزدىرىش سىڭگەن،
تۇرىمەن يات ئەلدە، ئەمەسمەن ئۆزۈم.
زۇلۇملۇق ئاھلىرىم ئىزچىللىغا كۆنگەن،
بىلمىدىم، ئۆكۈممۇ ياكى بۇ چۈشۈم؟...

8

چىقارمۇ مىڭ يىلدا سىرلار ھاردۇقى،
تەشەككۇر ئۆكۈمنى يەڭگەن كۈچلەرگە!
كۆزۈمدە ئاداققى چۈشلەر قالدۇقى،
چۈشلىرىم چۈش ئېيتار يېڭى چۈشلەرگە...

ئابدۇۋايىت توختى ( ۋاھىدى )

# شېئىرلار

## گۈزەل قەشقەر

ئېھ، قەشقىرىم مېھرىڭ ئىسسىق قۇياشتەك،
مەڭزىڭ ئانار، كۆزۈڭ سۈزۈك بۇلاقتەك.
لېۋىڭ گويا كۈلۈپ تۇرغان بىر غۇنچە،
چىشىڭ ئۈنچە، قېشىڭ بەرگى قىياقتەك.

ئوخشىتىمەن گۈل قەشقىرىم بويۇڭنى،
سەرۋى قامەت، دىلرەبا ھۆر جانانغا.
چۈشەكەيمەن سەھەرلەردە ئەتەڭنى،
قايتا كۆرۈپ يەتسەم دەيمەن ئارمانغا.

يىپەك يولى — كارۋان بۇبۇك مەركىزى،
چۈشكەن شۇڭا خەلقى — ئالەم نەزەرى.

ساقلىنىدۇ ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە،
ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ ھەر بىرى.

نۇر تۆكۈپتۇ مەرىپەت چولپانلىرىڭ،
ئالىي بىلىم يۇرتى ئۇنىڭ سىمۋولى①
ئۇندا بىلىم تەھسىل قىلار ئەۋلادىڭ،
بەيگىلەردە چاپقان ئىرپان دۇلدۇلى.

ساما بىلەن بوي تالاشقان بىنالار،
قۇچىقىڭدىن ئورۇن ئالغان ئۆزگىچە.
رەستىلەردە چېچەك ئاقار، گۈل ئاقار،
باغرىڭ باھار گۈلشىنىگە ئەندىزە.

① قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا.

كۆچەت قويغانىدۇق بىر چاغ «قىزىل» نىڭ،
ھەم «تۈمەن» نىڭ بويلىرىغا رەتمۇ رەت.
ئايلىنىپتۇ چىمەنزارغا، بوستانغا،
ساھىللىرى بۈگۈن كۆركەم، بەھەيۋەت.

شېغىل تاشلىق كەگرى كەتكەن ئۇزۇن ساي،
ئەمدى بۇرۇن قاغجىراق چۆل - جەزىرات.
ئايرودروم بىنا بولۇپ بۇ يەردە،
سەيىر قىلار مىڭلاپ يىگىت، پەرىزات.

ئاڭلىنىدۇ دۆلەتباغدىن گۈدۈكلەر،
فابرىكىنىڭ يېڭى زەپەر ئاۋازى.

يۈرۈپ كەتتى يەتتە ئىقلىم ئەھلىگە،
ئانار گۈللۈك پاختا رەختلەر ئەندازى.

كۆرمىگەنلەر قالار ئارزۇ ئارمانىدا،
يۈسۈپ، مەھمۇت قەبرىسىنى چۈشەكەپ.
تاڭ قالىدۇ كۆرگەنلىرى ئالدىراپ،
بويلىرىدا سۈرەتكە بىر چۈشەي دەپ.

ئېھ، قەشقىرىم، سەن گۈزەللىك ئۆرنىكى،
تەڭ قىلمايمەن سېنى «ھەرەم»، «رىم» لارغا.
ئىشقى - مېھرىڭ ئۇستۇنلۈكى، سۆيگۈسى،
قات - قېتىدىن سىڭگەچ ۋۇجۇد دىللارغا.

## نۇرباغ

تۈمەنىڭ دىلنى ياياراتقان مەرىپەت گۈلبېغى — نۇرباغ،
چۆمۈلدى سەن بىلەن نۇرغا ۋەتەننىڭ چۆل، تېغى ... نۇرباغ.

ئېچىڭ جەننەت — يېشىل كۆكلەم، ئاقار سەندە سۈيى زەمزەم،
ئۈمىدۋار، ياش بۈغۈنلارنىڭ پايانسىز يايلىقى نۇرباغ.

كۆتەرگەن قەد ساما بويلاپ قەۋەتلىك دەرسخانا سەندە،
ئىلىم - ھېكمەتكە لىق تولغان ھاياتنىڭ بايلىقى نۇرباغ.

مۇئەللىم دەرس ئۆتەر سەندە سەبىيلەر قەلبىنى تاۋلاپ،
گۈزەل، پارلاق كېلەچەكنىڭ ئۈمىدى، شادلىقى نۇرباغ.

بىر دىلمەس خاتىمە سەنسىز نادانلىق ۋە جاھالەتكە،
سېنىڭسىز بولمىغاي ئەلنىڭ كۆڭۈل ئازادلىقى نۇرباغ.

قىران بىر باغۋەنىڭ ئېردىم، يېشىم ئاتمىشقا ئاز قالدى،
ياشانغاندا ياشارتتىڭسەن ئۆمۈر گۈلزارلىقى نۇرباغ.

پەخىرلەن، ئىشلە، ئەي ۋاھىت، ياراتقىن تۆھپىلەر ئەلگە،
بەخت بەرگەن ساڭا، بىلسەڭ، ئەقلىنىڭ چىرىغى نۇرباغ.

## نىگارىم

قارايمەن ھەر تاڭدا چولپانغا، ئايغا،
كۆرىمەن چولپاندىن شەھلا كۆزۈڭنى.
نىگارىم ئوخشاتتىم تولۇن ئايغا مەن،
مۇھەببەت تەپچىرەپ تۇرغان يۈزۈڭنى.
سورىسام ئەي نىگار، شۇ ئايدىن سېنى،
دەپ بەرمەي ھەسرەتتە قويىدۇ مېنى.

ھەر لەھزە قارايمەن ئالتۇن شەپەققە،
كۆرىمەن شەپەقتىن گۈلگۈن چېھرىڭنى.
قارايمەن كۈن پاتقان چەكسىز ئۇپۇققا،
ئېلىنىشقا تەمشىلىپ كۆڭۈل سىرىڭنى.
سورىسام ئەي نىگار قۇياشتىن سېنى،
دەپ بەرمەي ھىجراندا قىينايدۇ مېنى.

كېيىكتەك تەلمۈرۈپ كۈمۈش بۇلاققا،
ئاڭلايمەن ئۇنىڭدىن مۇڭلۇق كۈيۈڭنى.
قارايمەن چېچەككە چۈمۈلگەن باغقا،
سېزىمەن شۇ باغدىن ئىپار بۇيۇڭنى.
نىگارىم، بۇلاقتىن سورىسام سېنى،
دەپ بەرمەي خىيالغا سالىدۇ مېنى...

نىگارىم، سېغىندىم سېنى يۈرەكتىن،
ئېيتقىنا، نەدىسەن؟ كۆرسەتكىن جامال.
ئۆمرىمىز ھىجراندا ئۆتمىسۇن سۇلغۇن،
ساداقەت كۆرسىتىپ قۇچايلى ۋىسال.
نىگارىم، مۇرادقا يەتكۈزگىن مېنى،
بەختىيار قىلىمەن مەنمۇ ھەم سېنى.

## پارچىلار

بىلىم — بەخت، بىلىملىكلەر نۇرلىنار،
ئىلىم — پەندە باياۋانمۇ گۈللىنەر.
بىلىمسىز ئۆتكەن ئۆمۈر — ئۆچكەن كۆمۈر،
بىلىمسىزلەر نادامەتتە خورلىنار.

× ×

«بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر» جىسمى بىلەن،
«بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر» ئەقلى بىلەن.
بىلىم كۈچى تەڭدىشى يوق (ئىلمى ھېكمەت)،
بىلىملىكلەر دۆلەت سورار زېھنى بىلەن.

ئىرپان گۈلى يېتەر ھامان كامالەتكە،
كامالەتتىن يېتەر گۈزەل سائادەتكە.
سائادەتمەن ئىلمى دانىش ئاۋام خەلقنى،
يېتەكلەر كى جاھالەتتىن ئادالەتكە...

× ×

ئالتۇن — گۆھەر قەدرىنى زەرگەر بىلەر،
ئاقىللارنىڭ قەدرىنى ئالىم بىلەر.
زالىملارغا ئادالەتتىن بەرسە تەلىم،
ئالىملارنى قىلىپ نابۇت زالىم كۈلەر.

× ×

شام كۆيەر — ئېرىپ ئاقار، نۇرلار چاچار،
يىڭنە كىيىم تىكىپ ئۆزى يالىڭاچ قالار.
شام كەبى ئۇستاز كۆيۈپ تۈگەر، لېكىن،
ئەۋلادلار قەلبىدە ئۇ مەڭگۈ ياشار.

× ×

دۈشمەننىڭ بىر بولسىمۇ كۆپلۈك قىلار،
دوستۇڭ ئەگەر مىڭ بولسىمۇ ئازلىق قىلار.
چىن دوستنى سىنىماقچۇن ئايرىلىپ كۆر،
ھەقىقىي دوست ئېغىر كۈندە راست سىنىلار.

× ×

خەلق بەختىم، تاجۇ تەختىم، پەخرىم مېنىڭ،
ئاش تۇز بېرىپ ئەقىل ئۆگەتكەن بەھرىم مېنىڭ.
خەلقىم ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن، خەلقىم ئۈچۈن —
جان بېرىشكە جانىم پىدا (ئەھدىم مېنىڭ)...

**ئابلىمىت باتۇر**

## رۇبائىيلار

يۈرەككە شىپادۇر باغنىڭ ھاۋاسى،
قۇلاققا يېقىملىق بۇلبۇل ناۋاسى.
سان بارمۇ كۆڭلۈڭدە باغۋەن ئەجرىگە،
ئېيتىپ باق، قانچىلىك ئۇنىڭ باھاسى؟!

× ×

كۆڭۈلدىن يەنە بىر كۆڭۈل سۇ ئىچەر،
ھاياتنىڭ لەززىتى شۇ سۇنى كېچەر.
قۇرۇتما كۆڭۈلنىڭ بۇلاقلىرىنى،
بولمىسا غېرىبلىق باغرىڭنى تېشەر.

× ×

چاپمىغىن كەتمەننى ئۆزۈڭنىلا دەپ،
يۈرمىگىن خىلۋەتتە گېلىڭغىلا يەپ.
ئەمەستۇر يىگانە دۇنيانىڭ ئىشى،
بېرىپ تۇر ئۆزگىگە ئانچە-مۇنچە نەپ.

**ئابلىكىم روزى**

# ئىككى شېئىر

## كۆيلىرىمىز چاچقۇچاچار تىللاردىن

— «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشىر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شوخ بۇلبۇللار ناۋا قىلغان بوستانىسەن،
ناۋالاردىن پۈتكەن بۈيۈك داستانىسەن.
گۈزەل قەشقەر دىيارىدا ئېچىلغان،
خۇشپۇراقلىق، نۇر - جۇلالىق رەيھانىسەن.

مەزمۇنغا باي، سەھىپەڭ مول - رەڭدارسەن،
بىزگە شۇنچە قەدىرلىكسەن، داڭدارسەن.
كۆڭۈللەرگە تۈگىمەس زوق بەرگۈچى،
گويا ئالتۇن تار چېكىلگەن دۇتارسەن.

پۈتكەچ ئەقىل جەۋھىرىدىن ھەر سانىڭ،
ئەل قەلبىنى شادلاندۇردى زور شانىڭ.
قانچە - قانچە قەلەمكەشكە كۈچ بېرىپ،
ئىجادىنى جانلاندۇردى ئىلھامىڭ.

سەندە كۆردۇق مىڭلاپ ئېسىل ئەسەرنى،
سەندە كۆردۇق چاقناپ تۇرغان گۆھەرنى.
سەندە كۆردۇق ۋەتەن ئۈچۈن جان تىككەن،
ئوت يۈرەكلىك نى-نى باتۇر - چەۋەرنى...

يۈز سانىڭنى قۇتلۇقلايمىز دىللاردىن،
كۆيلىرىمىز چاچقۇ چاچار تىللاردىن.
ياشنا مەڭگۈ ئەلنىڭ سەنئەت باغىدا،
قۇدرەت تېپىپ زەپەر قۇچقان يىللاردىن.

1991 - يىل 6- ماي

## پېشقەدەم سەنئەتكارلارغا مەدھىيە

— پاتەم قۇربان، يولۋاسخان، ئابدۇقادىر ھاجى قاتارلىق ئۈچ ئارتىستنىڭ سەھنە ھاياتىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ باشلاي سۆزۈمنى،
ئېھتىرامدا ھېس قىلىمەن گويا ئۆزۈمنى.
قەلبىمدە كۆي، ۋۇجۇدۇمدا ئالقىش نامايان،
سەھنىدىكى ئۇستازلارغا تىككەم كۆزۈمنى.

پاتەم ھەدەم ئوت يۈرەكلىك قەشقەر بۇلبۇلى،
ناخشىسى شوخ، شۇنچە ياڭراق، ئەلگە يارايدۇ.
«ئاسىگۈل» نى، «ئالتۇنگۈل» نى ئېيتسا ئەگەردە،
يۈرىكىمگە ئىللىق ئېقىم-شادلىق تارايدۇ.

ئەلنە غەمنىڭ چولپىنىدۇر يولۋاسخان ئاكا،
ئېسىمىزدە ئۇ ئوينىغان غوجا لدىر دۇاق...
ئۇ، چاۋشىيەندە ئېرىشكەن زور شان-شەرەپكە،
ئۇ ئويىنسا كۈلكە بىلەن تولار ھەممە ياق.

ئابدۇقادىر ھاجى ئاكا تالانتلىق ئارتىست،
ئۇ ئاساسلىق رول ئالدى كۆپ تىيا تىرلاردا.
ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى بار قاراڭلار ئەنە،
«جەڭ مارشى» دا، «ئەزىزە» دە ھەمدە «ئىمزا» لاردا...

پاتەم ھەدە، يولۋاس ئاكا، ئابدۇقادىر ئاكا،
سەنئەت بىلەن ئۆتتى ئاشۇ قىرىق يىلىڭلار.
بىزگە مەڭگۈ بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدۇ،
تەر ئاققۇزۇپ ئېچىلدۇرغان ھەر بىر گۈلۈڭلار.

خەلقىمىزنىڭ يۈرەك سۆزى-تىلىكى مۇنداق:
تېنىڭلار ساق، تۇرمۇشۇڭلار كۆڭۈللۈك بولغاي!
ئىلھام ئېلىپ ئىش-ئىزىڭلار-غەيرىتىڭلاردىن،
سەنئەت بېغى شېرىن-شېكەر مېۋىگە تولغاي!

1991 - يىل 5- ئاي

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: **ھاجى ئەخمەت، تۇرسۇن نىياز.**

**مۇھەممەت رەھىم**

## شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىستىلى

خەلقىمىزنىڭ شۆھرەتلىك شائىرى ۋە جامائەت ئەربابى تېيىپجان ئېلىيوپ 1930 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل كۆنى چىلپەكزە (كونا قورغاس) ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى زاكىر خەلپەم يۇرت ـ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئابرويلۇق دېھقان زات ئىدى. ئائىلىنىڭ مۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتى تېيىپجاننىڭ پەننىي ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا تۈرتكە بولغان.

زاكىر خەلپەم ۋە ئۇنىڭ ئەلپەتلىرى شېئىر خۇمار ئادەملەر ئىكەن. ئۇلاردىن ئاڭلىغان شېئىرلار، مەدرىستە ئوقۇغان ناۋائىي، فۇزۇلىي، لۇتپىي، سوپى ئاللايار ۋە شاھ مەشرەپلەرنىڭ غەزەللىرى تېيىپجاننىڭ قەلبىدە شېئىرغا ئىشتىياق قوزغىغان. ئۇ دەسلەپ قوشاق شەكلىدىكى شېئىرلارنى يېزىپ، مەكتەپنىڭ تام گېزىتىگە بەرگەن.

1945 ـ يىلى تېيىپجان دەسلەپكى شېئىرلىرىدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ غۇلجىغا بارغان ۋە شېئىر، ھېكايە يازىدىغان زىيالىيلار بىلەن ئۇچراشقان. ئەمما ئۇلارغا گەپ قىلالماي تارتىنىپ يۈرگەن. كېيىن زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەملەر بىلەن تونۇشۇپ، يازغان شېئىرلىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇلار بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بەش ياشلىق بۇ بالىدا ئۈمىد بارلىقىنى سەزگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ، ياردەم قىلىشقا باشلىغان. شۇ چاغدا تېيىپجان «شېئىردىن ئارزۇيۇم ئۇچۇن ئۇستاز ۋە ئىمكان تاپتىم» دەپ چەكسىز خۇشال بولغان. لېكىن ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر تېيىپجاننى غۇلجىدىن ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆپ ئۆتمەي يەنە كېلىۋالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ياخشى شارائىتقا ئىگە بولۇپ، ئىجادىي پائالىيىتىنى رەسمىي باشلىۋەتكەن.

### ئىجادىيەتنىڭ تۇنجى قەدەملىرى

بىر كۈنى ئۇچ ـ تۆتىمىز مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرىمىز ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. مەن «مىلىتىقىم» دېگەن شېئىرىمنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەرگىنىمدىن كېيىن تېيىپجان گەپ باشلىدى:

— 1945 ـ يىلى بىزنىڭ ناھىيىمىزدە ھەربىي سەپكە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشى باشلاندى. مەنمۇ ئەسكەر بولۇپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا قىزىقىپ قالدىم. مەن ئۆزۈم يالغۇز ئەسكەر ئالىدىغان كومىسسىيىگە بارسام، ئۇلار: سېنىڭ يېشىڭ كىچىك ئىكەن، دەپ مېنى قوبۇل قىلمىدى. مەن روھىم چۈشكەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. تاغام دېمەتلىك بىر كىشى مەندىن: نېمە بولدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ كىشى: — يۈر، مەن بىر سۆزلىشىپ باقاي، ـ دەپ مېنى كومىسسىيە ئالدىغا باشلاپ باردى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر

www.uyghurkitap.com



— بۇ بالا ئەسكەر بولۇشقا بەك قىزىقىدۇ، سىلەر بۇنى يېشىڭ كىچىك ئىكەن، دەپ قوبۇل قىلماپسىلەر، ئىرادىنى ياش بىلەن ئۆلچىسە توغرا بولمايدۇ، — دېدى.

كومىسسىيە مېنى يەنىلا قوبۇل قىلمىدى. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ھېلىقى سۆزى مەندە ئاجايىپ بىر تەسىرات قالدۇردى. مەن ئۆيگە بارغىچە، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ياش بىلەن ئۆلچىگەن كومىسسىيەدىن رەنجىپ، بىر شېئىر يېزىشنى ئويلىدىم. شۇ ئاخشىمى «جەڭچى ئاكامغا» دېگەن شېئىرنى يازدىم. بۇ، مېنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرىم، — دېدى.

1947 - يىلى بىز ئانچە - مۇنچە كىنو، تىياتىر كۆرگىلى باراتتۇق، كوچا سەيلىسى قىلاتتۇق. مۇنداق ۋاقىتلاردا تېيىپجان بىز بىلەن كەمرەك بىللە بولاتتى. قاچانلا ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرسەك، كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى ياكى بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق.

— جېنىڭنى قېيىنىما، قارى! يۈر، كىنو كۆرۈپ كېلەيلى، — دەپ زورمۇ زور باشلاپ چىقىپ كېتەتتۇق، مەن شۇ چاغدا تېيىپجاننىڭ شېئىرنى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، تىنچ جايدا يازىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ شېئىر يېزىۋېتىپ، قىيىن مىسرا، قىيىن كۇبلېتكە دۇچ كەلگەندە، يېزىلىپ بولغان كۇبلېتلارنى تەكرار ئوقۇپ كۆرۈش ئارقىلىق قىيىن كۇبلېتنى يېزىشقا يول تېپىۋالاتتى، تەسۋىرىي ۋە قاپىيەسى ھەر قانچە قاملاشقان بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئاساسىي پىكىرگە باغلانمىسا، ئۇنداق مىسرا ۋە كۇبلېتنى چىقىرىپ تاشلايتتى.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ياتاق ئالدىدىكى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يېقىن بېرىپ قارىسام، «يارات» دېگەن شېئىرنى يېزىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئۆچۈرۈۋەتكەن مىسرالارنىڭ ئىچىدە «ئات-ئېشەكتەك ئىشلىسەكمۇ يالچىماي ئۆتتۇق خاراب» دېگەن مىسرا بار ئىدى (بۇ 1948- يىلىنىڭ باھار پەسلى بولسا كېرەك). «يالچىماي» دېگەن سۆز ماڭا يېڭى ھەم جايىغا چۈشكەن سۆزدەك تۇيۇلدى.

— باشقا ئۆچۈرۈۋەتكەن مىسرالىرىڭىزغا ماقۇل دەي. بۇ بىر ئوبدان مىسرانى نېمىشقا ئۆچۈرۈۋەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ مىسرادىكى پىكىر بىلەن قاپىيە قىلىنغان «خاراب» سۆزى بىر - بىرىگە باغلانمىغان، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئويلاپ كۆرسەم، راست شۇنداق ئىكەن: «ئات - ئېشەكتەك ئىشلىسەكمۇ يالچىماي ئۆتتۇق» دېيىلسە، پىكىر ئاياغلىشىدىكەن - دە، «خاراب» دېگەن سۆزگە ئورۇن قالمايدىكەن. كۆڭلۈمدە: «مۇنداق دېگىن، دوستۇم! مىسرالاردىكى سۆزلەر بىلەن قاپىيە ھېمزدىر ھەم باغلىنىشى كېرەك ئىكەن» دەپ ئويلىدىم ۋە ئۆزۈم ئانچە دىققەت قىلمايدىغان بىر مەسىلىنى چۈشىنىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن قاپىيە قوغلىشىپ كېتىپ قالسام، «يارات» دېگەن شېئىر يادىمغا كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

## شېئىرىيەتتىكى ئوبراز

شېئىر يازغاندا پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئاسان ئەمەس. ئوبراز — شېئىرغا ئىستىلىستىك سەنئەت بېغىشلايدىغان مۇھىم ئامىل. تېيىپجان شېئىرىيەتنىڭ بۇ تەلىپىنى

قولىغا رەسمىي قەلەم ئالغان يىللاردىلا چۈشەنگەن ۋە ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ 1948 ـ يىلى يازغان « لۇتپۇللىغا » دېگەن شېئىرىنى «قىساس ئۆشى ئەمەس قاناتسىز » دەپ ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ ـــ « سەن ئۈچۈن قىساس ئالىمىز » دېگەن پىكىرنىڭ يېڭىچە ئوبرازلاشقان شەكلى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال مەن « قىساس ئوتى ئۆچمەيدۇ »، « قىساس خەنجىرى سۇنمايدۇ » دېگەنگە ئوخشاش ئوبرازلاشقان شەكىللىرىنى كۆرگەنىدىم.

مەن تېيىپجاندىن:

ـــ سەن مۇشۇ مىسرانى قانداق ئويلاپ تاپتىڭ ؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـــ قىساس دېگەن ئۆچ ئېلىشنى چۈشەندۈرىدىغان سوبيېكتىپ ئۇقۇم. مەن ئۇنى ئوبيېكتىپ نەرسىگە، يەنى تىرىك قۇشقا ئوخشاتتىم، شۇنىڭ بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان قىساس چۈشەنچىسى ئۆز رەقىبىنى ئىزدەپ ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان باتۇر قۇشقا ئايلاندى ـ دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوبرازلىق پىكىر قىلىش ئارقىلىق شېئىرغا ئوبراز سىڭدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇسۇلىنى چۈشىنىۋالدىم.

1961 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «تارىم» ۋە «شۇغىلا» ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىرلىرى غۇلجىغا باردۇق. تېيىپجانمۇ بىز بىلەن بىللە بارغانىدى. تۆت ئايلىق خىزمەت جەريانىدا ھەممىمىز شېئىر، ھېكايىلەرنى يازدۇق ۋە بىر ـ بىرىمىزگە كۆرسىتىپ پىكىر ئېلىشتۇق. مېنىڭ «يېزا غەزەللىرى» ناملىق چاتما شېئىرىم ئىچىدىكى «يار دېسەڭ» دېگەن غەزىلىمدە: «كەل، قېنى، تاشلايلى بىز مۇشكۇل جاپانى ئىرغىتىپ» دېگەن مىسرا بار ئىدى. تېيىپجان ئوقۇپ كۆرۈپ:

ـــ «جاپانى ئىرغىتىپ تاشلايلى» دېگەندىن كۆرە، «جاپانىڭ قەددىنى پۈكلەپ تاشلايلى» دېسەڭ، تولۇق ئوبرازلىشىدۇ ـ دەپ مەسلىھەت بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ مىسرا «كەل، قېنى تاشلايلى بىز پۈكلەپ جاپانىڭ قەددىنى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مەن جاپانى يولدا پۇتلاشقان جانسىز نەرسىگە ئوخشاتقان بولسام، تېيىپجان ئۇنى دىۋدەك قاۋۇل، جانلىق مەخلۇققا ئوخشاتتى.

تېيىپجان قاچاندا بولسۇن بىلگىنىنى باشقىلاردىن ئايىمايدىغان پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھەر قانداق ئەدەبىيات ھەۋەسكارىغا پايدىسى تېگەتتى، قىلچە زىيىنى تەگمەيتتى.

## تەخەللۇس توغرىسىدا

تېيىپجان ئېلىيوپ بىزگە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

ـــ بىر كۈنى مەدرىستىكى ھوجرامدا ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتىم. شۇ چاغدا مېنى بىر تالىپ چاقىردى. مەن قەغەزلىرىمنى يىغىشتۇرۇۋەتمەي، بىر كىتابنىڭ ئۈستىدە قويغان پېتىم چىقىپ كېتىپتىمەن. ھويلىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ ھوجرىغا كىرسەم، موللام مەن يېزىۋاتقان شېئىرنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ئۇ ماڭا ھومىيىپ قارىدى:

«سەن نېمىشقا شېئىر يازىسەن؟ يەنە تېخى قۇرئاننىڭ ئۈستىگە قويۇپ يازىدىكەنسەن. قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەمسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شېئىر يازىدىغان

بولاك، قولۇڭغا ئۈن دەررە ئۇرىمەن!» دەپ مېنى شېئىر يېزىشتىن چەكلىدى. بىراق موللامنىڭ ئۇ ھەيۋىسى مېنىڭ جۈرئىتىمنى توسىيالمىدى. مەن موللامغا كۆرسەتمەي شېئىر يېزىۋەردىم، مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن مەن ئۆزۈمگە «جۈرئىتى» دەپ تەخەللۇس قويغانىدىم. — دېدى.

— تەخەللۇسنى ياخشى تاللىغانىكەنسەن، بىراق ئىشلەتمەي تاشلىۋەتتىڭ، — دېدۇق بىز.

بۇ سوئالىمىز شۇ چاغدا جاۋابسىز قالغانىدى.

1961 - يىلى 4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بىز غۇلجىدا بولدۇق. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتتا تەخەللۇس (ئەدەبىي لەقەم) توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالدى. بىر قانچە ئەدىبنىڭ ئۆزلەشكەن ۋە ئۆزلەشمىگەن تەخەللۇسلىرى سېلىشتۇرما قىلىنغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم خوجا مۇنداق دېدى:

— بەزى ياشلار تەخەللۇس بىلەن مەيدانغا چىقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار: ناۋائىي، فۇزۇلىي، لۇتپىي، ھۇۋەيدا ... لاردەك شۆھرەت قازىنىشنى ئويلايدۇ.

— ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى قويغان تەخەللۇسقا لايىق بىر نەرسە يازالماي، ئاخىردا «قالپاققا تۇشلۇق قىرغىز يوق» بولۇپ قالىدۇ، — دېدى تېيىپجان.

— قالپاقنى كىيىشكە ئالدىرىغان بىلەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن جۈرئەت كېرەك - تە!

ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ گېپى تېيىپجاننىڭ 50 - يىللاردىن بۇيان ئىشلەتمىگەن «جۈرئىتى» دېگەن تەخەللۇسقا كىنايە قىلىنغانىدى.

— سىزنىڭ «قالپاق» قا ئوخشاپلا كېتىدىغان بىر تەخەللۇسىڭىز بارغۇ! شۇنى نېمىشقا ئىشلەتمەيسىز؟ — دېدى تېيىپجان.

ھەممىمىز جايىغا چۈشكەن بۇ چاقچاقتىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشتۇق.

— مەنمۇ كلاسسىكلارنى دوراپ تەخەللۇس قويۇۋاپتىكەنمەن، — دېدى تېيىپجان، — تەخەللۇس قويۇش — بىرىنچىدىن، كلاسسىكلاردىن قالغان ئەنئەنە؛ ئىككىنچىدىن، شۇلار ياشىغان جەمئىيەت شۇنى تەلەپ قىلاتتى. ھازىر ئۆز غايەڭ، ئۆز تىلىكىڭگە مۇۋاپىق خالىغىنىڭنى يازغىلى بولىدىغان جەمئىيەتتە تەخەللۇسنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. شۇڭا مەن زۆرۈر بولمىغان شارائىتتا زادى ئىشلەتمىدىم.

بىز مۇشۇ چاقچاق ئارىلاش سۆھبەت نەتىجىسىدە تەخەللۇسقا قارىتا چۈشەنچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق.

## ئىجادىيەتتىكى ئەستايىدىللىق

1979 - يىلى 2 - ئايدا «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» توپلىمىنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىنى ئىشلەش ئۈچۈن مەنمۇ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا باردىم. بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن تېيىپجان «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ 2 - نەشرىنى تەييارلاشقا كىرىشتى، مەن ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم.

تېيىپجان «ساڭ مۇدىرىنىڭ زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» دېگەن ساتىراسىنىڭ بىر يېرىنى ماڭا كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ كۇبلېت ياخشى يېزىلماپتىكەن، قىزىقچىلىقتا سەزمەپتىمەن. ئەمدى تۈزەتمىسەم بولمىغىدەك. سېنىڭچە، بۇ كۇبلېتنى قانداق تۈزەتسەم بولار، ئويلاپ باقە!— دېدى.

— پىشانەڭنى سىلاپ قوي،
ئېچىپ يۈرگىن كۆزۈڭنى!
— بىكار، ھازىر كۆرسەن
ئۆچقۇرغاندا ئۆزۈڭنى!

تۈزەتمەكچى بولغان بۇ كۇبلېتنى باشتىكى ۋە ئاخىرىدىكى كۇبلېتلار بىلەن قوشۇپ بىر نەچچە قېتىم ئوقۇدۇم. لېكىن دەرھال بىرەر ياخشىراق لايىھەنى قويالمىدىم. ئاخىرىدا:

— بۇ يەرگە «ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما» دېگەن ماقال باب كېلىدىكەن،— دېدىم.

ئۇ، مۇشۇ كۇبلېت ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرغاندا، ئابدۇكېرىم خوجا چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى تېيىپجان ھېلىقى كۇبلېتنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى كۆرسەتتى:

«مەھكەم بولغىن ئۆزۈڭگە،
ئوغرى تۇتما قوشناڭنى»—
دېمىگەنمۇ كونىلار،
نەگە يېدىڭ ئاش — ناننى؟
يا غازلارنىڭ بىرىگە،
ئاچقۇچىڭنى بەرگەنمۇ؟
ياكى سەن بىرەر غازنىڭ،
تام تەشكىنىنى كۆرگەنمۇ؟

— بىر ناچار كۇبلېتتىن ئىككى ياخشى كۇبلېت چىقىپتۇ،— دېدىم مەن.

— سېنىڭ ماقال – تەمسىلچىلىكىڭ ئەسقىتىپ قالدى، مەترىھىم①،— دېدى تېيىپجان.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ باشقا بىر شېئىرىدىكى يەنە بىر نۇقسان يادىمغا كەلدى.

— تېيىپجان سېنىڭ «ھەيرانمەن» دېگەن شېئىرىڭنىڭ 2 - كۇبلېتىدە ئازراق نۇقسان بار ئىكەن، ئاڭلاپ باق:

ئەجەب بۈگۈن «سەن» دېگەن تىلىڭ
قانداقلارچە «سىز»گە بۇرالدى؟!

بۇ مىسرالاردىكى «ئەجەب بۈگۈن» بىلەن «قانداقلارچە» دېگەن سۆزلەر دەل جايىغا چۈشمىگەن. مېنىڭچە:

نەچچە ۋاقىتتىن «سەن» دېگەن تىلىڭ،
ئەجەب بۈگۈن «سىز» گە بۇرالدى؟!—

دەپ تۈزەتسەك، رەۋىش سۆزلەر جايىغا چۈشىدىكەن،— دېدىم مەن.

تېيىپجان ئويلاپ كۆرۈپ:

— راست، بۇ پىكىرىڭمۇ توغرا! بۇ نۇقساننى قاچان سەزدىڭ؟ – دەپ سورىدى.

① كونا قەلەمكەش دوستلىرىم مېنى شۇنداق ئاتىشىدۇ.

— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرى كۈندۈزى «ئۈزۈندە»، كېچىسى ھېكايە، شېئىر ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە سەزگەنىدىم.

— پىكىر قوغلىشىپ، رەۋىشلەرگە دىققەت قىلماپتىمەن، — دەپ ئەپسۇسلاندى ئۇ. — شۇنىڭ بىلەن سۆزلەرنىڭ دەللىكى بۇزۇلۇپتۇ. شېئىردا مىسرالارغا تىزىلغان سۆزلەرنىڭ دەللىكى خۇددى تارازىنىڭ چوكىسى تۈزلەنگەندەك دەلمۇ دەل كېلىشى كېرەك.

نەزەرىيە خاراكتېرلىك بۇ سۆز ماڭا يېقىش كەتكەچكە شۇ چاغدىلا خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىۋالدىم. ئۇنىڭ بۇ ئورۇنلۇق پىكىرلەرنى دەرھال قوبۇل قىلغانلىقى ماڭا نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ئىزھار قىلغاندەك تۇيۇلدى. مەن ئۇزۇن يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتىم جەريانىدا «ئۆزۈمنىڭ يازغىنى ياخشى» دەيدىغان، پىكىر قوبۇل قىلمايدىغان شائىرلارنى كۆپ كۆردۈم. مۇنداق شائىرلار يازغان شېئىرلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەيمۇ قالمايدۇ، پەقەت ماختاشنى تەمە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇنلۇق پىكىرلەرنىمۇ قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ. تېيىپجان ئۇنداقلاردىن ئەمەس ئىدى. 1956 – ۋە 1957 – يىللىرى يېزىلغان يۇقىرىدىكى ئىككى شېئىرىنىڭ نۇقسانلىرىنى 1979 – يىلى تۈزەتكەنلىكى ئۇنىڭ شېئىرغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شۇ چاغدا: «مەن تېخى نۇقسانسىز شېئىر يازالايدىغان دەرىجىگە يەتمىدىم، ئۆز شېئىرلىرىنى نۇقسانسىز ھېس قىلغان ئادەم پىكىر قوبۇل قىلالمايدۇ، پىكىر قوبۇل قىلمىغان ئادەم ئىجادىيەتتە راۋاج تاپالمايدۇ» — دېگەنىدى.

شۇ يىلى تېيىپجان بېيجىڭدە بىر نەچچە شېئىر يازدى، يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ پىكىر سورىدى. ئۇ، پىكىرلەرنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى، قايىل بولغان ۋە كۆڭلىگە ياققان پىكىرلەرنى دەرھال يېزىۋالاتتى. ئاندىن شۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن نۇقسانلارنى تۈزىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى ماڭا 1948 – يىلدىن بۇيان مەلۇم ئىدى، ئۇ مۇشۇ ئادىتى بىلەن بىر قېتىم چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغانىدى.

1962 – يىلى تېيىپجان «‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» ناملىق ساتىرىك شېئىرىنى يېزىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە بەزى يولداشلارغا كۆرسىتىپ پىكىر سورىغان.

— بۇ شېئىرىڭىز ياخشى يېزىلىپتۇ، ئەمما ۋەزىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ، بۇنى ئېلان قىلسىڭىز بالاغا قالىسىز، — دېگەنىدى مەرھۇم روزى قاسىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم خوجا ۋە پەتتارجان مۇھەممىدىلەرگە كۆرسەتكەن. ئاخىرىدا پەتتارجان بۇ شېئىرنى ئىقىۋېلىپ، يوقىتىپ قويدۇم، دەپ بەرمىگەن. شۇ چاغدا «‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغانىدى. 1963 – يىلدىكى سىياسىي ھەرىكەتتە پەتتارجان بۇ شېئىرنى شافىگراپتا كۆپەيتىپ باستۇرۇپ، «زەھەرلىك ئوت-چۆپ» دېگەن بەتنام بىلەن قوشۇپ تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ شېئىر خۇددى يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگەندەك، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەنقىدلەنگەنىدى.

## شېئىرنىڭ جېنى — پىكىر

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرىيەت توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىدە بايان قىلغان پىكىر-

لىرىدىن ، ئادەتتىكى گەپ - سۆزلىرىدىن ، ئەڭ مۇھىمى ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارى-
غاندىمۇ ئۇ ، تەۋەككۈل قىلىپ بىرەر شېئىر يېزىپ باققان ئەمەس . شېئىر بولغۇدەك بىر يېڭى پى-
كىر تاپقاندىلا ، ئاندىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ، شۇ پىكىرنى مۇۋاپىق ۋەزىن ۋە شەكىل بى-
لەن شېئىر قىلىپ يازغان شائىر . ئۇ ، بىرىنچى شېئىرى «جەڭچى ئاكامغا» دىن باشلاپ
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئىجادىي پائالىيىتىدە : «ئاۋۋال شېئىرىي پىكىرنى تاپ ،
ئۇنى ئاز - تولا كاللاڭدا پىشۇر ، ئاندىن قولۇڭغا قەلەم ئال» دېگەن ياخشى ئىستىلنى ئۆ-
زىگە ئادەت قىلىۋالغان (بۇ ۋيرۇتمىلارغا ئاساسەن يېزىلغان قىسمەن شېئىرلىرى بۇنىڭ
سىرتىدا) . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەر دائىم «شېئىرنىڭ جېنى - پىكىر» دەپ قاراپ كەلدى .
ئۇ مۇشۇ كۆز قارىشىنى بىر كۇبلېت رۇبائىيسىدا كىشىلەر تەئەججۇپ ئەيلىگۈدەك ماھا-
رەت بىلەن بايان قىلغان :

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس ، پىكىر — يۇرىكىم ، مىسرالار — تومۇر ،
شېئىر — مەن ئۈچۈن ۋىجدان ئىشى ، بەس . ھەرپلەر — قېنىم ، ۋەزنىلەر — نەپەس .

مەن ئۆمرۈمدە شېئىر ۋە ئۇنىڭدىكى پىكىرنى مۇنداق
ھەققانىي ۋە بەدىئىي تەسۋىرلىگەن رۇبائىي ياكى شېئىرنى كۆرمىگەنىدىم .
تېيىپجاننىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئاساسىي پىكىر ياكى شېئىرىي يەكۈن ئەڭ ئا-
خىرقى كۇبلېتقا جايلاشتۇرۇلغان . مۇنداق شېئىرنى ئوقۇغان كىشىدە كۈچلۈك قانائەتلەن-
گەن ، ھاردۇق چىققان تۇيغۇ - سېزىم پەيدا بولىدۇ . مەسىلەن : «تۈگىمەس ناخشا» ، «ئۇر-
چۇق باتۇر» ، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ، «شۇم بالا» ، «كۆرۈۋېدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل» ،
«كەۋسەر» ، «تېۋىلغا» ، «يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ» ، «سىنچىنىڭ سۆزى»
قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلىرى كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان يېشىم ۋە يەكۈن بىلەن ئاخىر-
لاشقان . بۇ ھەقتە تېيىپجان ئۆزى مۇنداق دېگەنىدى :
— مەن شېئىرنى شۇنداق يېزىش كېرەك دەپ قارايمەن ، ئۆزۈممۇ شۇنداق يېزىپ
ئادەتلەنگەن . بېشى قويۇق ، ئاخىرى سۇيۇق شېئىرلارنى ئوقۇسام ، خام تاۋۇز يېگەندەك
بولىمەن . ھەر بىر شېئىرنى بىر قۇلۇپقا ئوخشاتساڭ ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۇبلېتىنى
ئاچقۇچ دەپ چۈشەن . سەن ئاخىرقى كۇبلېتنى شۇنداق يازغىنكى ، ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سې-
لىپ تولغىساڭ شىرىققىدە ئېچىلغاندەك ، ئاساسىي پىكىرىڭنىڭ مېغىزلىق يېرى لاپپىدە ئې-
چىلسۇن . مانا شۇ چاغدا كىتابخانلىرىڭ سەندىن رازى بولىدۇ .
شېئىرىيەتنىڭ بۇ تەلىپى شائىرنىڭ ماھارىتىنى نامايەن قىلىدىغان ، شېئىرنىڭ بەدى-
ئىي قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر . بىز بۇ ئالاھىدىلىكنى كۆپرەك تې-
يىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز .

## ئارۇز ۋەزنىنىڭ «كاجلىقى»

مەن تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن بولغان قىرىق ئىككى يىللىق دوستلۇق ۋە كەسىپ-
داشلىق مۇناسىۋىتىم جەريانىدا ئۇنىڭ كېچىسىمۇ ، بەزىدە كۈندۈزىمۇ شېئىر يېزىپ ئول-
تۇرغانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرگەنمەن . پەقەت ئۇنىڭغا تىنچ شارائىت بولسا ، دەپتەرنى

تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپمۇ يېزىۋېرەتتى.

بىر كۈنى چۈشتە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام، شېئىر يېزىۋاتقان ئىكەن. مەن بىلەن ئاددىيلا كۆرۈشۈپ:

— مەن ھازىر تەۋەللۇت ئۈستىدە، بىر پەس ئولتۇرۇپ تۇر! — دېدى — دە، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ تۇردۇم. بىر ئازدىن كېيىن كىچىك قىزى شۇ ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ياپماي يېنىپ چىقتى. قارىسام، تېيىپجان ئۆيدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ شېئىر مىسرالىرىنى تۈزەۋېتىپتۇ.

مېھمانخانىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ بىر نەچچە كىتابى تۇرۇپتۇ. مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىن «خەزائىنۇلمەئانىي»نى ئېلىپ، ئۇيەر — بۇيەردىن بىر نەچچە غەزەلنى ئوقۇدۇم. بۇ كىتابنىڭ بەزى ۋاراقلىرى قاتلانغان، بەزى غەزەللەرگە بەلگە قويۇلغان. بۇ، ئۇنىڭ «ناۋائىي غەزەللىرى» توپلىمىنى ئىشلەۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. ئىش ئارىلاپ كەلگەن بۇ ئىلھاممۇ ئۇنى بىر سائەتتىن كۆپرەك ئاۋارە قىلغانىدى.

تېيىپجان شېئىرنى يېزىپ بولۇپ ئۆيدىن چىقتى:

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجىمە! «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن شۇ، ئاخشاملىققا قالاتتى — قۇيرۇقلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرسەم پۈتىدۇ. قېنى، ئەمدى ئۆز كەپىمىزنى قىلايلى، — دېدى.

بىز مۇھىم گەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پارىڭىمىز ئارۇز ۋەزنىنىڭ تەلەپچانلىقى ۋە كاجلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىگە يۆتكەلدى. تېيىپجان كلاسسىك شائىرلارنىڭ بەزى سۆزلەرنى قىسقارتىپ (مەسىلەن: «بىلەن»نى «لە»، «نېمە ئۈچۈن»نى «نېچۈن» قىلىپ)، بەزى سۆزلەرنى ئۇزارتىپ (مەسىلەن: «ئاسمان»نى «ئاسىمان»، «ئاشنا»نى «ئاشىنا»، «كاشكى»نى «كاشىكى» قىلىپ) ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر بىزدە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ھەممە سۆزلەرنىڭ ئىملاسى قېلىپلاشتۇرۇلغان. مەن تىل — يېزىق كومىتېتىدىن ئارۇز ۋەزنىدە بىر قىسىم سۆزلەرگە ئازراق «ئاپتونومىيە» بېرىشنى ئىلتىماس قىلاي دەۋاتىمەن.

— سەنغۇ ۋەزىنگە چۈشمىگەن سۆزلەرنى بىر ئامال قىلىپ چۈشۈرىسەن، — دېدىم مەن، — بەزى شائىرلار بۇ جەھەتتە كلاسسىكلاردىن «ئېشىپ» كەتتى... ئۇلار ئۆزلىرى ۋەزىنگە چۈشۈرەلمىگەن سۆزلەرنى خالىغانچە قىسقارتىپ، ئۇزارتىپ ياكى بۇزۇپ چۈشۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. مەسىلەن:

«بىر يېقىم سادا» — («بىر يېقىملىق سادا» دېمەكچى)،
«كەلگۈمىز» — («كەلگۈسىمىز» دېمەكچى)،
«يولباش» — («يولباشچى» دېمەكچى)،
«زوقلىدىم» — («زوقلاندىم» دېمەكچى)،
«شۇ تاپ» — («شۇ تاپتا» دېمەكچى)،
«ھەر دەمى» — («ھەردەم» دېمەكچى)،
«قېنىشلاپ» — («قېنىپ» سۆزىنى بۇزۇپ، «يېنىشلاپ» قا قاپىيە قىلغان)؛

يۇقىرىدىكى مىساللار ئىملا خاتالىقى بولماستىن، بەلكى ۋەزىن، تۇراق ۋە قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن شۇنداق بۇزۇپ ئىشلىتىلگەن. بۇنداق بۇزۇشنى بىلىپ، تۈزەشنى بىلمەيدىغان «سۆز ئىسلاھاتچىلىرى» شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىشى مۇمكىن. شېئىر تىلى ئۈچۈن ئازراق «ئاپتونومىيە» سورىساق، بۇ ئىلتىماسىمىز قوبۇل قىلىنسا، ئۇ چاغدا يۇقىرىقىدەك تىل ئۆگەنمەستىن، ئىزدەنمەستىن، ساق سۆزنى بۇزۇپ شېئىر يازىدىغان شائىرلار ئۈچۈن دەستەك بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ!

— توغرا، — دېدى تېيىپجان، — مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىمۇ بار ئىكەن. شېئىرنى ئىچ پۇشۇقى دەپ بىلىدىغان «شائىرلار» نىڭ ۋە ئۇنى سەزمەيدىغان مۇھەررىرلەرنىڭ دەستىدىن شېئىرلىرىمىزنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇنداقلارغا قارىتىپ: «كۆلەلمىگەن ھالىڭغا ھېجايىما» دېگەن مەزمۇندا بىر ساتىرا يازغۇم كېلىدۇ. بىراق، بەزىدە مېنىڭمۇ كۆلەلىشىم چاغلىق بولۇپ قالىدۇ.

مەن كۆڭلۈمدە: «تېيىپجاندەك بىر شائىر شۇنداق دەۋاتقان يەردە، مېنىڭ كۆلەلىشىم تېخىمۇ چاغلىق ئىكەن» دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا تېيىپجاننىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا جانلىق تىل بىلەن ئەدەبىي تىلنى خۇددى قىز بىلەن يىگىت قۇچاقلاشقاندەك گىرەلەشتۈرۈپ، ئويىنىتىپ، ئەگىتىپ ۋە ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن شېئىرلىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق بىر مىسرا بار:

«ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى بولغاندىن تىرىك شەرمەندە مەن».

بۇ مىسرادىكى «تىرىك شەرمەندە بولغاندىن ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى» دېگەن پىكىرنى شېئىرىي ئىنۋېرسىيەدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئارۇز ۋەزنى رەمەل بەھرىنىڭ «پائىلاتۇن / پائىلاتۇن / پائىلاتۇن/ پائىلۇن» (رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇپ) تۈرىگە چۈشۈرگەن ۋە ئاساسىي پىكىرگە بويسۇنىدىغان توق قاپىيىنىمۇ قولدىن بەرمىگەن.

تېيىپجان «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» نى يازغاندا، ئارۇز ۋەزنىنىڭ كاجلىقىغا قىلچە دۇچ كەلمىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەزى شېئىرلىرىدا دۇچ كەلگەنلىكىنى يوشۇرمىغانىدى. ئۇنىڭ 1977 - يىلى يازغان «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دېگەن شېئىرى مۇتەقارىب بەھرىنىڭ «پەئۇلۇ پەئۇلۇن/پەئۇلۇ پەئۇل» — (مۇتەقارىبى مۇسەممەنى ئەسرەمى مەھزۇپ) تۈرى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، 3 - كۇبلېتىنىڭ 2 - ۋە 3 - مىسرالىرىدىكى «جۇشقۇنلىنىپ»، «ئىش ئۆگىنىپ» دېگەن سۆزلەر «پەئۇلۇ پەئۇل» (-VV- ) تەقتىلىگە تولۇق چۈشمەي قالغان. مەن مۇشۇ نۇقسانىنى كۆرسەتسەم، ئۇ قىلچە سەۋەب كۆرسەتمەي ئىقرار قىلدى:

— مۇشۇ شېئىردىكى مەن بويسۇندۇرالمىغان كاجلىق شۇ. سەنمۇ ئارۇزنىڭ ئۇستىسىدۇ. قېنى ئاشۇ پىكىرنى قاچۇرماي تولۇق چۈشۈرۈپ باقە! — دېدى.

— سەن بويسۇندۇرالمىغان كاجلىقنى باللىرىمىز بويسۇندۇرار، — دېدىم مەن.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ھەزەج بەھرىنىڭ ئەڭ قىيىن تۈرلىرىدىن بىرى «مەپئۇلۇ/مەپائىيلۇ/ مەپائىيلۇ/پەئۇلۇن» — (ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب مەكپۇپى مەھزۇپ) تۈرى بويىچە يېزىلغان «ئەمدى ئېغىز ئاچما» دېگەن غەزىلىنى ئوقۇپ تەسلىم ئەيلەپ قالدىم. بۇ غەزەلدىكى پىكىر ۋە تەسۋىرلەرنىڭ ئىستىلىستىكا تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق بايان قىلىنىغا نىلىقىدىن باشقا، ۋەزىن، قاپىيە ۋە رادىپلارنىڭ ماسلىشىپ كەلگەنلىكى (ئارۇز ۋەزنىنىڭ كاجلىقىغا دۇچ كەلمىگەنلىكى) مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ بۇ قىيىن تۈرلىرى بويىچە تېيىپجاندىن باشقا بىر كىمنىڭ شېئىر يېزىپ باققانلىقىنى كۆرمىدىم. تېيىپجاننىڭ 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان بىر قانچە غەزەللىرى ئۇنىڭ شائىرانە تەپەككۇرىنىڭ، تىل بايلىقىنىڭ ۋە ئىستىداتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوپ بارماق ۋەزنىدە شېئىر يازغاندا، ئېنىقلىق ۋە راۋانلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇراقتا بەكمۇ ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى. ئەمما ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يازغاندا، ئۇنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى بۇزمايتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ناۋائىي، سەككاكىي، فىردەۋسى، شىرازىي ۋە باشقا كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى كۆپ مۇتالىئە قىلغانلىقىنىڭ، جانلىق ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ۋە شۇ ئۇسلۇبتا يېزىشنى ئادەتلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

(داۋامى بار)

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن نىياز

---

(بېشى 56 ـ بەتتە)

— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالىمەن، خوش، كۆرۈشەرمىز.

— خوش.

بىز شۇنچىلىك ئاددىلا خوشلاشتۇق. قىز ئالدىراپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى. بىر نەچچە كۈنگىچە قىزنىڭ، تۇنسانىڭ، مۇختەرنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى. نەچچە قېتىم ئۇنى ئىزدىمەكچىمۇ بولدۇم، ئەمما ئۆتكەندە ئىسمىنى سوراشقا ۋاقىت چىقمىغاچقا، بۇ نىيىتىمدىن يانماي قالدىم.

بۈگۈن يەكشەنبە، بىر نەچچە دوستلىرىم بىلەن باغچىغا كىردىم.

— ھى... ھى... ھى...!...

تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا تونۇش كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، بىزدىن تۆت ـ بەش قەدەم نېرىسىدا بالا كۆتەرگەن بىر جۈپ ئەر ـ ئايال كۈلۈشۈپ كېتىپ باراتتى. بۇ، ھېلىقى كۈنى ئاپتوبۇستا تونۇشقان چوكان شۇ ئىدى، ئەر بولسا مېنىڭمۇ كۆزۈمگە نەچچە چېلىققان، خىزمەتداشلىرىم تەرىپىنى قىلىدىغان، تۇنسانىڭ «ئاكىسى» ئىدى. مەن بىر قاراپلا ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندىم. چوكان ئېرىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنىدى، ئۇنىڭ ئېرىگە شۇنچە كەڭ قورساقلىق قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم، ئىچىمدە بولسا مۇنۇ سۆزلەرنى تەكرارلايتتىم:

«كىشىلىك تۇرمۇش ئەنە شۇنداق ئەگرى ـ پەسىلىكلەر بىلەن تولغان، ھاياتلىق ئادەمنى بەزىدە كۈلدۈرۈپ، بەزىدە يىغلىتىپ بۇ رەھىمسىز رىئاللىققا بويسۇندۇرىدۇ. بەخت ـ خۇشاللىق كەلسە ئۇچۇپ كېرىلىپ كەتمەيدىغان، دەرد كەلسە ئېجىلىپ ـ تۈگىشىپ كەتمەيدىغان ئەنە شۇنداق جەسۇر، مەردانىلارغا مەنسۇپ! سەۋرچان، كەڭ قورساق كىشىلەر بۇ بەختنىڭ ئىگىسى...»

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇختەر ئىبراھىم

مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم

# شېئىرىيىتىمىزدىكى ئالەم تۇيغۇسى

شېئىرىي پائالىيەت — ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىيات بىلەن تەجرىبىگە تايىنىپ بېيىتقان ھاياتىي كۈچىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ، شائىرلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش، تىلىنى تاۋلاش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشىدىن ئىبارەت بىلىش پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا شېئىرىي پائالىيەت بېكىنمە ھالەتتىن چەكسىز كەڭلىككە، ئاددىي قۇرۇلمىدىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا قاراپ يۈزلىنىپ، فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تۈرتكىلىكىدە ئەقىل - ئىدراك سەۋىيىسىنىڭ تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ھەمدە چەكسىز كەڭ ئالەمگە يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، شېئىرىيەتتىكى مەۋھۇم قاراڭغۇ پەردىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلدى. شائىرلار تەپەككۇرىنى چەكسىز ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ئىستېتىك تۇيغۇنى يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. شېئىرىيەت تەبىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولۇۋاتقان ۋە ھازىرقى زامان تەبىئىي پەنلىرىنىڭ تەسىرى شېئىرىيەتكە بارغانسېرى كۆپلەپ سىڭىپ كىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شائىرلىرىمىز شېئىرىيەتتە ھازىر بار بولغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە قانائەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى شېئىرىي تۇيغۇسىنى چەكسىز ئالەم بوشلۇقىغا — يۇلتۇزلار ئالەمىگە قاراپ راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى.

بۈگۈنكى دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى ئالەم تۇيغۇسى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا بولغان ئاددەتتىكىچە قارىشى بولماستىن، بەلكى، تارىخ ئېڭى، دەۋر ئېڭى، ئىنسانىيەت ئېڭى، ئالغا ئىنتىلىش ئېڭى قاتارلىق ئاڭلارنىڭ زور بىرلەشمىسى. ئۇنداق ئىكەن، مەيلى دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى ياكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئالەم تۇيغۇسى توغرىسىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر بولسۇن ئورتاق بىردەكلىك شۇكى، ئىنساننىڭ كائىناتتىكى بىر ئەركىن ئېلېمېنت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى؛ شەخس بىلەن ئومۇمىي گەۋدە بىرلەشكەندىن كېيىن، ئىنساننىڭ ھاياتلىقى ماھىيەت جەھەتتە دۇنيا بىلەن، ئالەم بىلەن ھەقىقىي بىردەكلىككە ئىگە بولىدىغانلىقى؛ جاپالىق ئىزدىنىش ئاخىرى بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ ئېچىپ بېرىش ۋە ئىنسانلارغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت. ھەر قايسى ئەل، ھەر قايسى مىللەت شائىرلىرى شېئىرىي تۇيغۇ جەھەتتە تېخىمۇ يۈكسەكلىككە قاراپ ئىنتىلىپ، يېڭى ھېسسىيات سىستېمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شېئىرىيەتنى يەر يۈزىدىن ئالەم بوشلۇقىغا، كائىناتقا، يېڭى تۇرمۇشقا ۋە كەلگۈسى ئەسىرلەرگە يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشماقتا.

نۆۋەتتە دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى ئالەم تۇيغۇسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىز ئالدىدا پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىرلەشمە سىستېمىسى، تۈرلۈك-تۈمەن ماددىلار ۋە شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئارا گىرەلەشكەن بىر پۈتۈن گەۋدىسى تېخىمۇ ئېنىق زاھىر بولۇپ، بۇ خىل سىستېما ۋە گەۋدە ئىچىدىن جانلىق، تەسىرچان ئالەم بوشلۇقى تەسـ

ۋىرمىسىدە ھاياتلىق تۇيغۇسىنى تېپىپ چىقىش — يېڭى پەللە بولۇپ تۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ھازىرقى زاماندىكى ئىستېتىك سەزگۈ، ئىستېتىك تىل، ئوبراز ۋە ماھارەت ئارقىلىق مەللىتىمىز ئىگىلىگەن سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتىنى ئىپادىلەپ، مەنىۋى جەھەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى بىلەن تەقدىرداش بولۇش، ھازىرقى زاماندىكى ئالەم بوشلۇقى ھەققىدىكى پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ راۋاجلىنىۋاتقان ئىلغار ئىدىيەۋى مۇۋاپپەقىيەتىنى داۋاملىق بىلەن قوبۇل قىلىش، ھازىرقى زامان شېئىرىي گۈزەللىكى ئارقىلىق كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئالەم تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭ رولىنى قانداق قىلىپ يېڭىلاش، ئۆزلۈكىدىن شاللاش-تاللاش ئېلىپ بېرىشمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ ئالەم تۇيغۇسى دولقۇنىغا بىر ئۆلۈش قوشۇشقا بولۇپ قوشۇلۇشىدىكى يېڭى بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا، شائىرلىرىمىز دىيارىمىزۋە دىيارىمىز ئۈستىدىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، چاقماق، گۈلدۈرماما، بوران - چاپقۇنلار ھەققىدە توختالغاندا، دېدىللىك بىلەن گۈزەل ھۆرىيەت تۇيغۇسىنى كۈچلۈك تۈردە ئىپادىلىدى:

نەدىن چىققاندۇ كېچىسى،
ئاسماننىڭ چىرايلىق يۇلتۇزلىرى؟!
قەيەرگە كېتىدىغاندۇ،
ئاھ، ئاشۇ يۇمۇلماس ئوتلۇق كۆزلەر،
بىلمىدىم كۈندۈزلىرى؟!
تەڭرى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكىنىدە

ئەرشتىن چىققان گۈزەل ھۆر قىزلارنىڭ
كۆزلىرى ئەمەسمىكىن؟!...
قارىغىنا ئېقىۋاتقان جۇلالىق نۇر،
زېمىنغا ئىشقى - مېھرى،
كۆيۈۋاتقان ھەۋەسمىكىن؟!...

شائىر مۇھەممەتجان سادىق بۇ شېئىرىدا يۇلتۇزلارنى ئاسماننىڭ كۆزلىرىگە ۋە ھۆر-غىلمانلارنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىتىپ، يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشىنى ئۇلارنىڭ زېمىنغا بولغان ئىشقى - مۇھەببىتىنىڭ ئوت - يالقۇنى، دېگەن شېئىرىي پىكىرنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ شېئىردىكى ئالەم تۇيغۇسى ئۆزىنىڭ قويۇق رومانتىكلىقى بىلەن كىشى قەلبىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ.

ئالەم بوشلۇقى ئۆزىنىڭ چەكسىز كەڭلىكى، خىلمۇ خىللىقى، چەكسىز گۈزەللىككە تولغان سېھرىي كۈچى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئەۋلاددىن - ئەۋلادقا كۈچەيتىپ ۋە قوزغاپ - ئۇرغىتىپ كەلمەكتە. خۇسۇسەن شائىرلىرىمىزمۇ تارىختىن بۇيان ئالەم بوشلۇقىنىڭ چەكسىزلىكىدىن ۋە تەڭداشسىز گۈزەللىكىدىن ئىلھام ئېلىپ، تەپەككۇر قۇشلىرىنى يېڭى - يېڭى پىكىر چوققىلىرىغا پەرۋاز قىلدۇرۇپ كەلدى. بىراق، ئۇزۇن - كېسەل ماتېرىيالىزملىق قاراش ۋە ھازىرقى زامان ئالەم بوشلۇقى نۇقتىئىنەزەرى مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇن، شېئىرىيىتىمىزدىكى ئالەم تۇيغۇسىنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت ئىدېيالىستىك ۋە مىتافىزىكىلىق تۇمان قاپلاپ، شېئىرىيىتىمىزدە دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ۋە چېكى يوق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنسېرى ئىلاھىي كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مۇقەددەسلىكىمۇ كۈچلۈك تۈردە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېلىنگەنىدى. ئىلاھىي كۈچ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنسېرى روھنىڭ بىرلەمچى مۇتلەقلىقى جەزمەنلەشتۈرۈلۈپ، ماددىنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنىپ

كېلىنگەنىدى. بۇ ئۇقتىنى كلاسسىك شائىر زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ:

فەلەكتۇر يەتتە خىرگاھىكى بىر ـ بىر ئۈزرە تىكمىشلەر،
ئاڭا قەندىل ئېتىپ خۇرشىددىن ھەي قادىرى دەنا.
(پەلەكتۇر يەتتە چېدىر، ئۈستى ـ ئۈستىگە تىكىلگەن،
ئاڭا قۇياشتىن شام ـ چىراغ ئورناتقان ئەي قادىرى دەنا)
تەفەررۇچ گاھى سۇنئۇك قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبىدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن كېچەلەردە گۇنبەزى خەزرا.
(سەيلى ـ تاماشا قىلدىم يۇلتۇزلار ئارا.
مەشئەللەر ياندۇرۇپ تۈن كېچىلەردە خۇددى يېشىل گۈمبەزلەرگە).
ئەي تولۇن ئاينى بىشارەت بىرلە بۆلگەن مۇستافا،
ۋاي ئەبۇ جەھىل لەئىندىن بارھا چەككەن جەفا.
(ئەي تولۇن ئاينى بىشارەت بىلەن پارچىلىغان مۇستافا،
ۋاي ئەبۇ جەھىل لەئىنىدىن كۆپلەپ چەككەن جاپا).
يەتتە ئەفلاك ئۈزرەكىم مېئراج ئۈچۈن قويدۇڭ قەدەم،
گەردى نەئلەيىڭنى قىلمىشلەر مەلائىك تۇتىيا.

(يەتتە قەۋەت ئاسمان ئۈستىدىكى مىئراج ئۈستىگە قەدەم قويدۇڭ، توپا
قونغان كەشىڭنى پەرىشتىلەر تۇتىيا قىلدۇ).

روزى مەھشەر زىلزىلە تۈشكەندە ئالەم ئەھلىگە،
كۆز تۇتار سەندىن شەفائەت ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا.

(ئالەم ئەھلى مەھشەرگاھ زىلزىلىسىگە چۈشكەندە، پەيغەمبەرلەر ۋە
ئەۋلىيالارمۇ سەندىن مەدەت ـ شاپائەت كۈتىدۇ).

بۇ مىسرالاردا ئوتتۇرا ئەسىر روھانىيلىرىنىڭ تەڭرى ئاسماننى يەتتە قەۋەت قىلىپ ياراتقان، قۇياشنى ئاسمانغا چىراغ قىلىپ ئورناتقان دېگەن كۆز قارىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاي، يۇلتۇزلارنىمۇ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن توختىتالايتتى، شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە ئاق بۇلۇت لەيلەپ يۈرۈپ سايە تاشلايتتى. ئۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەتتە قەۋەت ئاسماندىن ھالقىپ ئۆتۈپ تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن، ئاخىر زامان بولغاندا، بارلىق ئادەمزات ئۇنىڭدىن شاپائەت تىلەيدۇ… دەيدىغان ئىدىيالىستىك ئەقىدىلىرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە بۇ خىل ئەقىدە بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئالەم تۇيغۇسى ماھىرلىق بىلەن يۇغۇرۇپ چىقىلغان. قىسقىسى، بۇ مىسرالاردا روھ بىرلەمچى دەيدىغان ئىدىيالىستىك قاراشنىڭ ئىزناسى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. زەلىلى ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل پاسسىپ ئامىللىنى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي شارائىتتىمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاسمان ـ زېمىن ـ ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي سىستېمىدا، خىيالدىكى ئارزۇ

ئارمان ۋە روھىي تۇۋرۇكنى ئالەم تۇيغۇسى ئارقىلىق ئىپادىلەش شېئىرىيىتىمىزدە خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ زور دىداكتىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشلاپ سەككاكى، ناۋايى، زەلىلى، خىرقىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق شائىرلىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن ھازىرقى دەۋردە ياشاپ ئىجاد قىلىۋاتقان شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا بۇ نۇقتا ئۇزۇلمەي گەۋدىلىنىپ كەلدى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرۇج بايانى» دا گەرچە سۆز ئالەم بوشلۇقىدىكى يۇلتۇز، بۇرۇجلار ئۈستىدە بارسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭغا قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاۋاسى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايى ئۆز شېئىرلىرىغا ئالەم تۇيغۇسىنى قويۇق سىڭدۈرگەن نامايەندە بولۇپ، ئۇنىڭ داستان، غەزەللىرىدە ئالەم تۇيغۇسى بىلەن شېئىرىي مۇددىئا چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن:

ھەر قايان باقسام كۆزۈمگە ئول قۇياشتىن نۇر ئىرۇر،
ھەر سارى قىلسام نەزەر ئۇ ئاي ماڭا مەنزۇر ئىرۇر،

..........................................................................

ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
بۆيلە كىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.

..........................................................................

غەم تۈنى ئاھىم ئوقى ھەر تەرەپ ئول ئاي غەمىدىن،
چەرخدىن ئۆتكەنىنىڭ ئۇرنىمۇ، ئەختەرمۇ ئېكىن.

..........................................................................

چىقما توققۇز پەردە كەينىدىنكى ئالەم كۆيمەسۇن،
ئالماڭ ئالتە ـ يەتتە بورقەئ قويغىل ئىككى ـ ئۈچ نىقاب.

ئەلىشىر ناۋايى شېئىرلىرىدا قويۇق ئالەم تۇيغۇسىغا ئىگە مۇنداق مىسرالار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇخىل تۇيغۇ مۇستەسنا ھالدا ئەمەس، بەلكى ئىشق ـ مۇھەببەت لىرىكىلىرى بىلەن چوڭقۇر سۇغۇرۇلغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. باشقا كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئەھۋال خۇددى ئەلىشىر ناۋايى شېئىرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمدى ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىدە توختالساق، بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى»؛ ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «قۇياش قەسىدىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىغا ھازىرقى زامان ئالەم تۇيغۇسى خېلى قويۇق سىڭدۈرۈلگەن. خۇسەن شائىر مەمتىلى زۇنۇننىڭ «گۈزەل ئارزۇ» ماۋزۇلۇق شېئىرى ئۆزىنىڭ ئىخچام، ئەمما نەپىسلىكى بىلەن ۋەكىللىك خاراكتېر ئالغان:

ئالتە كۈنلۈك تولۇن ئاي،
ئالتۇن تاغىقىم بولسا.
رەڭگا ـ رەڭ ھەسەن ـ ھۈسەن،
شايى ياغلىقىم بولسا.

زەر ھالقامغا چولپاننى،
ياقۇت كۆز قىلىپ سالسام.
يۇلتۇزنى قىلىپ مارجان،
بويۇنۇمغا ئېسىپ ئالسام.

..........................................................................

بۇ شېئىردا قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلاردىن ئىبارەت ئالەم سەييارىلىرىنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېچىش، ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك پانتازىيىلىك گۈزەل ئارزۇ جۇشقۇن لىرىكىلىق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن، ئىنسانىيەتنىڭ چېكى يوق ئالەم بوشلۇقىنى بويسۇندۇرۇش ئىشەنچىسىمۇ ئوبرازلىق نامايەن قىلىنغان.

ئۆز تەقدىرىنى ئىنسانىيەت تەقدىرىگە، ئىنسانىيەت تەقدىرىنى دۇنيانىڭ تەقدىرىگە باغلاش، فىزىكا دۇنياسى، پسىخولوگىيە دۇنياسى ۋە مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، زاماندىن ھالقىغان ھايات سەزگۈسى بەرپا قىلىش — ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدىكى ئالەم تۇيغۇسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

مەرۋايىت قەترىدە ئەكس ئېتەر قۇياش،
يۇمران گۈل - چېچەككە بولۇپ خۇش بېزەك.
قۇياشنى تەسۋىرلەپ ھەر بىر يالتىراش،
ئۇنىڭ پاك خىسلىتىنى قىلىدۇ كۆرەك.
شۇ قۇياش قەدرىنى قەترىلەر بىلەر،
تاڭغىچە تۈنلەردە مۇزلاپ چەككەچ غەم.

تۈنلەردە چېچەكلەر قۇياش دەپ تىلەر،
مەڭزىگە تامچىتىپ بىغۇبار شەبنەم.
شۇ قۇياش تەپتىدە بىخ سۈردۈم بۈگۈن،
قېنىممۇ، رەڭگىممۇ قۇياش تەپتىدە.
قۇياشقا مەدھىيە ئوقۇلار پۈتۈن،
لالىزار، دېڭىز ۋە ھەر گۈل، قەترىدە.

شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ شېئىرىدا قۇياش ھۆرىيەت - ئەركىنلىككە سىمۋول قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇياشقا تەلپۈنۈۋاتقان گۈل - لالىزار، دېڭىز - قەترىلەر ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدات، جۈملىدىن ئىنسانلاردىن ئىبارەت. بۇ شېئىردىكى مەركىزىي ئىدىيە ھۆرىيەت - ئەركىنلىك بولمايدىكەن، دۇنيادىكى ھەر قانداق جانلىق مەۋجۇدات، جۈملىدىن ئىنسانلار ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئېگە بولالمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ھەم قويۇق پەلسەپىۋى پۇراققا، ھەم چوڭقۇر ئالەم تۇيغۇسىغا ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوسمانجان ساۋۇت، مۇھەممەت خىۋىر، باتۇر روزى قاتارلىق شائىرلار يازغان شېئىرلاردىمۇ ھازىرقى زامان ئالەم تۇيغۇسى ئۆزگىچە جۇلالاپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزگە يېڭىچە ھۆسن قوشتى.

چەكسىز ئالەم بوشلۇقى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان، يۈكسەك خىيال - ئارزۇلارغا سىمۋول بولىدىغان پۈتمەس - تۈگىمەس سېھرىي كۈچكە ئىگە. گەرچە بىر تۈپ گىياھ، بىر تال تاشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمگە چەكسىز ھېسسىيات - خىياللارنى بەخش ئەتسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەرىبىر بەك كىچىك ماددىلار بولغاچقا، ئادەمگە ئىستېتىك تۇيغۇ جەھەتتە بېرىدىغان تەسىراتى يەنىلا چەكلىك ۋە كىچىك بولىدۇ. شۇڭا، بىر تۈپ گىياھ، بىر تال تاش چۈشەنچىسى تەبىئىي ئوبرازلارنىڭ ئەڭ كىچىك نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاي-يۇلتۇزلار چېچىۋاتقان شولا قاراڭغۇ بۇلۇڭلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۈزلۈكسىز يوقىلىش، ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇش ھەققىدىكى مەڭگۈلۈك ھالەتنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كۆزنى چاقنىتىپ، يۈرەكنى تىترىتىپ تۇرىدىغان ئالەم بوشلۇقى گۈزەللىكى ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، يېڭى - يېڭى تۇيغۇلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. تارىختىن بۇيان، شېئىرىيىتىمىزدە مەيلى كونكرېت

ياكى ئابستراكت چۈشەنچە نۇقتىسىدىن بولسۇن، ياكى ئەخلاقىي، دىنىي چۈشەنچە نۇقتىسىدىن بولسۇن، شائىرلار ئالەم بوشلۇقى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز توختىلىپ، چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك جەھەتتە توختىماي ئىزدىنىپ كەلدى. بۇنىڭدىن شېئىرىيىتىمىزدە ئالەم بوشلۇقى — مەڭگۈلۈك بىلەن ۋاقىتلىق، ئەركىنلىك بىلەن چەكلىمىلىك، چوڭلۇق بىلەن كىچىكلىك، ھايات بىلەن مامات، ئازاب بىلەن بەخت، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قاتارلىقلارغا سىمۋول بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كىم يازمىدى يۇلتۇز ھەققىدە،
ئوخشىتىپ ھەم يارنىڭ قەلبىگە.
گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ،
تىكىلىشتى ئاسمان قەرىگە.

بىلسەڭ يۇلتۇز — ئاسمان تاشلىرى،
سەن خالىساڭ ئېلىپ چۈشىمەن.
ساما يولى — ئىنسانلار يولى،
ھەتتا ساڭا جاننى تۇتىمەن.

ئېرشات تۇرسۇننىڭ بۇ شېئىرى گەرچە ئاددىراق يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالەم بوشلۇقىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى سىمۋوللۇق رولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

ماتېرىيالىزم نۇقتىسىنەزەرىدىن قارىغاندا، ئالەم بوشلۇقىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ھەرىكەتتىكى ماددىلار بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ يەككە-يىگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئالەم بوشلۇقىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق دۇنيا ئەمەس، ئۇنىڭ رېئاللىقى ئادەم ئېڭىدا دائىم ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ بىزنىڭ سەزگۈمىزنى خالىغانچە چەكلەپ ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. بەلكى، ئادەم ئۆز كۈچىگە، تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ تەبىئەتنى تونۇيدۇ، بويسۇندۇرالايدۇ. ۋەھالەنكى، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئالەم بوشلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆزئارا ئۆزگىرىش، بىر ـ بىرىگە بېقىنىش، تەبىئەتنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىچكى دۇنياسى كۆپ خىل قاتلاملاردا ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەقلىت قىلىش قاتارلىقلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئالەم بوشلۇقىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئىلگىرىلەش داۋامىدا، چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنىڭ ئىلاھ تۇرىدىغان مۇئەللەق ئەرش ئەمەسلىكى ياكى پەقەت تىكىلىش ـ تەلپۈنۈشكىلا بولىدىغان شېرىن خىيالىي مەنزىرە ئەمەسلىكى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.


ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ئەنئەنىۋى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، شائىرلارنىڭ بېكىنمە ھالەتتىن قۇتۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شېئىرىيەت ساھەسىگە يېڭى ـ يېڭى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. شۇڭا، بىز شېئىرىيىتىمىزدىكى ئالەم تۇيغۇسى سەۋىيىسىنىمۇ دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئالەم تۇيغۇسىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئىلغار ئالەم تۇيغۇسىنى تېخىمۇ دادىل راۋاجلاندۇرۇپ، شېئىرىيىتىمىزدىكى ئالەم تۇيغۇسىنى دۇنياغا ۋە كەلگۈسى ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم. بۇ شېئىردا ئالەم تۇيغۇسى بولغاندىلا، ئاندىن دۇنياۋى شېئىرىيەت سەۋىيىسىگە يەتكىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مەسئۇل مۇھەررىر: **ھاجى ئەخمەت**

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىم

# يادىكارلىقتىن يادىكارلىق


## — ئۇستازىم ھەققىدە ئەسلىمە



پېشقەدەم ئەدىب ۋە تارىخچى مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن قۇربانىنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قەشقەردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ چىقتىم. كىتابقا مەرھۇم ئۇستازىنىڭ قەشقەردىكى مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلار ھەققىدە يازغان ماقالىلىرىدىن 15 پارچىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇلار ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە يازغان نۇرغۇن ماقالىلىرىنىڭ پەقەت ئازغىنا بىر قىسمى ئىدى. بۇ ماقالىلەرنى ئەينى ۋاقىتلاردا مەن كۆرگەن، بەزىلىرىنى ماڭا ئۇنىڭ ئۆزى ئوقۇپ بەرگەنىدى. ئۇ ناھايىتى كەمتەر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، تېخى مەن قۇراملىق ھەمسۆھبەت دوستلىرى، ئىخلاسمەن شاگىرتلىرىدىن ماقالىلىرى ھەققىدە پىكىر — مەسلىھەت سورايتتى، پىكىرلەرنى خۇددى ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. مەن بۇ تونۇش ماقالىلەرنى قايتا — قايتا ئوقۇغىنىمدا ئۇنىڭ جاسارەتلىك گەۋدىسى، قويۇق ئۇزۇن — ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرانە كۆزلىرى، ئاپئاق ساقىلى نامايەن بولۇپ، يېقىملىق سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇنى سېغىندىم، ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغۇم، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىرگە شەھەر كوچىلىرىنى ئايلانغۇم كەلدى.

تىرىشچان ۋە ھارماس بۇ قەلەمكەش 1990- يىلى 11- ئاينىڭ 27- كۈنى كېسەللىك بىلەن 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇزات خەلقىمىز، قەشقەر دىيارىمىز، ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن لازىملىق كىشى ئىدى؛ ئەقىللىق مەسلىھەتچى، تارىخىمىزنىڭ خاتىرىلىگۈچىسى، دىيارىمىزنىڭ ئەزىز كۈيچىسى، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىخلاسمەن تەرىپ — تەۋسىپچىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىدىن بىر قىسمى توپلام بولۇپ نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە، ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانىدى. مەن كىتابنى ئوقۇۋېتىپ ئىنتايىن ھەسرەتلەندىم، مەرھۇمنىڭ بىر ئۆمۈر جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، يۈرەك باغرىنى سەرپ قىلىپ، روھىي — جىسمانىي ئازابلارغا پىسەنت قىلماي، ئىزدىنىپ،



سوراپ ـ سۈرۈشتە قىلىپ، ئاختۇرۇپ، سانسىزلىغان ھەر رەڭ، ھەر شەكىلدىكى قەغەزلەرگە ئۇششاق قەلەم بىلەن زېرىكمەي يېزىپ چىققان ماقالە ـ ئەسلىمىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن كىتاب بولۇپ چىققانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قولى بىلەن تۇتۇپ ۋاراقلىغان بولسا، نەقەدەر خۇشال بولۇپ، ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى مىسكىن قەلبى تەسكىن ۋە ئارام تاپاتتىكىن، دېگەن خىيال مېڭەمنى چۇلغىۋالدى.

ئۇ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانىدى. ئۇ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە تىل بىلەن يازاتتى. يېزىقىمۇ ناھايىتى ئۇششاق، خېتى پارس نۇسقىدا ئىدى، ئۇنىڭ قول يازمىلىرىنى كىشىلەر ئاسانلىقچە ئوقۇيالمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىكى خام ماتېرىيال ئىنتايىن قىممەتلىك، پاكىتلار خۇددى گۆھەردەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يازغانلىرىدا ئۇنى ئىپادىلەش، باب ـ قىسىملارغا ئايرىش، ئابزاست ـ قاتلاملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بەدىئىي توقۇلما بايان قىلىشتىكى تەرتىپ، دىئالوگلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلار جەھەتتە قىسمەن يېتەرسىزلىكلەرمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭغا بۇ جەھەتتە بىر ياخشى ياردەمچى، ياخشى بىر كاتىپ كېرەك ئىدى. بەزى ئەسەرلىرىنى نەشرىيات ئورنىدىكى يولداشلار خېلى ئەتچىلىك بىلەن قايتا ئىشلەشكە تاپشۇرغىنىدا، ئۇ بىر ئاز مەيۈسلىنەتتى، لېكىن ھەرگىزمۇ ئېتىقادى، جاسارىتىدىن قايتمايتى، قايتا ـ قايتا ئىشلەيتتى، يەنە يازاتتى، بالىلىرىغا قايتا كۆچۈرگۈزەتتى، مۇنداق تەكرارلىنىشلار گەرچە ئۇنىڭ سالامەتلىكى، ۋاقتىغا كۆپ دەخلى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ھەرگىزمۇ ئىككىلەنمەي، قەيسەر روھى بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلاتتى.

شۇ ياشلىق ھەۋەسلىرىدىن يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ قەلبىدىكى پىكىرلىرىنى، ھېسسىياتلىرىنى ئاجايىپ چوڭقۇر ھېكمەتلىرىنى، كۆرگەنلىرىنى خەلققە قالدۇرۇپ كېتىشنى خالايدىغانلارنىڭ سانى چەكلىك. كۆپلىرى ئۆلۈپ كەتتى، ھايات قالغانلىرىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىلىرىنىڭمۇ سالامەتلىكى ئاجىزلاشتى. بىز ئۇلاردەك مۆتىۋەرلىرىمىزنى يوقلاپ سەھنىگە چىقىرىشىمىز، ئۇلارغا ئىززەت ـ ئېكراملىرىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز،

ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ قىسىلغان، ياردەمگە مۇھتاج بولغان تەرەپلىرىگە خالىسانە ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلارنى بىر چەتكە چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

ئۇستازىم مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانىدى. ئۇ، ئالدى بىلەن تارىخچى ئىدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەريادەك قەلبىگە خاتىرىلىۋالغانىدى، ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىيات قىممىتىمۇ بار، لېكىن تارىخ قىممىتى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇ ھەق سۆزلەيتتى، ھەق يازاتتى. قىلچىمۇ رەڭ ـ پەداز بەرمەيتتى. بۇ، بىر تارىخچى خادىمنىڭ ھەقىقىي خىسلىتى بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرىمۇ شۇ ئىدى.

قەدىمكى شەھەر قەشقەردىكى ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مېھنەت ـ تەرلىرى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپە قوشقان. بۇ ـــ گۈزەل دىيارىمىزدىكى ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار گۈزەل سەيلىگاھ، كوچا ـ ئىمارەت، مەسچىت ـ مەدرىسلەر نەچچە يۈز يىللارنىڭ ما بەينىدە شەھىرىمىزگە خۇددى «گۈزەل قىزنىڭ مەڭزىدىكى خالىغا ئوخشاش» يارىشىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بىنا قىلىنىشى، ئاۋات بولۇشى ئۇلۇغ، ئەمگەكچان خەلقىمىزنىڭ جاپالىق ئەمـ

گەكلىرىنىڭ پارلاق نەتىجىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى ئۇنىڭ ئىجادچىلىرى بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ شادلىقى، قايغۇسى، دەرد ـ ئەلەم، مېھنەت ـ مۇشەققەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن تۇربانى ئۇزىنىڭ بۇ كىتابىدا شەھىرىمىزدىكى ئەنە شۇ يادىكارلىقلاردىن سۆزلەپ ھېكايە قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ئەسلى ھالەتلىرى، بىنا قىلىنىشى، ئۇستىكار ـ مىمارلىرى، ئۇسلۇب ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىدۇ. «ھېيتگاھ جامەسى»، «ھەزرەت»، «ئەنجان رەستە» قاتارلىق ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى، قەشقەر بىناكارلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. ئۇ، قەشقەردىكى ھەر بىر ئىشلارنى، ئۆزىگە قىزىق ۋە ئەھمىيەتلىك كۆرۈنگەن ئىشلارنى، ھەتتا ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ لەگلەكنى مىسال كەلتۈرۈپ بۇ ھەقتە ئەسلىمە يازغان. ئۇ «لەگلەك» دېگەن ماقالىسىدا قەشقەر لەگلەكنىڭ ياسىلىشى، ئۇنىڭ خىللىرى، لەگلەك ئۇستىلىرى، لەگلەكنىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان روھىي ۋە جىسمانىي تەربىيە ئەھمىيەتلىرى، كىشىلەرنىڭ تەسىراتلىرى ھېكايە شەكلى بىلەن تەسىرلىك ۋە ئاددىي ھالدا بايان قىلىنغان.

قەشقەردە ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىش ۋە مەكتەپ ئېچىش پائالىيەتلىرى ناھايىتى قىزغىن ۋە تەسىرلىك ھالدا داۋام قىلغان. بۇلار كىتابىتىكى «كەرەمباغ»، «قەشقەردىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى—نۇربېشى مەكتەپ»، «قەشقەردىكى تۇنجى ئاياللار مەكتىپى»، «قەشقەردىكى تۇنجى خەرىتە» ناملىق ماقالىلەردە روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇلاردا يېڭىچە مائارىپ ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن بولغان ئىزدىنىش، تەلپۈنۈشلەر ئەينەن، تەسىرلىك بايان قىلىنغان. بۇ يالغۇز ئىلىم ـ پەن ئۈچۈنلا ئىنتىلىش ئەمەس، بەلكى ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلەرنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولۇپ، ئالدىمىزدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپالىق، مۇشەققەتلىك بىلەن تولغان كۈرەش مۇساپىسى، بۇ يولدا قانچىلىغان قەيسەر، جەسۇر كىشىلەرنىڭ فېئودالىزم كۈچلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ قان تۆككەن، جان بەرگەنلىكىدەك قەلبلەرنى تىترىتىدىغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بىزنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

مەرھۇم ماڭا ھايات ۋاقتىدا شۇ چاغلاردا ئۆزىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن يۈسۈپ ئەپەندىم ۋە مەمتىلى ئەپەندىم (تەۋپىق) لەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ، يېڭى ئىدىيىلەرنى تارقىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قىلغان ھارماس ـ تالماس كۈرەشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇنداقلا، ئۇلار ھەققىدە يازغان ھېكايىسى «تارىخىمىز سەھىپىسىدىكى تىراگېدىيىلەردىن بىرى» نى ئوقۇپ بەرگەنىدى. بۇ ھېكايىلەر يالغۇز قەشقەردىكى مائارىپ تارىخى بولماي، بەلكى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ئىدى.

گۈزەل دىيارىمىزدا ياشاۋاتقان كەڭ ئامما، ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ، قەشقەرنىڭ 20-، 30-، 40- يىللىرىدىكى ۋەقەلەرنى تولۇق بىلمەيدۇ، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى مۇدھىش سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنى ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ياشلار ھېيت ـ ئايەملەردە ھېيتگاھ مەيدانىدا شادىيانىگە ماسلىشىپ سەما ئويناپ، ھېيت پەيزىنى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ ئۆتمۈشتە

«ئېچىنىشلىق نالە - زار قاپلىغان، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋر سۈرگەن» جاي ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلمەيدۇ. بۈگۈنكى ھاياتتا ئەركىن - ئازادە ئوقۇپ، ئىلىم-بىلىم ئېلىپ، ھۈنەر - تېخنىكا، سودا - تىجارەت بىلەن خۇشال مەشغۇل بولۇپ رەستىلەردە ھەر خىل گەزماللار، ئىپار - ئەنبەرلەر ئارىسىدا يۈرگەن ياشلار ئۆتمۈشتە قانلىق كالتەك ئويناتقان قانخور زالىملارنى، ئۇلارنىڭ خەلقنى جازالاش چارىلىرى، كويىزا-كىشەن، كۈندا - تاقاقلارنى، تامغا مىخلاپ قويۇلغان بىگۇناھ كەمبەغەل ئاممىنىڭ ئاھۇ پەريادلىرىنىڭ ئاسمان - پەلەككە يەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرسە، خۇددى قاباھەتلىك چۈشتەك ئۇنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەرھۇم مۇھەممەت ئىمىن قۇربانىنىڭ بۇ «تەرمىلەر» ناملىق كىتابى ۋە ئەسلىمىلىرى كەڭ ياشلارغا، كەڭ جامائەتچىلىككە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش، مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىش، يۇرت تەزكىرىسىدىن ھېكايە سۆزلەپ تۇرمۇش تەربىيىسى بېرىش، مۇدھىش فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ ئادەمخور ماھىيىتىنى پاش قىلىش جەھەتتە دەرسلىك رولىنى ئويناپ، كىشىلەردە دەۋرىمىزگە نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببەت، ئادەمخور فېئوداللىزم كۈچلىرىگە نىسبەتەن چوڭقۇر نەپرەت ھېسسىنى قوزغايدۇ.

مەرھۇم ئەسلىمە ۋە ماقالىلىرىدا نۇرغۇن ئاددىي كىشىلەرنى، يەنى تامچى، ياغاچچى، سىرچى، ئويمىگەر - نەققاش، تۆمۈرچى قاتارلىق ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان، بۇلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىپىك ۋەكىلى؛ خەلقنىڭ ئەمگەكچانلىقى، ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىلىرى، مىڭلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەقىقىي ئۇرغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە مەدھىيە ئەمگەكچى خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە مەدھىيە ئىدى. ئاپتور ئۇلارنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە خەلق ئاممىسىغا ھەيۋەتلىك ئابىدە تىكلىگەن ئىدى.

مەرھۇم مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى ئۆزىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق روھ بىلەن ھەر بىر مەدەنىي يادىكارلىقنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرگەن. ئۇ ماڭا ھېيتگاھ جامەسىدىكى 104 دانە تۈۋرۈك - خالارنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىققانلىقىنى، پېشايۋان ئاستىدىكى تۈرلۈك گۈل - نەقىشلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ كۆزەتكەنلىكىنى، ھەزرەتكە قانچە قېتىم پىيادە چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئۆلچەپ - تەكشۈرۈپ كەلگەنلىكىنى، بىر قىسىم مەسچىت - مەدرىسلەرنىڭ تاملىرىغا يېزىلغان بېيىتلەردىكى ھەر خىل مەزمۇن ۋە ئەبجەد ھېسابىنى چىقىرىش ئۈچۈن قانچىلىك باش قاتۇرغانلىقىنى، بەزى ماتېرىياللاردىكى مۇھىم ماقالىلەرنى تاتارچە، تۈركچە ماتېرىياللاردىن كونا يېزىقچە كۆچۈرۈپ پايدىلانغانلىقىنى، ھەتتا يېڭى يېزىقچە يېزىلغان بەزى ژۇرناللاردىكى ماتېرىياللارنى كونا يېزىقچە كۆچۈرىمەن دەپ قانچىلىك ئاۋارە بولغانلىقىنى، بەزى جايلارنىڭ ناملىرى ھەققىدىكى مۇنازىرە يىغىنلىرىدا كىملەر بىلەن قانداق مۇنازىرە قىلغانلىقلىرىنى ئېيتىپ مېنى كۈلدۈرگەن ئىدى.

ئۇ، باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىگە ھە دېگەندىلا قوشۇلۇپ تەستىقلاۋەرمەيتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قاراشلىرى، خۇلاسە، يەكۈنلىرى بار ئىدى. ئۇ، تارىخىمىزنىڭ تىرىك شاھىدى

AltunOq

ئىدى. بولۇپمۇ، ئاپرېل ئۆزگىرىشى، تۆمۈر ئېلى (سىجاڭ)، مەھمۇت مۇھىتى (سىجاڭ) لەرنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر مەسىلىلەردە خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ رولى، تۆھپە ـ سەۋەنلىكلىرىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى يازغانلىرى پاكىتلىق ۋە ئەمەلىي ئىدى. بۇلار ئۇنىڭ «كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمدىن پارچىلار»، «نومۇس داغلىرى»، «ئاچچىق كۈنلەر خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋەقەلىكى رېئال ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ، يالغۇز قەشقەردىكى تارىخىي ئەھۋاللارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدىكى ئەھۋاللىرىنى، سىياسىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال ئىدى.

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن قۇربانى يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. يۇرتىمىزنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇ يەرنى ئاۋات ۋە گۈللەنگەن ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كىشىلەرنى، ئالىم ـ ئۆلىما، شائىر ـ ئەدىبلەرنى چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارغا دائىر مەسىلىلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تەتقىق قىلغانىدى. ئۇ، بۇ جەرياندا ھەر خىل تەھدىت ۋە بېسىملارغا، قورقۇتۇش ۋاسىتىلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي، ئىرادە قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن ۋاز كەچمىدى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ئەسلىمە» قاتارلىق ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دېموكراتىك شائىر ـ ئەدىبلىرىدىن بولغان ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى) نىڭ ھاياتى، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە دائىر مەسىلىلەرنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەيسەر، ئەقىداتمەن زاتلىرىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازىنى سۈرەتلەپ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى مىللىي ئەدەبىيات تارىخىمىزغا كىرگۈزۈشكە زور ھەسسە قوشتى. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ۋە ئىلمىي ئەمگەك ھەممىدىن ئاۋۋال بولۇپ، ئۇنى تۆھپە دېيىشكە تېگىشلىك.

داموللام ھەققىدە شۇندىن كېيىنمۇ ئاپتور زېرىكمەي، تېرىكمەي ئىزدەندى، ھەتتا ئۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ھەر خىل كىتاب، ژۇرناللاردىن ئاختۇرۇپ تاپتى.

ئۇ، 1916 ـ يىلىدىكى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ماقالىسى «ئەدەبىي مۇساھىبە» نى تاتارچىدىن تەرجىمە قىلغان ھەمدە بىر پارچە ماقالىنى قوشۇپ ئۇنى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن تاپشۇرغانىدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە خېلى كۆپ تارىخچىلار، ئەدىب، شائىرلار داموللام ھەققىدە خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازدى، بۇ يەردە ئۇلارمۇ مۇھەممەتئىمىن قۇربانىنىڭ ماقالە ـ ئەسلىمىلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن قۇربانى ئۆزىنىڭ داموللام ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ چوڭراق ئەسەر يېزىش ئارزۇسى بىلەن، يولداش ئابلىز ئۆمەر بىلەن بىرلىشىپ «مەرىپەت يۇلتۇزى ھەققىدە قىسسە» نى يېزىپ چىقتى. ئۇ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1987 ـ يىللىق 5 ـ ۋە 6 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنىپ زور قىزىقىش قوزغىدى. بۇ قىسسە ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com



بەدىئىي ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئاپتونوم رايونى بويىچە 1989- يىلى 12- ئايدا «تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ تەقدىرلەشكە ۋە مۇكاپاتلاشقا سازاۋەر بولدى. ئۇ، بۇنىڭدىن خېلى قانائەتلەنگەنىدى.

گۈزەل دىيارىمىز-قەشقەردە ئەقىل - پاراسەتتە ھېسابسىز، غەيرەت جەھەتتە قەيسەر، ھۆرلۈك - ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆتكەن. بۇ ئاجايىپ قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىدىن نىشانە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئەلگە ئاشكارىلاپ، قابىلىيەتلىرىنى كېيىنكىلەرگە ئۆگىنەك، ئەقىدە - ئېتىقادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش — مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى. بۇ خۇددى گۆھەر قازغانغا ئوخشاش ئىش بولۇپ، مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن قۇربانى شۇنداق گۆھەر قازغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، خۇددى ۋ. گ. يانىنىڭ «چىڭگىزخان» ناملىق رومانىدىكى سەييار دەرۋىش ھاجى رەھىم باغدادى «مەن قاراڭغۇ گۆرۋىستانلاردىن مۇقەددەس ئەۋلىيالارنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەيمەن» دېگىنىدەك، قەشقەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرى، رەستە بازارلىرى، مەدرىس - مەسچىتلىرىدىن ئۇ يەرلەردە پائالىيەت قىلغان ئاجايىپ پاراسەتلىك ئىلىم - ئېرپان ئىگىلىرىنى ئىزدەپ تاپتى، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى يار ئەيلەپ ئۇنى ئەلگە تاراتتى، بىلمىگەنلەر بىلدى، ئۇنتۇلۇپ قالغانلار بولسا، خاتىرىلىرىنى يېڭىلاپ، تېخىمۇ مۇكەممەل بىلىملەر بىلەن ئەقىل بايلىقىنى ئاشۇردى.

مەن ئۇنىڭ قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش قازىسى — قازى كالان موللا ئاخۇنۇم داراز (لەقىمى) نىڭ 1900 - يىللاردا قەتئىي ئېتىقادى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن تالىپلىرى ۋە ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ چەت ئەلنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى، سودىگەر نىقابى بىلەن ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان داغدۇغىلىق كۈرىشى ھەققىدىكى ماقالىسىنى كۆرگەنىدىم. بۇ پائالىيەت قەشقەردىكى چەت ئەل كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشنىڭ تۇنجى قېتىملىقى بولۇپ، تەسىرى زور بولغان. مەن بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەنىدىم. مۇھەممەتئىمىن قۇربانى يەنە قەشقەردىكى مەشھۇر دىنىي زات، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما باھاۋىدىن مەخسۇمنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى يازغان. بۇ ماقالە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىغا تەييارلانغان.

مەرھۇم يەنە خەلق ئارىسىدا زور ئابروي قازانغان سەنئەتكار روزىكام باشى ھەققىدە ئەسلىمە يازغان. بۇ ماقالە «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1983 - يىلى 4- سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 1872 - يىلى يېڭىشەھەر تازغۇن يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1942 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان بىر سەنئەتكارنىڭ ھاياتى، قوشاقلىرى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان پائالىيەتلىرى يېزىلغان. يەنە «ھايات ئۈچۈن كۈرەش» ناملىق ئەسىرىدە 1890 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1930 - يىلى ۋاپات بولغان قەشقەرنىڭ چارباغ يېزىسىدىن چىققان ئەممەتخان قوشاقچىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى، قوشاقلىرى، خەلق ئارىسىدىكى تەسىراتلىرىنى چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن يېقىملىق ۋە قىزىقارلىق تىل بىلەن بايان قىلغان. بۇ ماقالىمۇ «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1984- يىلى 6- سانىدا ئېلان قىلىنغان.

مەرھۇم چوكقۇر سېغىنىش بىلەن «ئاپەتلىك يىللارنىڭ بىگۇناھ قۇربانى» ناملىق ئوچېرىكىدە (ئابلا ئەخمىدى بىلەن بىرلىكتە) قەشقەردىكى ئاتاقلىق تېببىي ھېكىم، ئۆزبېك ھەپىزىخان مەخدۇمنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى، داۋالاش تېخنىكىسى، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتى، تەسىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قىلىنغان دەھشەتلىك زىيانكەشلىك، رەزىل تۆھمەتلەر ئەينەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا، قابىلىيەتلىك، خەلققە كېرەكلىك كىشىلىرىمىزگە زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن قاراڭغۇ زۇلمەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا خېلى چوڭ تەسىرات قوزغىغانىدى، بېرىلگەن باھالارمۇ كىشىنى قايىل قىلاتتى.

ئۇ كۆپ كىتاب كۆرەتتى، ماقالە ئوقۇيتتى. ئۇلاردىكى سەۋەنلىك ھەم بەزى خاتالىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇلارنى تۈزىتىپ قوياتتى ياكى مۇئەللىپلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىر - تەلەپلىرىنى بېرەتتى، ھەرگىز خاتا بولۇشقا يول قويمايتتى.

ئۇ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ (1982- يىلى 8- ئايدا) ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر مەسىلىلەر ھەمدە نەشرگە تەييارلانغان «مەسنەۋى خاراباتى» دىكى مىسرالارنى چۈشەندۈرۈش، نەسرىي يەشمىسىنى تەييارلاشتىكى خاتالار، يىل ھېسابلاشتىكى سەۋەنلىكلەر ھەققىدە توختالغان. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دىكى مۇھەررىرلەر چوڭ يۈرەكلىك بىلەن بۇ خەتنى 1982 - يىلى 4 - سانىدا «ئېنىم ئېزىز ساۋۇتقا بىر پارچە خەت» ماۋزۇسى ئاستىدا باسقان ھەمدە تەھرىر سۆزى ئىلاۋە قىلغان. بۇ، ھەر بىر ئىلمىي خادىم ئۈچۈن قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ.

مەرھۇم مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى بەكمۇ ھەسرەتلىنەتتى. ئۇنىڭ يازغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى، توپلىغان كىتابلىرى، ژۇرناللىرى، گېزىتلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئاختۇرۇشلاردا يوقىلىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ 400 بەتتىن ئارتۇق «ئاچچىق كۈنلەر خاتىرىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئۆيى ئاختۇرغان «ئىنقىلابچى»لار قولىدا ئىگىسى نامەلۇم يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ھەسرەتلىنەتتى. لېكىن ئۇ، ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنىڭ ئەسلەشلىرى ئاساسىدا توختىماي يېزىشقا باشلىدى، نۇرغۇنلىرىنى يېزىپ تاماملىدى.

ئۇ، 1914- يىلى قەشقەر شەھىرىدە سەيپۇڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچىكىدە شۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن، كېيىن بوغالتېرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخىرى 1980- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1- خەلق دوختۇرخانىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان. ئون يىل مابەينىدە ئۇ، ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىقى بىلەن مەشغۇل بولغان. رەتلەش، پىششىقلاش، ئايىتا يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

ئۇ قانچە يىللار مابەينىدە مەن بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ كەلگەن. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپ باراتتىم، ئۇنىڭ ئائىلىۋى ھاياتىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى مېنى بەكمۇ ئېچىندۇراتتى. قەدىناس ئايالى ئۇزاق مۇددەت كېسەل تارتىپ، ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى. ياشا-

غان كىشى ئۈچۈن تولچىلىق ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئائىلىسىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن ئېشىنىپ، ئاندىن تارغىنا قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ، تاماق شىرەسىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدىغان كىچىككىنە بىر شىرەدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ تالاي-تالاي نەرسىلەرنى يېزىپ چىقاتتى. ئۇ ياشانغان، 70 لەردىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قەلبى سۆيگەن ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىدىن رازى بولۇپ، تولۇپ تاشقان ھالدا خۇشال، تېمەن ھەم تېتىك ئىدى، ھەرگىز زارلانمايتتى.

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن قۇرباني يېتىشكەن شائىر ئىدى. ئۇ 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت پائالىيىتىدە «ئىشقى» تەخەللۇسى بىلەن ئالتە مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىر، رۇبائىيلارنى يازغان، ئىككى مىڭ مىسرالىق بىر داستان يازغان. 50-يىللارغىچە «خەلقىم ئوقۇ»، «بول ئىتتىپاق»، «بىمارغا مەدھىيە»، «ۋاپا»، «دىلدىكى ئارمان» قاتارلىق خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، فېئودالىزم كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا، ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان، نادانلىق، جاھىللىق، خۇراپاتقا قارشى تۇرۇش چاقىرىق قىلىنغان جەڭگىۋار مەزمۇندىكى شېئىرلارنى يازغانىدى. بۇ شېئىرلار ئەينى چاغلاردا «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. بۇندىن باشقا نۇرغۇن يېڭى شېئىرلىرى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ بىر قىسمى «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق تويى ئۈچۈن تەييارلانغان «قەشقەر ناۋاسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەنىدى.

1990-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنلىرى مەن ۋە مېنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرىم بىلەن ئۇنى يوقلاپ كېسەلخانىغا چىققانىدىم. ئۇ، ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىزلەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپتى، مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ھەر بىرىمىزگە تىكىلىپ قاراپ، بىزدىن ھال ئەھۋال سورىدى، ئۇ، بىزدىن سۆيۈندى. «سىلەر مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلدىڭلار، سىلەردىن بەكمۇ مىننەتدارمەن» دېگەنىدى، روھىدىن قىلچە مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ناھايىتى مەيۈسلەنگەنىدىم. ئۇ خۇددى تىك قىيادىن سېرىلىپ پەسكە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان كىشىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ياشىغان، كۆرەش قىلغان، ئىجاد قىلغان، مېھنەت سىڭدۈرگەن كىشى ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئىنساننىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگە بەر قارار بولۇپ، ئۆزىنىڭ يارەنلىرى بىلەن ۋىدالاشماقتا ئىدى. لېكىن ئۇ قانائەتلىنىشكە، سۆيۈنۈشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇ، بىر ئۆمۈر خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان كىشى ئىدى.

مەن شۇ دەم قەلبىمنىڭ ئېكرانىدا ئۇ كۆپ قېتىم ئوقۇپ بەرگەن مۇنۇ مىسرالارنى كۆردۈم:

ئۆلۈمدىن قىلچە قورقمايمەن، چۈنكى ئۇ قانۇنىيەت،
قورقمىغان مەردلەر ئۆلۈمدىن، قالمىغان بولغاچ ئەبەد.
قورقىمەن، لېكىن ھاياتتا بولسا ئارمان يار ماڭا.
«ئىشقى» دا غەم، ئارزۇغا يەتمەيىن كىرسە لەھەت.

ئۇستازىم مۇھەممەتئىمىن قۇربانى بىر قانچە كۈندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. دوستلار، ئۇلپەتلەر، ھەمسۆھبەت يارەنلەرنىڭ قەلبىدە ھەسرەت قالدى.

ئەنە، ھېيتگاھ جامەسىدىن ئۇنىڭ تاۋۇتىنى يۆلىگەن ئىخلاسمەن شاگىرتلار بەس - بەس بىلەن كۆتەرمەكتە. قولدىن - قولغا ئالماقتا! ھەسرەت ۋە پىغان بىلەن بىر - بىرىگە: «ئۇ كۆتۈرۈشكە مۇھەببەت، ئىخلاس باغلاشقا لايىق كىشى ئىدى، قېنى ئاخىرقى قېتىم ئۇنى كۆتۈرەيلى» دېيىشمەكتە.

بۈگۈن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئۇنى ئەسلەۋاتىمەن! ئۇنى يارەنلەر ئەسلەيدۇ، خەلقىمىز ھەمىشە ئەسلەيدۇ. تۆمەن بۇلبۇللىرى ناۋاسى قاتارىدىكى «قەشقەر ناۋاسى»دا ئۇنىڭ يېقىملىق كۈيلىرى بار! ھەر خىل چىرايلىق رەڭدار رەسىملەر ژورناللاردا شېئىر - بېيىتلىرى بار!

ئەمدى ئۇنىڭ ماقالە، ئەسلىمىلىرىدىن بىر قىسمى كىتاب بولۇپ نەشىردىن چىقتى. ئەنە، ئۇنى قەشقەردىكى ئىلىم - ئېرپانىنى سۆيىدىغان كىتابخانلار قىزىقىپ ئوقۇماقتا، يادىكارلىقلاردىن قالغان بۇ تەۋەرۈك يادىكارلىقنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كىتاپ تاكچىسىغا تىزماقتا!

قەدىردان ئۇستازىم، ئەلۋىدا!
سىزنىڭ نامىڭىز بىزنىڭ ئارىمىزدا ھايات!

## مۇھەممەتئىمىن قۇربانى (ئىشقى) شېئىرلىرىدىن

### ئىلىم، ئىتتىپاق مەدھىيىسى

ھەر كىشى بولماقنى ئىستەر بەختىيار،
جەھلۇ نادانلىقنى قىلماس ئىختىيار.

ئابروي-ئىززەت ۋە قۇۋۋەت ئىزلىگەن،
ئىلىم - ئاگلىق، ئىتتىپاقلىقتىن تاپار.

ئىلىم بىر گۆھەر ئېرۇركى تاجغا،
بۇ بىلەن بەختىنى تاپتى بىغۇبار.

شەرتىدۇر كۈچلۈك بولۇشنىڭ ئىتتىپاق،
كىم خىلاپلىق قىلسا گەر بولغاي چاكار.

مەرىپەتنىڭ نۇرىدا بولغاي يورۇق،
كىمكى ئاگلىق بولسا زۇلمەتلەر قاچار.

ئىشقىيا، ياتما جاھالەت باغىدا،
ئاسمىنى نادان لەقەپ بىرلە تۇمار.

1966 - يىل، قەشقەر

### ئىزدىنىش يولى

ئاغرىماس، بىلمەس كىشى ساقلىقتا ساقلىق قەدرىنى،
دەرد گەشتىدە بولمىغان بىلمەيدۇ شادلىق قەدرىنى.

بەختلىك چاغلاردا ئىنسان قاپلىماچ كىبرۇ غۇرۇر،
بىلمىگەي دەۋرانىدىكى راھەت ئىشادلىق قەدرىنى.

كەمبەغەللەر دەردىنى مۇھتاج بولغانلار بىلۇر،
بايۇ دۆلەتمەن چېغى بىلمەسكى بايلىق قەدرىنى.

ياپىرىماس ھېچ بىر كۆڭۈل، گەر بولمىسا ئۇندا ئۈميات،
ئەھلى ۋىجدانلار بىلۇر شائىرلىق ھاياتلىق قەدرىنى.

يار دەپ يۈرمەك جاھاندا ئىشقسىز - بىھۇدىلىك،
ئىشق ئىلە ئىنسان بولۇر بىلسە ئىجادلىق قەدرىنى.

ئەي يۈرەك، مەي ئىچ ئىلىمدىن، بەخت ئىرپانىدىن كېلۇر،
چىن مۇھەببەتلىك كىشى بىلگەي ئۇياتلىق قەدرىنى.

باس قەدەمنى توغرا يولغا بولمىغىن سۆلەتكە دوست،
سەن ئۇنۇت بىھۇدە ئۆتكەن دەۋر ياشلىق قەدرىنى.

ئىشقىيا، سەن دەھرىدىن ئۆتتۈڭ پىغانلىق غەم بىلەن،
بىلمىگەچ ياشلىقتا ئۆتكەن ئېتىبارلىق قەدرىنى.

1981 - يىل، ئاۋغۇست، قەشقەر

## مەھبۇبقا

ئەي پەرى، گۈل ھۆسنۈڭگە كۆيگۈم كېلۇر،
ئاي جامالىڭنى ھامان كۆرگۈم كېلۇر.

ئەيلىدى كۆڭلۈمنى مەپتۇن نازلىرىڭ،
لەۋلىرىڭگە شەۋق بىلەن سۆيگۈم كېلۇر.

ئوخشىتارمەن بويلىرىڭنى سەرۋىگە،
تال چىۋىقتەك قامىتىڭ ئەگكۈم كېلۇر.

كەلمىسەڭ قاشىمغا بىر ھالىم سوراپ،
خانىماندىن كېچىپ كەتكۈم كېلۇر.

«ئىشقى» نى سالغان جۇدالىق كويىغا،
شۇمرەقىبنى «ئاھ....»دا كۆيدۈرگۈم كېلۇر.

1952 - يىل ماي، قەشقەر

## سەن يار ئۈچۈندۇر

جان، پىغانىم سەن يار ئۈچۈندۇر،
ئەيشى - ھوزۇرۇم سەن يار ئۈچۈندۇر.
ئىقبالۇ بەختىم سەن يار ئۈچۈندۇر،
بەلكى ھاياتىم سەن يار ئۈچۈندۇر.

ئەردىم كويۇڭدا بىر زار مۇشتاق،
يىگىرىم - خىيالىم ۋەسلىڭنى تاپماق.
مۇمكىن بولۇرمۇ مەن سارى باقماق،
شۇ مۇددىئايىم سەن يار ئۈچۈندۇر.

بىلمەيدۇ نادان قەدرىڭنى دىلبەر،
زاتىڭ- ۋۇجۇدۇڭ بىر تازە ئەنبەر.
باغلاردا بۇلبۇل پەرياد ئەيلەر،
قىلغان ناۋايىم سەن يار ئۈچۈندۇر.

ئەي ماھى خۇبان، قىلدىڭ ئەسىرى،
ئەردىڭ جاھاندا خوپلەر ئەمىرى.
كۆرسەم ئىدىم دەپ لۇتپىڭ ئاخىرى،
قىلغان ئۈمىدىم سەن يار ئۈچۈندۇر.

كۆرگەي ئىدىم كاش ئايدەك جامالىڭ،
قويغاي ئىدىم باش مەن خاكى پايىڭ.
دائىم تىلەكىم — تاپماق ۋىسالىڭ،
بۇ ئىلتىجايىم سەن يار ئۈچۈندۇر.

ئاھلەر چېكەرمەن دەستى رەقىبتىن،
تالەي قاچۇرمۇ شۇنچە غېرىبتىن.
دەردىمنى سورۇدۇم « ئىشقى » تېۋىپتىن،
پۇرقەتتە ئۆمرۈم سەن يار ئۈچۈندۇر.

1949- يىل، سېپتەبىر

## دوستانە خىتاب

شەخسىيەتنى تاشلا دوستۇم، سەندە بولسا ئەقىل - ھوش،
ئىشلە ئەلنىڭ پايدىسىغا ئۆتمىسۇن بۇ دەۋر بوش.
شەخسىيەتلىك كىمدە بولسا، تېگىدۇ بېشىغا مۇش،
بىزمۇ ھەم ئىنسان بولۇشقا قىلىلى بىر سەيئى - كۈش.

شەخسىيەتلىك بىر بالا! كۈتمە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق،
كىمدە مەۋجۇت بۇ سۈپەت بولغاي ئۇنىڭدا ۋەھشىلىك.
شەخسىيەتنى تاشلىغانلاردا يوقالغاي پاخشىلىق،
ياغىمىدىمۇ بىزگىمۇ بىر چاغ بالالار تۇشمۇ تۇش.

شەخسىيەتتىن ئارقىدا قالدۇق بولالماي ھېچ نېمە،
بۇ «پەزىلەت» بولسا دوستۇم يۈكسىلىشنى كۆزلىمە!
تاشلىمايسەن دوست يەنە ھەر كۈن كۆرەرسەن غەم يېمە،
شەخسىيەتنىڭ غايىسى مىللەت بەختىنى قۇرۇتۇش.

ئويلىغىن قالغان جاھاندا خانۇ ۋەيران كىم ئېرۇر؟
باق زامانغا، ئالغا كەتكەن - ئارتتا قالغان كىم ئېرۇر؟
شەخسىيەتچۈنلا مېڭىپ ئەلنى ئۇنۇتقان كىم ئېرۇر؟
بولمىغان شۇڭلاشقا ئەلنىڭ ئۆتمۈشىدە كۆڭلى خۇش.

كۆردى كۆز ئۆزنى ھەمىشە كۆرمىدى ھېچ ئۆزگىنى،
شەخسىيەتتىن تارتىۋالغاچ كۆزلىرىگە كۆزگۈنى.
بولساگەر ئىلكىڭدە تاكى شەخسىيەتنىڭ تىزگىنى،
سايرىماس باغىڭدا «ئىشقى» سەن ئۈچۈنمۇ بەخت قۇش.

1948 - يىل ماي، قەشقەر

(بۇ شېئىرلارنى قابىلەت جۇمە نەشرگە تەييارلىغان)

مەسئۇل مۇھەررىرى: **تۇرسۇن نىياز**

www.uyghurkitap.com

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# پروزىچىلىقنىڭ يېڭى قوللانمىسى①

## ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقى

ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقى — ئىنسانلارنىڭ ئاڭ ئېقىمى پائالىيىتىنى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىشنى ئورتاق ئالاھىدىلىك قىلغان ھازىرقى زاماندىكى بىر خىل پروزىچىلىق ئېقىمى.

ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقى ئەڭ دەسلەپ فرانسىيىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مارسال پروستى (1871 ـ 1922) بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسچىسى، شۇنداقلا ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «سۇدەك ئۆتكەن ئۆمۈر خاتىرىسى» ناملىق كۆپ قىسىملىق رومانى ئاڭ ئېقىمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە مەشھۇر ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاڭ ئېقىمىنىڭ باشقا ئەللەردىكى مەشھۇر ۋەكىللىرى ئىچىدە يەنە ئەنگلىيىلىك ئايال يازغۇچى ۋىرگىنىيە ۋولف، ئىرلاندىيىلىك جامىس جويىس، ئامېرىكىلىق فولكنېر قاتارلىقلارمۇ ھەم بار.

ۋىرگىنىيە ۋولف (1882 ـ 1941) نىڭ «دولۋېي خانىم» (1925)، «چىراغ ئورنىتىلغان مۇنارغا بېرىش» (1927)، «دولقۇن» (1931) قاتارلىق مەشھۇر ئاڭ ئېقىمى ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە، ئاڭ ئېقىمىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان «ھازىرقى زامان پروزىسى ھەققىدە»، «بېرنت ئەپەندىم ۋە براۋنىي خانىم» قاتارلىق ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالە ـ ئەسەرلىرىمۇ بار.

جامىس جويىس (1882 ـ 1941) ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىدىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچى. ئۇنىڭ «يولىسىس» (1922) رومانى ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىدىكى تەڭداشسىز ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە 20 ـ ئەسىر پروزىچىلىقىدىكى ئەڭ نادىر رومانلارنىڭ بىرىدۇر.

ۋىليام فولكنېر (1897 ـ 1962) ئاڭ ئېقىمىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «چۇقان ۋە زار» (1929) رومانى ساپ ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەڭ ياخشى رومانلارنىڭ بىرىدۇر.

ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقى ئاساسەن يىگىرمە ـ قىرقىنچى يىللاردا تازا گۈللىنىپ چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇنداقلا نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ، يىگىرمىنچى ئەسىر پروزىچىلىقىنى يېڭىچە بىر خىل قىياپەتكە ئىگە قىلدى.




گەرچە ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇستەقىل پروزىچىلىق ئېقىمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى داۋاملىق قوللىنىلىۋاتىدۇ.

① بېشى ئۆتكەندىكى سانىدا

## يازغۇچى دۇنيا قارىشى

يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى — ئەسەرنىڭ ياخشى - يامان چىقىشىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينايدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ پەلسەپۋى قارىشى، سىياسىي - ئىجتىمائىي قارىشى، ئەخلاق قارىشى، ئىستېتىك قارىشى، شۇنداقلا ئەدەبىيات قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلىش، تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدىغان بارلىق كۆز قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دۇنيا قاراش قانداق خاراكتېرلىك بولسا ئەسەرمۇ شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولىدۇ ھەم يازغۇچىلاردىن ئىلغار، يېڭىچە دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللاش ۋە ئۇنى قوللىنىشتىمۇ بەلگىلەش، تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. پرولېتارىياتلىق دۇنيا قارىشىغا ئىگە بولغان يازغۇچى گوركىينىڭ «ئانا» رومانىنى يېزىشتا سوتسىيالىستىك رېئالىزمدىن ئىبارەت يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى مانا بۇنىڭ مىسالى.

مەلۇم مەنىدە، دۇنيا قاراشنى توغرىلىماي، يېڭىلىماي، زامانىۋىلاشتۇرماي تۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ھەتتا دەۋر ئېقىمى بىلەن بىللە مېڭىشمۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆزدۇنيا قارىشىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى لازىم.

## سيوژېتنى سۇسلاشتۇرۇش

سيوژېتنى سۇسلاشتۇرۇش — ئەمەلىيەتتە سيوژېتنىڭ ئەنئەنىۋى پروزا ئەسەرلىرىدىكىدەك ئۆنداق ئىنچىكىلىقىنى، ماسلىقىنى، مۇكەممەللىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش خاھىشى بولۇپ، بۇنداق خاھىش — ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىغا نىسبەتەن بىرخىل ئومۇمىيلىق.

سيوژېتنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىنىڭ ئەمەلىيىتى بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. سيوژېتنىڭ سۇسلاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان سيوژېت ئامىلى ئەمدى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقتا ئېتىبارسىزراق قارىلىدىغان كىشىلىك خاتىرىلەرنىڭ ئورنى ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. نەتىجىدە، سيوژېتنى سۇسلاشتۇرۇش خاھىشى كىشىلىك خاتىرىلەرنى ئەسەرگە ئارىلاشتۇردى ھەم ئەسەرنىڭ جەلىپكارلىقىنى ئاشۇردى.

سيوژېتنى سۇسلاشتۇرۇش خاھىشى نەتىجىسىدە، «ژەقە» ئامىللىرى ئازىيىپ، «ھېسسىيات» ئامىللىرى كۆپەيدى.

سيوژېتنى سۇسلاشتۇرۇش خاھىشى گىروزىيە يازغۇچىسى نودار دومبادزې يازغان «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» رومانىدا خېلى كەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. روماندا باشتىن - ئاخىر ئىزچىللىشىپ تەرتىپلىك بارىدىغان مۇكەممەل سيوژېت يوق. ھەممىدە باچانىڭ ئېڭى ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرى ئاساس قىلىنغاچقا خىيال، ئەسلىمە، رېئاللىق، چۈش ۋە باشقىلار ئارىلاش يېزىلىدۇ. نەتىجىدە سيوژېت سۇسلىشىپ كېتىدۇ - يۇ، رومانىنىڭ جەلپكارلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

## ئىككىنچى شەخس بايانى

بۈگۈنكى پروزا ئەسەرلىرىدە ئادەتتە بىرىنچى شەخس بىلەن ئۈچىنچى شەخس تىلىدا بايان

ئېلىپ بېرىلاتتى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا كەلگەندە پىروزىچىلىقتا ئىككىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىنىشتەك يېڭىچە بىر خىل بايان شەكلى مەيدانغا كەلدى، يەنى ئاڭ ئېقىمى پىروزىچىلىرى تۇنجى بولۇپ بۇخىل بايان شەكلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. 50 - يىللارغا كەلگەندە فرانسىيە «يېڭى پىروزىچىلىق» ئېقىمىدىكىلەر «سەن» بايان ۋاستىسى قىلىنىدىغان «ئىككىنچى شەخس بايان شەكلى» نى بىر خىل ئاساسلىق بايان شەكلى قىلىپ رەسمىي قوللاندى. بۇخىل بايان شەكلى پىروزىچىلىقتا ماھارەت ھېسابلىنىدىغان يېڭىلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلەپ قوللىنىلىشقا ۋە ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

ئىككىنچى شەخس بايان شەكلى قوللىنىلغان ئەسەرلەردە ئادەتتە پۈتۈن ئەسەر بايانچىنىڭ ئىككىنچى شەخسكە يەنى «سەن» گە قاراتقان بايانى بىلەن پۈتىدۇ، بايان ئوبيېكتى بولغان ئىككىنچى شەخس — «سەن» ئاساسەن باش پېرسوناژ، قىسمەن ئەسەرلەردە ئاساسلىق پېرسوناژ بولۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن: «ئازاد قۇشلار» ھېكايىسى تىپىك ئىككىنچى شەخس بايان شەكلى قوللىنىلغان ھېكايە بولۇپ، ئەسەردە «سەن» بايان ۋاستىسى قىلىنغان، «سەن» پېرسوناژ باش پېرسوناژ بولۇپ كەلگەن.

ئىككىنچى شەخس بايان شەكلى قوللىنىلغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەردە بايان قىلغۇچى بىلەن پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتى باشقا بايان شەكلى قوللىنىلغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا خېلىلا مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل بولىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل مۇناسىۋەت تەبىئىي رەۋىشتە ئەسەرنىڭ ئەدەبىيلىكىنى ئاشۇرۇپ، كىتابخانلارنى مەپتۇن قىلىدۇ، ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. «ئازاد قۇشلار» ھېكايىسىدا بايانچى بىلەن پېرسوناژ «سەن» نىڭ مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ. مەسىلەن: ئەسەر «سەن ئۇنداق قىلدىڭ»، «سەن مۇنداق ئويلىدىڭ»، «سەن مۇنداق دېدىڭ»، «سەن شۇنداق بوپ كەتتىڭ» دېگەندەك بايان كەيپىياتىدا بارىدۇ. ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بايانچى«مەن»ئەسەرگە ئارىلىشىدۇ، ئەمما بۇ «مەن» نىڭ ئەسەرگە ئارىلىشىش مەقسىتى، ئارىلىشىشتىكى سالاھىيىتى تازا ئېنىق ئەمەس. «... بۇچۈشنى سەن ماڭا ئاشۇ سوغۇق شاماللىق كۈندە ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ... سەن بۇ چۈشۈڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن چېغىڭدا مەن ئۆز ئۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. بۇ چۈشنى سەن ماڭا ئېيتىپ بەردىڭمۇ ياكى مەنمۇ؟... لېكىن مەن بۇ چۈشنى سەن كۆردۈڭمۇ، مەنمۇ زادى بىلەلمىدىم.» «ئاشۇ كۈنى ‹ق› مەيداندا كەپتەرلەرگە دان بېرىپ، ئۇلارنى مەستانىلىق بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان، يۈزىدە ئازاب ۋە ئىزتىراپ ئەكس ئېتىپ تۇرغان پەرىشان يىگىت سەنمۇ ياكى مەنمۇ؟ بەلكىم مەن كەپتەرلەرگە دان بېرىۋاتقاندا ۋە كېيىنچە ئادەمسىز كوچىغا كىرىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا شەپقەت ۋە ئېچىنىش بىلەن كەينىمدىن قاراپ قالغان كىشى سەن بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن.»

مانا بۇ بايانلاردىن بىز «مەن» (بايانچى) بىلەن «سەن» (پېرسوناژ) نىڭ مۇناسىۋىتىنى تازا ئېنىق بىلىپ كېتەلمەيمىز. بۇ خىل ئېنىقسىزلىق پېرسوناژنى، ئەسەرنىڭ خاھىشى - ئىدىيىسىنى غۇۋالاشتۇرۇپ ئەسەرنى بىر خىل سىرلىق تۈسكە، مەپتۇنكارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

ئىككىنچى شەخس بايان شەكلى قوللىنىلغان ئەسەرلەردە مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، يەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئامىل - تەرەپلەر بايان قىلىنىدۇ، لېكىن مەسىلە ھەل

قىلىنمايدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلىش كىتابخانىلارغا قالدۇرۇلىدۇ. پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە كۆپىنچە «سۈرەتكە ئېلىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئاپتور بىلەن بايانچى ئەسەردە ئاساسەن كەۋدىلەنمەيدۇ.

«سەن» بايان ۋاستىسى قىلىنىدىغان ئىككىنچى شەخس بايان شەكلى بۇرۇنقى خەت شەكلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بايان شەكلى بىلەن ئاز - تولا ئوخشاشلىقتا ئىگە بولسىمۇ، ئۇلار يەنە روشەن پەرقلەرگىمۇ ئىگە. ئادىل كاتويىنىڭ «تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر» ناملىق ئەسىرى بىلەن نەزەر ئىشانقۇلوۋنىڭ «ئازاد قۇشلار» ناملىق ئەسىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقساقلا ئۇلارنىڭ پەرقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

## ئىپادىلەش

ئىپادىلەش — ئەدەبىيات ئاتالغۇسى بولۇپ كەلگەندە، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنسانىنىڭ سۇبيېكتىپ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسىتىشنى — تەسۋىرلەشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىپادىلەش ئادەتتە سۇبيېكتىپ روھىي دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ — رېئال دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتىدە ۋە مەركىزىدە ئادەم تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئەدەبىياتنى «ئىنسانشۇناسلىق ئىستېتىكىسى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئادەم تاشقى مۇناسىۋەتلەر (ئوبيېكتىپ) بىلەن قەلب پائالىيەتلىرى (سۇبيېكتىپ) نىڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات، بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندىكى ئەدەبىيات ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىن كەسكىن پەرقلىق ھالدا ئادەمنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن كۆرە روھىي دۇنياسىدىكى ھەرخىل قەلب پائالىيەتلىرىگە — ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ تەرەپلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، جەزبىدار تەرەپلىرى پەقەت شۇ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغىلا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مۇشۇ سۇبيېكتىپ دۇنيانى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئەدەبىياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىن ئەدەبىيات يارىتىشتا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۇسۇل — ئىپادىلەشتۇر.

ئىپادىلەش — ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشتەك باغلىنىشى بىلەن ئالدىنقى ئەسىرلەر ئەدەبىياتىدا، ھەتتا ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىياتلاردىمۇ مەۋجۇت ئىدى، كۆپ قوللىنىلاتتى. 20 - ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلەش ئاشۇ ئىپادىلەشلەرنىڭ ئەسىرىمىزدىكى راۋاجى بولۇپ، يۇقىرى ماھارەتلىك، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇخىل شەكىل، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى، بولۇپمۇ پۈتۈن ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولۇش، ئومۇملىشىش، ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بولۇشتەك ئورنى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئىپادىلەش رومانتىزمدىكىدەك ئۇنداق بىۋاسىتە، ساپ ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى «ئوبيېكتلاشتۇرۇلغان» ئىپادىلەشتۇر. ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدا ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان يازغۇچىلار سۇبيېكتىپ دۇنيانى سىمۋوللاشتۇرۇپ،

غۇۋالاشتۇرۇپ، مۇرەككەپلەشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدا ئىپادىلەش يۇقىرى سەۋىيە، ئىجادچانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماھارەت مەسىلىسى بولۇپ قالدى. «سىمۋولىزم»، «ئىپادىچىلىك»، «ئاڭ ئېقىمى»، «ئۈستۈن رېئالىزم» قاتارلىق سوبيېكتقا مۇناسىۋەتلىك ھازىرقى زامان پروزا ئېقىملىرىدا قوللىنىلغان ھەرخىل ئىپادىلەش شەكىللىرى، ماھارەتلىرى، ئۇسۇللىرى بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدا ئىپادىلەش مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ: بىر خىل شەكلى سوبيېكتىپنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بىر خىل سوبيېكتىپ بەدىئىي دۇنيا يارىتىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل شەكلى ئوبيېكتىپنى سوبيېكتىپلاشتۇرۇش، يەنى ئوبيېكتىپنى سوبيېكتىپ بىلەن تونۇش، ئىگىلەش، چۈشەندۈرۈش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ دۇنيا ھېسسىياتلىق قىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

قانداق ئىپادىلەشنى يازغۇچىنىڭ سەۋىيە ـ ئىقتىدارى بەلگىلىسە، نېمىنى ئىپادىلەشنى شۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى ھالىتى، كەيپىياتى، روھى بەلگىلەيدۇ. غەرب ئەللىرىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى گەۋدىلىك قوللىنىلغان ئەسەرلەردە شۇ دەۋر، جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۈمىدسىزلىك، بىئاراملىق، چۈشكۈنلۈك، ئېتىمسىراش قاتارلىق ھېسسىيات ـ كەيپىياتلار ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىيات ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان شەخسىي ئىشى ئەمەس، ئۇ ئومۇمنىڭ ئىشى بولۇپ، يازغۇچىلاردىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئەسەرلەردە شەخسىينىڭ ھېسسىياتى، روھىي كەيپىياتىنى ئىپادىلەشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئورتاق ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، روھىي ھالەتلىرىنى ئىپادىلەش شەرت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» ناملىق ھېكايىسىدە بىر شەخسنىڭ ئەمەس، كىشىلەرنىڭ گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلىقتەك ئومۇمىي روھىي ھالىتى؛ «بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق ھېكايىسىدە بولسا كىشىلەرنىڭ خەۋپسىرەپ ياشاشتەك روھىي ھالەتلىرى ئىپادىلەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن يازغۇچىلار، ئەدەبىياتشۇناسلار پروزىچىلىقنىڭ ئۈمىدىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا باغلاۋاتىدۇ. ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈمىدنىڭ يەردە قالماسلىقى مۇمكىنلىكىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ.

### غۇۋالاشتۇرۇش

غۇۋالاشتۇرۇش — ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق خاھىشلارنىڭ بىرى. بەزىلەر غۇۋالاشتۇرۇشنى ئەدەبىياتنى ئەدەبىيات قىلىپ تۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، بىر خىل ماھارەت مەسىلىسى، دەپمۇ قارايدۇ.

غۇۋالىق — ئېنىقلىق، روشەنلىكنىڭ قارشىسى بولۇپ، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئىپادىلەنمەكچى — كۆرسەتمەكچى بولغان مەسىلە — ئوبيېكتنىڭ نىسبەتەن ياكى خىللا يوشۇرۇنلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

غۇۋالىق ھازىرغىچە ئاساسەن شېئىرىيەتتىكى بىر خىل ئىستېتىك كاتېگورىيە، دەپ قارالغان ھەم غۇۋالىق پەقەت شېئىرىيەتتىلا ئىزدەلگەندى. ئەمەلىيەتتە غۇۋالىق پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئىستېتىك ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ پروزىچىلىقتىمۇ مەۋجۇت ۋە بولۇشى زۆرۈر.

ئەدەبىيات قاراشلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، كىتابخانلارنىڭ ئىستېتىك تەلىپىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالدىنقى ئەسىر ئەدەبىياتىدا تەشەببۇس قىلىنغان «ئېنىق، روشەن، مۇقىم بولۇش» پرىنسىپى بۇ ئەسىردە ئېتىبارسىز قارالدىلا ئەمەس، بەلكى زەربىگە ئۇچرىدى. ھازىرقى زامان كىتابخانلىرى، ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، تۈپ ماھىيىتىدىن سۈرۈشتۈرگەندە ئېنىقلىق، روشەنلىك، مۇقىملىق ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى، مەپتۇنكارلىقىنى يوقىتىپ، ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يوقىتىۋېتىدۇ، ئەدەبىياتنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر خىل غۇۋالاشتۇرۇش سەنئىتى بولۇشى كېرەك. چۈنكى غۇۋالىق ئەسەرنى سىرلىق تۈسكە ئىگە قىلىپ ئۇنى جەزبىدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. «پەقەت سىرلىقلىقلا ئەسەرنى مەڭگۈلۈك گۈزەللىككە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ».

ئەسەردىكى غۇۋالىق تەبىئىي رەۋىشتە شەكىللىنىشىمۇ، مەقسەتلىك شەكىللەندۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ بىۋاستە ئەمەس، بەلكى باش تېمىدىكى ئابستراكتلىق، كۆپ خىللىق؛ پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئېنىقسىزلىق؛ سيۇژېتنىڭ سۇسلىقى ۋە غەلىتىلىكى؛ قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىچىلىكى؛ تاشقى دۇنيا تەسۋىرىنىڭ تۇتۇقلىقى، تىلدىكى مەنتىقسىزلىق، ئابستراكتلىقنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى...قاتارلىق سەۋەبلەر نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ.

غۇۋالاشتۇرۇش ھەرگىز زادى بىلگىلى بولمايدىغان قىلىۋېتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. غۇۋالاشتۇرۇش ئاساسەن كىتابخانلارنىڭ ئەسەر ھەققىدە ئىزدىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە قوللىنىلىدۇ.

## ۋەقە

ۋەقە — پروزىچىلىق ئاتالغۇسى بولۇپ كەلگەندە «پروزا ئەسەرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئاساسى»، يەنى رېئاللىقتىكى ئىشلار، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

لېكىن نۇرغۇن كىتابخانلار، ھەتتا بىر قىسىم ئەدەبىياتچىلارمۇ «ۋەقە» نى «ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئەسەر ۋەقەلىكى»، يەنى «سيۇژېت» دېگەن مەنىدە چۈشىنىدۇ ۋە بۇ ئاتالغۇنى شۇ مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىدۇ. بۇ پروزىچىلىق ماھارىتى ئۈچۈن، پروزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز بولغان چۈشەنچە ۋە قوللىنىشتۇر.

ۋەقە — پروزىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان ئامىل. ئۇ ھەرگىزمۇ باش تېما، پېرسوناژ، سيۇژېتلاردەك پروزا ئامىلى بولالمايدۇ. چۈنكى ۋەقە ئەدەبىي ئەسەردىكى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. «سيۇژېت» ئاندىن «ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئەسەر ۋەقەلىكى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئاتالغۇنى مۇشۇنداق مەنىدە چۈشىنىش ۋە ئۇلارنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈش پروزىچىلىق ماھارىتى ۋە گۈللىنىشىدە ئاكتىپ مەنىگە ئىگە.

ۋەقە — ئەدەبىياتنى تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدىغان رېئاللىقتىكى ئىشلار

ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرگە ئېلىپ كىرىلمەيدۇ. ئۇ پەقەت يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرى بىلەن كۆزىتىپ تاللىشى، ئىش قوشۇشى، يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئەدەبىي تۈسكە ئىگە قىلىشى بىلەن ئاندىن ئەدەبىي ئەسەرگە كىرەلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرگە ئېلىپ كىرىلگەن ۋەقە تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى يوقىتىدۇ ياكى يوقىتىشى كېرەك.

بىر قىسىم يۇقىرى ماھارەتلىك يازغۇچىلار ئەسەر سيوژېتىنى ۋەقە ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى تەسەۋۋۇر — توقۇلما ئاساسىدا شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق ھالدىمۇ، «ۋەقە» يەنىلا رول ئوينايدۇ. يەنى ۋەقە ئاشۇ تەسەۋۋۇر — توقۇلما ئاساسىدا سيوژېت يارىتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئادەتتە ۋەقە ئاساسى بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان سيوژېت بولمايدۇ (ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەر ۋە بىر قىسىم غەلىتە ئەسەرلەردىكىسى ئايرىم ئەھۋال)، يەنى سيوژېتنىڭ مۇمكىنلىكىنى يەنىلا «ۋەقە» بەلگىلەپ بېرىدۇ.

ۋەقە ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتى بىلەن سيوژېتتەك ئۇنداق ئىستېتىك قىممەتكە، مەقسەتچانلىققا، ئىزچىللىققا، مۇھىمى ئەدەبىي تۈسكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا كىشىلەر ۋەقەدىن سيوژېتتىن زوقلانغاندەك زوقلىنالمايدۇ.

ۋەقە — پروزا ئەسەرلىرىگە ئاساس، مەنبە بولىدۇ، لېكىن ئۇ ھامان پروزىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. پروزا ئامىلى ھېسابلانمايدۇ، لېكىن پروزا بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

گەرچە «ۋەقە» ئاتالغۇسىنى «ئەسەر ۋەقەلىكى»، يەنى «سيوژېت» دېگەن مەنىدە چۈشەنسىمۇ بولىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق سيوژېتنىڭ ئەدەبىي تۈسىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدىغان بولغاچقا، «ۋەقە» بىلەن «سيوژېت» ئاتالغۇلىرىنى پەرقلەندۈرگىنىمىز ياخشى.

**سيوژېت**

سيوژېت پروزا ئەسەرلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ، ئەدەبىيات ئاتالغۇسى سۆزلۈكىدە «پروزا ئەسەرلىرىدە توقۇلما قىلىپ يېزىلغان بىر يۈرۈش ۋەقەلىك»، يەنى «ئەسەر ۋەقەلىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆۋەندىكىسى ئارگېنتىنالىق مەشھۇر يازغۇچى كورتاسار (1914 ـ 1984) نىڭ «ئۆزىگە ھېكايە توقۇيدىغان ئادەم» ناملىق ھېكايىسىنىڭ سيوژېتى:

ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىمدا دائىم ئۆزۈم ئۈچۈن ھېكايە توقۇيمەن. ئايالىم ئېيىتقاندەك ئىشتىن تولىمۇ ھېرىپ قايتقاچقا بالدۇرلا ئۇخلاپ قالىدۇ. مەن توقۇيدىغان ھېكايىلەر ھامان ئۆزۈمنىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدۇ. بىر كۈنى چۈشۈمدە دېلىيانى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ئاۋانسلار بىلەن بىز بەك ياخشى ئۆتەتتۇق. چۈشۈمدە مەن بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىمىشمەن، ئۇ يېرىم كېچىدە تاغ يولىدا ماشىنامدا ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. قۇلىقىمغا دېلىيانىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، دېلىيانى ماشىنامغا سېلىۋېلىش نىيىتىدىن ياندىم، ئەمما ھېكايىدا مەن بەكلا ئازابلىنىپ كەتتىم.

مەيلى كىملا بولسۇن بۇنداق يېرىم كېچىدە، يەنە كېلىپ تاغ يولىدا ماشىنا توسقان ئادەمنى ئۈممىدسىز قالدۇرماسلىق كېرەك-دە. دىلبىيا ماشىنامغا چىقتى، ماشىنا بىر يەرلەرگە بارغاندا بىز تاماق يېدۇق. مەن كاردۋاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ باشقا يەرگە بېرىپ ئۇخلىماقچى بولغاندا ئۇ «مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھېكايىمىز كولىمىناتسىيە باسقۇچىغا كىردى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم، تاڭ يورۇغاندىلا ئاندىن بىز ئۇيقۇغا كەتتۇق. ئېيىا كارا ئەتىگەنلىك تاماققا ئويغاتقاندا، ئاخشام ئۆزىنىڭ ئاۋانىسلار ئۆيىگە بارغاندا ئۇلارنىڭ بىزنى كەچتە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. كەچتە ئاۋانىس دىلبىيانىڭ ئىككى ئايدىن بېرى سىرتقا چىقمىغانلىقىنى ئېيتتى، تاماقتىن كېيىن دىلبىيا ماشىنىمنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىپ، بىر يۈك ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى دەپ بەردى. سۇخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا سىيىپ قويغان بالىسىنى كۆتۈرۈپ دىلبىيامۇ كىرىپ كەلدى- دە، ھېلىقى مەن توقۇغان ھېكايىدىن خەۋىرى باردەكلا «راست دەيسىز، مەن ئاشۇ يۈك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى بىلەن بىللە ئۇخلىدىم. سىزلا خالىسىڭىز بېرىپ ئاۋانىسقا دەي»، بۇ ئېيىمە ئىش بوپ كەتتى ئەمدى، ئىشىق ئوتىدا ياندىم، بىراق دىلبىيا سوغۇققىنا قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ماڭا ماشىنىدىلا خۇشاللىق ئاتا قىلغانىكەن.

سيوژېتنى چۈشىنىشنىڭ، يارىتىشنىڭ، باھالاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى — ئۇنىڭ ئەسەرگىلا تالىق ئامىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ رېئاللىق، يەنى ۋەقە بىلەن ھەرگىز تەڭ ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر سيوژېت بىلەن ۋەقەنى تەڭ، ئوخشاش دەپ قاراپ، ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنى سېلىشتۇرۇشقا، ماس كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق ئۇرۇنۇش ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتنى ئېتىراپ قىلماسلىق، سيوژېتنى بىلمىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇم مەنىدە ۋەقە رودىغا، سيوژېت رودىنى تاۋلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن مېتال — ئېلېمېنتقا ئوخشايدۇ. يەنى سيوژېت ۋەقەنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى يازغۇچى بەدىئىي ماھارىتى - ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، پەقەت يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت - ئىقتىدار ئارقىلىقلا ياخشى سيوژېت يارىتىلغىلى بولىدۇ.

سيوژېت ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا (بەدىئىي ماھارەت — ئىقتىدارنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا) ئۇ يازغۇچىلاردىن ياخشى ۋەقە ئاساسىدىن باشقا يەنە ئىجادچانلىق روھ ۋە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. «ئۆزىگە ھېكايە توقۇيدىغان ئادەم» نىڭ سيوژېتى ئەنە شۇنداق ئىجادچانلىق ۋە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن.

ھەر قانداق ئەسەردىكى ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ھەممىسىلا سيوژېت بولۇۋەرمەيدۇ، ئەدەبىي تۈسى، ئىستېتىك قىممىتى يوق ئەسەر ۋەقەلىكى ئوخشاشلا ۋەقە بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، بۇنداق ۋەقە يېزىلغان ئەسەر ئەدەبىي ئەسەر كاتېگورىيىسىگە كىرەلمەيدۇ.

سيوژېت ئاساسەن پېرسوناژلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا نەزەرىيىۋى ئەسەرلەردە سيوژېتقا: «ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى، خاراكتېرلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى» دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. سيوژېت — ئەسەردىكى ھەرىكەت بولغاچقا، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ھەرىكەتتە بىشمۇرەۋىشتە ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى بولىدۇ. ئادەتتە ئەسەردىكى پېرسوناژ سيۇژېت بۆلەكلىرى تەپسىلاتلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئىنچىكىلىمەقتا ئىگە قىلىدۇ، ئاشۇ ئىنچىكىلىق ئەسەرنى ئەسەر قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنچىكىلىمەقتا (ئۇرتا قىلمەقتا) ئىگە بولۇش — سيۇژېتنىڭ ۋەقەدىن پەرقلىنىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، سيۇژېت ئەدەبىياتتا ماھارەت ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇ پەقەت ئەدەبىي تۈسكە ئىگە ماھارەتلىك سيۇژېتلارنى ئاتاش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىشى كېرەك.

## سيۇژېتنىڭ تەرتىپى

سيۇژېت — پروزا ئەسەرلىرىدىكى ھەرىكەت بولغاچقا، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا تەرتىپى — جەريانى بولىدۇ.

سيۇژېتنىڭ تەرتىپى ئادەتتە «باشلىنىش ← راۋاجلىنىش ← يۇقىرى پەللىگە چىقىش ← ئاخىرلىشىش» شەكلىدە بولىدۇ. بۇ شەكىل ئەسەر قۇرۇلمىسىغا ئاساس بولىدۇ.

بەزى ئەسەرلەردە باشلىنىشتىن بۇرۇن «مۇقەددىمە»، ئاخىرلىشىپ بولغاندىن كېيىن «خاتىمە» بولىدۇ. بۇ ئىككى تەركىبىي قىسىم ئۇنۇملۇك قوللىنىلسا (مەسىلەن: م. ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» ھېكايىسىدىكىدەك) ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن بۇلار زۆرۈر ئامىللار ئەمەس.

نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردە سيۇژېتنىڭ تەرتىپى ئۇنداق رەتلىك ۋە ئېنىق بولمايدۇ. قۇرۇلما دائىم دېگۈدەك سيۇژېت تەرتىپىنى بۇزۇۋېتىدۇ ۋە ئېنىقسىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سيۇژېت تەرتىپىدىكى ھەر قايسى باسقۇچلارنىڭ پەرقىنى ئىمكان بار يوقىتىپ، ئەسەرنى بىر خىل رىتىمغا ئىگە قىلىش؛ ئەسەرنى چۆچەكلەردەك «مۇرادىغا يېتىپتۇ» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى كىشىنى ئويغا سالىدىغان ھالەتتە ئاخىرلاشتۇرۇش، ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال.

سيۇژېتنىڭ «باشلىنىش ← راۋاجلىنىش ← يۇقىرى پەللىگە چىقىش ← ئاخىرلىشىش» تەرتىپى يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدىن، ئەسەر ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ يېزىقچىلىق جەريانىدا ئەمەل قىلىش كېرەك بولغان قەلەپ، شەرت ئەمەس. شۇڭا رازۋېتكا ئەسەرلىرى بولمىغان ئەسەرلەردە سيۇژېتنىڭ تەرتىپىنى ئۇنچىلا ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، گەۋدىلەندۈرۈپ كەتمەسلىك كېرەك.

## تەپسىلات

تەپسىلات — پروزا ئەسەرلىرىدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك بولۇپ، ئۇ پېرسوناژ، سيۇژېت، قۇرۇلما، شارائىت...لارغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت ھەم بىرلا بىرلىكتىكى تەسۋىرلەشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئەدەبىياتچىلار تەپسىلاتنى «ئەسەرنى تەشكىل قىلىدىغان ھۈجەيرە» دەپ ئاتايدۇ. بۇ — بىر پارچە ئەسەر ئاشۇنداق نۇرغۇنلىغان «ھۈجەيرە»لەرنىڭ رول ئوينىشى بىلەن ئاندىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

تەپسىلات — ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ، جۈملىدىن پروزا ئەسەرلىرىنىڭ تولىمۇ زۆرۈر، بولمىسا زادى بولمايدىغان ئەڭ ئاساسلىق بىرلىكى بولۇپ، ئەسەردىكى ھەممە تەركىبىي

قىسىملار — پېرسوناژلار خاراكتېرى، سيۇژېت تەرەققىياتى، ئورۇنلاشتۇرۇش، كەيپىيات يارىتىش، شارائىتنى تەسۋىرلەش، ئەسەر تىلىنى بېرىش قاتارلىقلار ئۇنىڭ رول ئوينىشىسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، كونكرېتلىشالمايدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر پارچە پروزا ئەسىرى ئۇرغۇنلىغان تەپسىلاتلارنىڭ تىزىلمىسىدىن ئىبارەت. ئەسەردىكى ئۇلۇغ باش تېما، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز، تەسىرلىك سيۇژېت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا تەپسىلاتلار تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراش، تەپسىلاتلارنى ماھارەت ئىشلىتىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تاللاش كېرەك.

گەرچە تەپسىلات ئۆزى ئىنتايىن كىچىك بىرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئەسەردە ئۇ ئاجايىپ چوڭ روللارنى — ئەسەردىكى ئادەملەرنى گەۋدىلەندۈرۈش، كونكرېتلاشتۇرۇشتىن باشقا يەنە ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

تۆۋەندىكىسى «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» نىڭ پارچىسى بولۇپ، بۇ پارچىدىكى تەپسىلات باش پېرسوناژ باچانانىڭ، بوۋاينىڭ، ئۇنداقلا ئەسەرنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چوڭ رول ئوينايدۇ:

«يېرىم كېچىدە لومكاسا رامىشۋىلى ئىشىكنىڭ قاتتىق تاقىلدىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ جىن چىراغنى ياقتى — دە، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

— كىم سەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن — باچانا! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئىشىكنىڭ كەينىدىن ...

— كىر!

باچانا قىمىر قىلمىدى ...

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى بوۋاي تىترىگەن ئاۋاز بىلەن.

— ئادەم ئۆلتۈردۈم! — دېدى باچانا ...

— كىمنى ئۆلتۈردۈڭ؟ — لومكاسا ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزدى ھەمدە جاۋاب كۈتۈپ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قۇلاققا ئايلاندى.

— گالاخونا كىركادزېنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئۆلتۈردۈم، بوۋا ...

— مېنىڭ خۇداداك ئىككى ئادىمىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن، — سەن ۋە گالاخونا ... — پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ يىگىتنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىغا يوشۇرۇنغان پېنھان سوئالنى لومكاسا ئىچ — ئىچىدىن ھېس قىلدى. نەۋرىسىنىڭ ھەممە ئىستىقبالى ئۆزىنىڭ بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، — توغرا قىپسەن، ئوغلۇم! مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم! — دېدى ئۇ ۋە نەۋرىسىنى باغرىغا باستى ... «ئاھ قادىر ئىگەم، شۇ نارىسىدە سەبىي بالىنىڭ قولى بىلەن ئۆچ ئالدىڭمۇ؟» لومكاسا ئىڭراپ نەۋرىسىنىڭ يېنىغا تىزلاندى.

روي بەرگەن ۋەقەدىن ئەس — ھوشىنى يوقاتقان سىپتوگوداۋدىزى تاڭ سەھەردە لومكاسانىڭ ئۆيىگە ئالاقزادە بولۇپ كىرىپ كەلگىنىدە، بوۋاي بىلەن نەۋرىسى يەنىلا پولدا ئولتۇراتتى، باچانا ھۆكرەپ يىغلايتتى، لومكاسا بولسا ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى...» (66 — 68 - بەتلەر)

(داۋامى بار)

مەسئۇل مۇھەررىر: ھاجى ئەخمەت

مۇتەللىپ سىدىق

## مىسىردا ئۆتكەن بىر يىل①

### مەڭگۈلۈك شەھەر — ئەقسۇر

مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي ۋە ئاسۋان ئۆلكىلىرى، ئۇنىڭ دۇنياغا داڭلىق ساياھەت رايونلىرى بولۇپ، مىسىر قەدىمكى يادىكارلىقلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇشۇ جايلارغا مەركەزلەشكەن. ئۇ، فىرئەۋنلەر يۇرتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇڭا مىسىرغا بارغان كىشى بۇ ئۆلكىلەرگە بارمىسا، شىنجاڭغا بېرىپ قەشقەرگە بارمىغانغا، قەشقەرگە بارسىمۇ ھېيتگاھنى كۆرمىگەنگە ئوخشاش بىر ئىش.

مەن مىسىر ئالىي مائارىپ ۋازارىتىگە قاراشلىق چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبى ئۇيۇشتۇرغان ساياھەت ئۆمىكى تەركىبىدە بۇ جايلارنى زىيارەت قىلدىم. ئارىمىزدا ياپونىيە، جۇڭگو، ھىندونېزىيە، مالايسىيا، تايلاند، ھىندىستان، تۈركىيە، يۇگوسلاۋىيە، ئىسپانىيە، جىبۇتى، پەلەستىن ۋە ئىئوردانىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتتىن كېلىپ، قاھىرەدە ئوقۇۋاتقان 50 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

بىز نىل دەرياسىنى بويلاپ، پويىز بىلەن ئاۋۋال قىنا ئۆلكىسىنىڭ ئەقسۇر شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەر قاھىرەدىن 670 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدۇ. ئۇ، نىلنىڭ شەرقىي قانىتىغا ئۇزۇنىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىختا مەڭگۈلۈك، ئۇلۇغ شەھەر دېگەن نامى بار. ئۇ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1567 — 1085- يىللاردا فىرئەۋنلەرنىڭ پايتەختى بولغان. ئۇنىڭ ئېگىز تۇپرىقىدا مىسىرلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان ۋە كۈرەش قىلغان، ئۇنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا زىرائەت تېرىغان ۋە دەرەخ تىككەن، ئۇنىڭ پاك تاغلىرى ئۈستىدە كەشپىيات ياراتقان. ئۇلار ئەمگەكچانلىقى، باتۇرلۇقى، قان - تەر ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن مۇشۇ دۇنياغا تۇنجى مەدەنىيەتنى ئۇنىڭ قوينىدىن نۇر چاچتۇرغان.

مىسىرلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇ يەردە تۇنجى دۆلەتنى قۇرۇپ، تەرتىپ - قانۇن تۈزۈپ، قانۇننى ھۆرمەت قىلغان، ئەمگەكنى ئۇلۇغلىغان. ئىبادەتلىرىدە پەرۋەردىگارنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى تەھقىقلىگەن ۋە ئەقسۇرغا «تىيبە» (ئۇلۇغ ئىلاھىي شەھەر) دېگەن نامنى بېرىشكەن.

فرانسىيىلىك ئارخىلوگ شامپاليون ئەقسۇر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «‹تىيبە› مۇشۇ زېمىندا پەيدا بولغان ھەر قانداق بىر تىل ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر قانداق بىر سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ سۆزدۇر. ئىنسانلار ئۇنىڭ (ئەقسۇرنىڭ) ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە يۈكسەك قىممىتى ۋە سەنئەت ئىلاھىدىلىكىدىن ھەيران قېلىشىدۇ. شەكسىزكى،




① بېشى ئۆتكەن سانلاردا.

بۇرۇن ئۆتكەن ھەر قانداق بىر خەلق بىناكارلىق سەنئىتىدە قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەلمىدى. ئۇلار بىزگە ئوخشاش ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى.»

ئەرەبلەر ئەقسۇرغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېگىز بىنالىرى، گىگانت مەئبۇدلىرى، سانىقسىز قەسىر - سارايلىرىدىن ئەجەبلىنىشىپ، ئۇنى «ئەقسۇر» (قەسىرلەر شەھىرى) دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدەك، قەدىمكى تارىخشۇناسلار ئۇنىڭغا «يۈز ئىشىكلىك شەھەر» دەپ ئات قويۇشقان. بۇ ئىسىملار ئەقسۇرنىڭ شۆھرىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھازىر ئەقسۇر مىسىر بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا بويىچە مەشھۇر جاي. مىسىرغا كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەقىقەتەن بۇ شەھەرگە بارمايدىغىنى يوق. ھەر يىلى 12-، 1-، 2-ئايلار مىسىرنىڭ تازا ئوبدان ساياھەت پەسلى. بۇ چاغدا تۈركۈم - تۈركۈم چەت ئەللىكلەر پويىز، ماشىنا، پاراخوت، ئايروپىلانلارغا ئولتۇرۇپ، ئەقسۇرغا كېلىدۇ، ئاندىن ئۇ يەردىن ئاسۋانغا ئۆتىدۇ.

ئەقسۇر ھەر قانداق كىشىنىڭ نەزەرىدە، خۇددى چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ۋە شۇلار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان شەھەردەك ھېس قىلىنىدۇ. بازاردىكى سېتىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مىسىرنىڭ ئالاھىدە سەنئەت بويۇملىرى ۋە قول-ھۈنەر بويۇملىرى، سودا بوتكىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇلارنى ساتىدىغان ئورۇنلار دېسەك خاتا بولماس. ئەقسۇر بازارلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەن چەت ئەللىكلەر خۇددى مىسىرلىقلارنىڭ سانى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك شۇنداق كۆپكى، بۇ يەرنى مىسىر ئەمەسمىكەن دەپ قالىسىز. ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ ياپونلۇقلار ئىكەنلىكى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. شۇنچە كۆپ كىشى كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقا كېلىپ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ياكى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ماللارنىڭ قەيەرگىچە بارغانلىقىنى تەكشۈرۈۋاتامدىغاندۇ؟

لېكىن، ئەقسۇر سودا شەھىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ تارىخىي شەھەر بولۇپ، مىسىر تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ يەردە فىرئەۋنلەر دەۋرىگە ئائىت ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ، ئاندىن قالسا ئوتتۇرا ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان ئىسلامىي ۋە مەسىھى ئەسەرلەرمۇ بار.

نىلنىڭ غەربىي قىرغىقىغا پادىشاھلار ۋە مەلىكىلەر ۋادىسى جايلاشقان. بۇ يەردىكى قەلئەلەر «رامسىس II قەلئەسى»، «رامسىس III قەلئەسى»، «تۇت ئەنخۇ ئامۇن ئىبادەتخانىسى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. «رامسىس» بۇ يەردە فىرئەۋنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

رامسىس ئۆز ئەۋلادلىرىغا قەبرىلىرىدىن ۋە قەدىمكى قەلئە - ئىبادەتخانىلاردىن ئىبارەت پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقنى قويۇپ كەتكەن. قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆلۈكلەرنى كۈن پاتقان مەزگىلدە دەپنە قىلىشنى ۋە قەبرىلەرنى قۇرۇق يەرگە ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاشنى، پادىشاھلار ئۆلسە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى، قۇللىرى ياكى ھەيكەل ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى ئۇلار بىلەن بىللە كۆمۈشنى ئادەت قىلىشقان ھەمدە مېيىتنى پۈختا تاشساندۇققا قويغان ۋە مومىيا قىلغان. مېيىتنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قاپلانغان قىنغا كەيدۈرگەن.

لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى مىسىرغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۆزىدىن باشقا قەدىمكى دىنلارغا، بولۇپمۇ فىرئەۋنلەرنىڭ خۇدالىرىغا قارشى

قولىدىن كەلگەنلىكى بۇزغۇنچىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، قەدىمكى قەسىرلەرنى ئۆرۈۋەتكەن، مەئبۇدلارنى چېقىپ تاشلىغان. شۇنداقتىمۇ، قەدىمكى مىمارلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالغان بۇ ئادەملەر بەزى مەئبۇدلارنى ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇزالمىغان، بەزى قەسىرلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى يىقىتالمىغان، بەزى قەبرىلەرنى تاپالمىغان.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە مىسىر يەنە ئارقا - ئارقىدىن چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. ئۇلارمۇ ئەقسۇردىكى بۇ ئەسەرلەرنى يوقىتىۋېتەلمىدى.

مەئبۇدلار ئىچىدە «كۇرۇنك مەئبۇدىسى» ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ياسالغىنىغا بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن ئاشقان، يەنە «تۇت ئەنخۇ ئامۇن» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر پادىشاھنىڭ تاش قەبرىسى ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان ۋە تابۇتى ئالتۇن بىلەن قاتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇ خۇددى ھايات ئادەمدەك مەزمۇت قىياپەتتە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئەگەر مىسىرنىڭ گۈزەل مەدەنىيىتىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئەقسۇرغا بارسىڭىز، ئۇنىڭ قەدىمكى قەلئەلىرىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلغۇچى سېھىرلىك گۈل - نەقىشلىرى ۋە گىگانت تۈۋرۈكلىرى ئاشۇ مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكىنى، «كۇرۇنك مەئبۇدىسى» ۋە «ئەنخۇ ئامۇن» تابۇتى ئۇنى ئورۇنلىغۇچى ئارتىست ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەنسىز. بىنالارنىڭ كاتتىلىقىنى، نەقىشلەرنىڭ گۈزەللىكىنى، ئويمىلىرىنىڭ نازۇك ۋە ئىنچىكىلىكىنى، رەڭلىرىنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى سۆرەتلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەسىلەن: كۇرۇنكدىكى پىر ئامۇن ئىبادەتخانىسىنىڭ چوڭ سارىيى ئون ئالتە رەت تىزىلغان بىر يۈز ئوتتۇز تۆت دانە غايەت زور تاش تۈۋرۈكتىن تەشكىل تاپقان. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەر بىرىنى تۆت ئادەم ئاران قۇچاقلىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېگىز بولغان ئون ئىككى يۇمىلاق تۈۋرۈكنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە بىر مېتىر كېلىدۇ. پۈتكۈل ئاساسىي ئىبادەتخانىنىڭ كۆلىمى يىگىرمە بەش گېكتاردىن ئاشىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، مەدەنىيەتنىڭ شاھىدى بولغان بۇ ئىزدىچى پايتەخت دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە مەڭگۈلۈك ئۆتمۈش بىلەن پارلاق، ئۇلۇغ ھازىرقى دۇنيانى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، داۋاملىق تۈردە تەرەققىي قىلماقتا.

## چېگرا ئۆلكە — ئاسۋان

ئاسۋان — مىسىرنىڭ جەنۇبىدىن سۇدانغا تۇتىشىدىغان چېگرا ئۆلكىسى بولۇپ، جەنۇبىي دەرۋازا دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئۇ، گۈزەللىكتە مىسىرنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئاسۋانغا بېرىش يولىدا، پويىز دېرىزىسىدىن ئىككى ياقتىكى مەنزىرىلەرنى ئوچۇق كۆرۈپ ماڭدۇق. نىل دەرياسى خۇددى بىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك داۋاملىق يېنىمىزدا ئاقاتتى. قاھىرەدىن باشلانغان يېشىللىق، قىنا ئۆلكىسىگە كەلگىچە ئەمەس، ئاسۋانغا بارغىچىمۇ ھەرگىز ئۈزۈلمەيدىكەن. ئىككى قىرغاقتىكى تۈزلەڭلىكلەر قىش مەۋسۇمى بولۇشقا قارىماي، ناھايىتى گۈزەل تۈستە نامايان بولۇپ، سىزگە قەش

Altunoq

قەرنىڭ ئەتىياز پەسلىنى ئەسلىتىدىكەن. چۈنكى، مىسىردا 1 ـ ئاينىڭ ئەڭ سوغۇق مەز-
گىلىدىمۇ تېمپېراتۇرا نۆلدىن يۇقىرى ئون دەرىجە گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ، شۇڭا
تۆت پەسلىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس. پەقەت خورما، ئۈزۈم، ئانار، ئامۇت قاتار-
لىق مېۋىلەرلا شېخىدا ئاللىبۇرۇن تۈگىگەن بولىدۇ. ئەمما يول بويىدىكى باغلاردا ساپ-
سېرىق بۇرتۇقال (جۇزە) لارنىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سىزگە كۆز سېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرىسىز.

ئېتىزلاردا بۇغداي، بىدە، شېكەرقونىقى قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ مايسىلىرى يەل-
پۈنۈپ تۇرىدۇ، كۆكتاتلار تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئېتىزدا نۆۋەت بىلەن يېتىلىپ،
سىزنى يېڭى كۆكتاتقا ئېغىز تېگىپ تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. پىياز، قىزىلچا، شوخلا، كاللەك
بەسەي، چەيزە، لازا قاتارلىق كۆكتاتلار ئېتىزدا تېخى شۈپپىتىچە تۇرۇپتۇ، شۇڭا سىزنىڭ
قىشتا كۆكتات ساقلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوقكەن.

يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى مەيدانلاردا تېخى قويۇق خورمىزارلىقلار بولۇپ، ئۇلار
ھېچ بىر قۇرۇققا ئېلىنمايدىكەن. چۈنكى ئۇ، يېلتىزىدىن توغراققا ئوخشاش داۋاملىق
كۆپىيىپ تۇرغاچقا، بىر نەچچە يىلدا دائىرىڭىزدىن ھالقىپ كېتىدىكەن. خۇددى «ئالـ
تۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېگەندەك، خورمىنى ئەڭ قەدىرلەيدىغانلار يەنىلا خورما
ئىگىلىرى ئىكەن. ئۇلار خورمىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ، قەيەرگە خورما ئۈنسە
شۇ يەرگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرىدىكەن.

ئاسۋان دېھقانلىرى چىراي جەھەتتىن قارامتۇل كېلىدىكەن، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئاس-
ۋاننىڭ سۇدانغا يېقىنلىقى بىر سەۋەب بولسا، ئۇنىڭ مىسىر بويىچە ئەڭ ئىسسىق رايون
ئىكەنلىكى يەنە بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىنمۇ شەھەرلىكلەردىن
پەرق قىلىدۇ. ئەگەر پويېز توختىغان جايلاردا سىزنى كۆرگەن ھامان، ئاتايىن دىققەت
قىلىدۇ، ھەرگىز شەھەرلىكلەردەك سەپ سالماي ئۆتۈپ كەتمەيدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھېس
قىلىشى بويىچە «ياپانى»، (ياپونىيىلىك ئىكەن)، «سىينىي» (جۇڭگولۇق ئىكەن) دەپ
قويۇشىدۇ.

ئاسۋان نىل دەرياسىنىڭ بىر قەدەر تارىيىپ ئاقىدىغان جايىغا ئورۇنلاشقانلىقتىن،
دەريا ئوتتۇرىلىرىدا بىرقانچە كىچىك ئاراللار بولۇپ، خۇددى «مىڭ بىر كېچە» رىۋا-
يەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن گۈزەل چاھار باغلارغا ئوخشاش جەلپ قىلارلىق تۈسكە ئىگە.
ئاراللاردا خورما دەرەخلىرىدىن باشقا، ئېبنۇس، سەنتە، دۇم، جۇمەييىز، مۇجەۋۋەپ، جەۋ-
ۋاپە، ئاكاسىيە، فالما قاتارلىق نۇرغۇن قىممەتلىك دەرەخ خىللىرى بار. بۇ يەردىكى
ئاكاسىيە دەرىخى ئەقسۇردىكى فرئەۋن دەۋرىگە ئائىت تام رەسىملىرىدە ئېنىق خاتىـ
رىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ بوستانلىقلاردا قىرەنفىل، جەبىيىرا، ئەيدۇل مىلاد ۋە
ئىنتەنان دەپ ئاتىلىدىغان نادىر گۈللەر ئۆسىدۇ، كىچىك ئاراللارنىڭ قىرغاقلىرى چوڭ-
چوڭ قورام تاشلار ئارقىلىق دەرياغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلاردا مىسىر ئەھراملىرى-
نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن تاشلار مۇشۇ يەردىن يۆتكەپ بېرىلگەنىكەن.

بۇ ئاراللاردا ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قەۋەتلىك مېھمانخانىلار، چاي-
خانىلار ۋە باشقا دەم ئېلىش ئورۇنلىرى بەرپا قىلىنغان، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان چەت

ئەللىك ساياھەتچىلەر دەريانىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى سەير قىلىدۇ. دەريادىكى تىنىق سۇ، سىرلىق قايناملار، پاراخوت - قېيىقلار، ئەتراپتىكى سانسىز چىراغلار، ئېگىز بىنالار خۇددى جەننەت يەرگە كۆچۈپ كەلگەندەك ئېسىل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئاسۋان قەدىمكى مىسىر تىلىدا «بازار» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، يالغۇز كۆزەللىكتە مەشھۇر بولۇپ قالماي، ھازىرمۇ ئەنئەنىۋى بازار ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مىسىرنى خەلقئارا بازار دېسەك، ئەقسۇرنى شۇ بازارنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلۇشى، ئاسۋاننى ئۇنىڭ قەدىمكى شەكلى دېيىش مۇمكىن. بولۇپمۇ، بۇ يەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ئىنتايىن داڭلىق. بۇ بازاردا خورما، دورا - دەرمەك، ئىمساق چىشى، قىممەتلىك ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە يەرلىك زىننەت بۇيۇملىرى بىر قەدەر ئەرزان باھادا سېتىلىدۇ. مىسىرنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە كەمچىل بولىدىغان سۇدان دورا - دەرمەكلىرى، خۇاسىگى ۋە لازىسى بۇ يەردە كەڭرى سېتىلىدىكەن. شۇڭا ساياھەتچىلەر ئاسۋاندىن مۇمكىن قەدەر بىرنەرسە سېتىۋېلىشنى ئويلايدۇ.

ئاسۋاندا مىلادىدىن بۇرۇنقى I - III ئەسىرلەرگە ۋە كېيىنكى V ئەسىرلەرگە دائىر قەدىمكى ئىزلار ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى «ئەبۇ سەمبەل خارابىسى»، «فىيلە ئىبادەتخانىلىرى» ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەۋرىدىكى خارابىلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەبۇسەمبەل خارابىسى» رامسىس III دەۋرىگە تەئەللۇق.

ھەر قايسى ئىبادەتخانىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك فىرئەۋن دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تام رەسىملىرىدە بۆركۈت سۈرىتىنىڭ گەۋدىلىنىشى، ئادەملەرنىڭ كوكۇلىسىدىكى نۇر چېچىۋاتقان قۇياشنىڭ شەكلى ۋە قوللىرىدىكى ئاچقۇچ قاتارلىقلار ئەقسۇرنىڭ پادىشاھلار ۋادىسىدىكى قەبرە سۈرەتلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى. بۆركۈت ئەرەبلەرنىڭ سىمۋولى. ئەرەبلەر بۆركۈتنى ئىنساننىڭ ھىمايىچىسى دەپ قارايدۇ. فىرئەۋن دەۋرىدىمۇ بۆركۈتكە چوقۇنۇش ئادىتى بولغان. بۇ ئەنئەنە تۈپەيلىدىن مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى قانات قېقىپ تۇرغان بۆركۈت سۈرىتىدىن ئىبارەت. مىسىر دۆلەت بايرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ بۆركۈت سۈرىتى بار.

تام رەسىملىرىدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇلغان ئاچقۇچ بولسا، نىلنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ ئاچقۇچنىڭ ئۇزۇن بويى نىل دەرياسىنى، يۇمىلاق بېشى ئوتتۇرا دېڭىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى — نىل ھاياتلىقنىڭ ئاچقۇچى. بۇ ئاچقۇچنى قولدا چىڭ تۇتۇش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئەجدادلارنىڭ مىسىر خەلقىگە قالدۇرغان ۋەسىيىتى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەسىيەت خۇددى ئەنگۈشتەردەك مىسىر خەلقىنىڭ قولىدا چىڭ تۇتۇپ كېلىنمەكتە، نىل دەرياسى ھەقىقەتەن مىسىرنىڭ ھاياتى.

مىسىر خەلقى نىلنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇش بىلەن بىللە، ئۇنى يېڭەلەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان، ئاپەت يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى كۆرگەن. 70 - يىللاردا سابىق رەئىس ئەنۋەر ساداتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاسۋاندا نىلنى يېڭەلەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، «سەددىل ئالى» (چوڭ توغان) دەپ ئاتىلىدىغان توسما ياسالغان ۋە سۇ ئامبىرى بەرپا قىلىنغان. بۇ يەرگە يەنە پۈتكۈل مىسىرنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان. شۇندىن كېيىن مىسىرنىڭ تەرەققىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

نىل چوڭ توسمىسى ۋە ئېلېكتىر ئىستانسىسى مىسىر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىنىڭ سىمۋولى. ئەينى يىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتى مىسىرنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش ۋە تاماملاش ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەن. بۇ ئۇلۇغ ھەمكارلىقنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن چوڭ توسما يېنىدا ھەيۋەتلىك، ئېگىز، ئۈستى ئۇچۇق ئۆي شەكلىدىكى مۇنار ياسىلىپ، ئۇنىڭغا مەرھۇم رەئىس ئەنۋەر ساداتنىڭ رەسىمى ۋە ئۇنىڭ مىسىر-سوۋېت دوستلۇقى ئۈچۈن يازغان بېغىشلىمىسى ئەرەب، رۇس يېزىقلىرى بىلەن ئويۇلغان، مىسىر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت گېربى سىزىلغان.

ئاسۋاننىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بۇ يۈكسەك قۇرۇلۇشنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن تېخىمۇ نۇرلىنىپ، پارلاق ئىستىقباللىقا ئىگە بولغان. ئۇ، نىل دەرياسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان دولۇپ، ئەبەدىي بىللە ياشايدۇ.

## مىسىر دۆلەتلىك مۇزېيىدىن قەدىمكى دەۋرگە نەزەر

بىز ئەھراملارنى ۋە ئەقسۇر، ئاسۋان قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى ئىزلارنى كۆرگىنىمىزدە، بۇ جايلار تەبىئىي، ئۈستى ئوچۇق مۇزېيكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالىمىز ھەمدە قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئاجايىپ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەمما سىزدە شۇ دەۋر ھاياتى بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك تونۇشۇش ئىستىكى تۇغۇلسا، ئارقىدىن مىسىر دۆلەتلىك مۇزېيىنى كۆرۈۋېتىڭ.

مىسىر دۆلەتلىك مۇزېيى 1901 - يىلى، ئەرەب قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن ياۋروپا ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلۈپ سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك كۆركەم بىنا بولۇپ، ئىچكى كۆرۈنۈشى قەدىمكى بۈيۈك پادىشاھلارنىڭ سۈرلۈك قەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا، قاھىرە شەھىرىدىكى ئاسارە - ئەتىقىلەر خەزىنىسى ئەمەس، بەلكى مىسىرنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ بىرىمىكىن دەپ قالىمىز ھەمدە ئۆزىمىزنى ئاشۇ شەھەردىكى سارايلارنىڭ بىرىدە ئايلىنىپ يۈرگەندەك سېزىمىز.

دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ سارايلىرى ناھايىتى ئېگىز قۇببا شەكلىدە ياپىلغان، ئەتراپىغا سىلىندىر شەكلىدىكى گىگانت تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ، ئەقسۇر ۋە ئاسۋانلاردىكى فىرئەۋنلەر دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى خارابىلارنىڭ غايەت زور تۈۋرۈكلىرىنى كۆچۈرۈپ كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ.

كۆرگەزمە بۆلۈملىرىگە دەۋر - زامان بويىچە مۇناسىپ ھالدىكى زور ھەيكەللەر، يازما خاتىرە تاشلىرى ۋە قېزىلمىلار رەتلىك قويۇلغان ياكى تامنىڭ يۈزىگە ئېلىنىپ، مۇستەھكەم ئورنىتىلغان.

قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئەسەرلەر بۆلۈمىدە، تاشتىن ياسالغان پىچاق، قىنگىراق، نەيزە، قازان، ياغىچاق ۋە ئوت چىقىرىش سايمانلىرى، قەدىمكى ئوقيالار، قەدىمكى زىننەت بويۇملىرىدىن مارجان، ئۈزۈك، مېدالىيون ۋە ھالقىلار، شۇ زامانلاردىكى ئارپا، خورما ۋە گۈل ئۇرۇقلىرى سىزنى ئالاھىدە جەلب قىلىدۇ. بۇ بۆلۈملەردىكى قەدىمكى نەفىس پاختا توقۇلمىلار، پەلەي، رەخت ياغلىق، پىششىق چىگىدىن ئىشلەنگەن ئىلما ئاياغلار ۋە ئۇلارغا ئىشلىتىلگەن ئىنچىكە يىپلار سىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىگىرىش - توقۇش ماشىنىلىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىپ مۇشۇنداق مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقى سىزنى ئەجەبلەندۈرىدۇ.

قەدىمكى دەۋرگە ئائىت قاشتېشى بۇيۇملىرى، تاش ھەيكەللەر، ساپالدىن ئىشلەنـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەن قاچا ـ قۇچىلار، ئەۋرىق، كوزىلار، رەڭلىك ياغاچتىن ئىشلەنگەن ئورۇندۇق، خۇددى خورما ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئۇچى ئىنچىكە كىمە ـ قېيىقلار، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى بىر پۈتۈن مەنىۋى ۋە ماددىي ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

مۇزېيدا ئەڭ كۆپ ساقلانغىنى يەنىلا فرئەۋنلەر دەۋرىنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ دەۋردىكى تاش ھەيكەللەر، تاش پۈتۈكلەر، تاشتىن ۋە مەرمەردىن ياسالغان تابۇتلار، پۈتۈن ـ پۈتۈن ياغاچلاردىن ئادەم شەكلىدە چەققىلغان ياغاچ تابۇتلار، مومىيا قىلىپ قاتۇرۇۋېتىلگەن ئادەم جەسەتلىرى، قۇشلار ۋە ھايۋان جەسەتلىرى، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ۋە زىننەتلەنگەن جەڭ ھارۋىلىرى، گىگانت ئالتۇن ساندۇقلار، كارىۋاتلار، تەختلەر كۇرسىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قاشتېشى، مەرمەر ۋە گرانىت تاشلاردىن ياسالغان تابۇتلارنىڭ قېلىنلىقى 15 ـ 20 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئادەم بويى بىلەن تەڭ كېلىدۇ، كەڭلىكىمۇ ئادەم ياتقىدەك، ئېگىزلىكى ئادەم بەدىنى تولۇق چۆكۈپ تۇرغىدەك بولۇپ، ئۈستى ھازىرقى دۇملىمە ساندۇقلاردەك جىپسى قىلىپ، تاش ئېغىز بىلەن يېپىلغان ۋە ناھايىتى سۈپەتلىك، چىرايلىق سىلىقلانغان. سىرتىغا ھەر خىل رەسىم، نەقىشلەر ئىشلەنگەن ھەمدە قەدىمكى مىسىر يېزىقى بىلەن تابۇت ئىگىسىنىڭ تاۋىخى پۈتۈلگەن. سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدە بۈركۈت ئومۇميۈزلۈك گەۋدىلەنگەن. باش قىسمى ئادەم، ئايىغى بۈركۈت، باش قىسمى بۈركۈت، ئايىغى ئادەم شەكلىدىكى سۈرەتلەر ئارقىلىق، ئۆلگۈچىنىڭ بۈركۈتكە ئايلىنىپ، ئەرشكە پەرۋاز قىلىپ، مەڭگۈلۈك ئالەمدە راھەت ـ پاراغەت بىلەن ياشاش ئارزۇسى ۋە تىلەكلىرى ئىپادىلەنگەن. بەزى سۈرەتلەردە پادىشاھنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۈركۈت باشلىق، ئات باشلىق ۋە كالا باشلىق قوغدىغۇچىلارنىڭ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ھالىتى سىزىلغان. تاش ھەيكەللەر ۋە مومىيا قىلىۋېتىلگەن جەسەتلەرنىڭ سىرتىدىمۇ ئاشۇ خىل سۈرەتلەر بار. سۈرەتلەرنىڭ يەنە بەزىلىرىدە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەر ئەمگەكلىرىگە دائىر كۆرۈنۈشلەرمۇ بار.

تابۇتلار مۇستەھكەم ياسىلىش بىلەن بىللە، جەسەتلەرمۇ يۇقىرى ھۈنەر ئىشلىتىپ مومىيا قىلىنغان. جەسەتنىڭ يۈزىگە ئېھتىمال شىلىمشىق دورا سۈركەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆگەلگەن قات ـ قات ئاق ئۇراق ئىنتايىن قاتتىق چاپلىشىپ، خۇددى ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن. ئۇراقنىڭ ئۈستى بورا قومۇچىنىڭ تاياقچىلىرى بىلەن بەدەنگە جىپسىلاشتۇرۇپ شوينا بىلەن چىرايلىق توقۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەج بېرىلىپ، ئۇنىڭمۇ ئۈستى ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قاپلانغان. قول بەدەنگە چاپلاپ قاتۇرۇۋېتىلگەن. ئەمما جەسەتنىڭ باش قىسمى كۆكرەككىچە قەدەر ئايرىم ئىشلىنىپ، ئالتۇندىن قىناپ كەيدۈرۈلگەن. بۇلار ئېھتىمال پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرىنىڭ جەسەتى بولۇشى مۇمكىن. قىناپ ئۈستى يەنى ئادەمنىڭ باش قىسمى شۇ ئادەمنىڭ ھەيكىلى تەرىقىسىدە ياسىلىپ، قول ئورنىغا قول چەققىلىپ، ئۇ، كۆكرەك ئۈستىگە قويۇشتۇرۇلغان، بارماقلار چىڭ يۇمۇلغان، لېكىن باش بارماقلار باشقا تۆت بارماقتەك يۇمۇلماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ قوللارنىڭ بەزىلىرىگە قامچا، ھاسا ياكى ئالتۇن تاياقچە، بەزىلىرىگە ئاچقۇچ شەكلىدىكى بەلگە تۇتقۇزۇلغان.

تابۇتلار ئىچىدە جەسەتلەر خۇددى تىرىك ئادەمدەك ياتىدۇ. ئۇلار گويا ئىنسانلار-
غا ئۆز هوقۇقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەجدادلارنىڭ مۇقەددەس ئىشلىرىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ
بېرىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قامـ
چىنى مەهكەم تۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن پارلاق ئۇلگە
قالدۇردى. ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى
ئۈمىد قىلدى. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىنى خىرە قىلىدىغان ئاجايىپ كەشپىياتلارنى ياـ
رىتىپ، ئەهراملارنى قالدۇرۇپ، هەيكەل ۋە تابۇتلارنى قالدۇرۇپ، ناهايىتى ئۇزاق زامان
ئىلگىرىلا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. ئۇلار ئىنسانىيەتكە ئالتۇن - كۈمۈش ئەمەس، بەلـ
كى ئۆز تارىخى، يېزىقلىرى، ئېسىل هۈنەر - سەنئىتى ۋە مول، قىممەتلىك مىراسلىرىـ
دىن ئىبارەت مىسلىسىز زور بايلىقنى تەقدىم قىلدى، دۆلەت مۇزېيى ئەنە شۇ بايلىقلارـ
نىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىسى.

مەن قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ جاسارىتى ۋە تۆهپىسىدىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا
قىلغان تەگداشسىز هىممىتىدىن قاراپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى دوـ
رىمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندىم. يېزىق بولمىغان، زامانىۋى ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر بولـ
مىغان شۇ دەۋرلەردە ئۇلار يېزىق ئىجاد قىلىپ، تارىخ قالدۇرغان، ئادەمنىڭ قۇچىقى
يەتمەيدىغان پۈتۈن تاشلاردىن چىرايلىق هەيكەللەرنى ۋە تابۇتلارنى ياسىغان، قەبرىـ
لەرنى بىنا قىلغان. لېكىن، بۈرۈنلا مۇكەممەل يېزىققا ئىگە بولغان، ئاز هەرىكەت بىـ
لەن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان مۇشۇ دەۋردە، كىشىلەر ئۆز يېزىقىدىن پايدىـ
لىنىپ، بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغان چېسلاسىنى يېزىپ قويۇشتىنمۇ ئېرىنىدۇ. قەدىمكى ئىنسانـ
لار تاش قوراللار، تۆمۈر نەيزە - قىلىچلار، قومۇش دەستىلىك ئوقيالاردىن پايدىلىنىپ،
ئۆز دۈشمەنلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرەتتى. مۇزېيدىكى كۆرگەزمە قىلىنغان تەخت ئاسـ
تى دەسسەش سۇپىلىرىغا فىرئەۋنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۆچمەنلىكى، غەزىپى ۋە
جاسارىتى ئەكس ئېتىدىغان رەسىملەر ئويۇلغان. ياغاچتىن ياسىلىپ، نەپىس سۈرەتلەر
سىزىلغان بۇ دەسسەش سۇپىلىرىدا ناهايىتى بەدبۇي قىياپەتتىكى ئىككى دۈشمەن دۈم
ياتقۇزۇلۇپ، بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ قويۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تاـ
لىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە نېمە قالدۇرۇشنى ئويلىغان، ئۆز
دەۋرىدىكى پۇل - مال، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ئۇزۇنغا قالماي توپىغا ئايلىنىپ كېتىـ
شىنى ئۇلار بىلەتتى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تاش پۈتۈكلەرنىڭ ئورنىغا قەغەز نامىلارنى
يېزىپمۇ قالدۇرمىدى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى تەبىئەتنىڭ هەر خىل زىيانلىرىـ
دىن بىر قەدەر ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىشقىمۇ تىرىشمىدى. ئەكسىچە، جەسەت قانچە
تېز توپىغا ئايلىنىپ كەتسە، شۇنچە ياخشى دەپ قارىدى. پەقەت مۇنارلىرىغا يېگى ئاي
بەلگىسى ئورنىتىلغان، مېهراپلىرى گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، تام - تورۇسلىرىـ
غا ئاللانىڭ سۆزلىرى هۆسنخەت بىلەن يېزىلغان، كەڭ، ئازادە مەسچىتلەرلا بىزنىڭ
ئىسلام دەۋرىگە ئائىت بىردىنبىر مىراسىمىز بولۇپ قالسا، كۈپايە قىلارمۇ؟

(داۋامى بار)

مەسئۇل مۇهەررىر: هاجى ئەخمەت

ئابدۇجېلىل ئابدۇخېلىل

# كۈتۈش

(ھېكايە)

ماشىنا ئاۋازى ...

— ئاپا، ئاپا ... دادام كەلدى، دادام كەلدى!

مەن ئالدىراشچىلىقتا پۇتىغا دەسسەپ سالغانلىقىمدىن مىيالاپ كەتكەن مۈشۈكۈمگىمۇ پەرۋا قىلماستىن، نەچچە تاقلاپ دېگۈدەك ئىشىك ئالدىغا چىقتىم.

ھەي ... يەنىلا شۇ چوقچىيىپ تۇرغان توخۇ كاتىكى. مەن ئەسلى ئىشىكتىن چىقىپلا دادامنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. كۆزۈم ئاشۇ كاتەككە چۈشۈشى بىلەنلا ئۈمىدسىزلەندىم. ھەي ... دادام كەلمەپتۇ-دە؛ رەھىم چۈشكەن ھالدا ئۆيگە كىرسەم، مۈشۈكۈم مەن دەسسىۋەتكەن پۇتىنى يالاپ ئولتۇراتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، «كەل بىچارە جانىۋار.» مۈشۈكنى قولۇمغا ئېلىپ سىلاپ ئولتۇردۇم. ئۇ يېلىنغان قىياپەتتە كۆزىنى مەندىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

پۇتۇڭ بەك ئاغرىپ كەتتىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاغرىدى. ئاشۇ كىچىك پۇتۇڭغا مۇشۇ يوغان پۇتۇم بىلەن دەسسىسەم ئاغرىماي قالامدۇ. ئۆتكەندە دادام مېنىڭ پۇتۇمغا دەسسىۋەتكەن چاغدا قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن. نېمىشقا ئاغرىيدۇ دەمسەن؟ سېنىڭ پۇتۇڭدىن مېنىڭ پۇتۇم چوڭ، مېنىڭ پۇتۇمدىن دادامنىڭ پۇتى چوڭ، شۇڭا ئاغرىيدۇ. سەن مېنىڭ پۇتۇمغا دەسسىۋەتكەن بولساڭ مېنىڭ پۇتۇم ئاغرىمايدۇ، ئەگەر سېنىڭ پۇتۇڭغا دادام دەسسىۋەتكەن بولسا سۇنۇپ كەتكەن بولاتتى. راست، دادام نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ ئۇ «يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن» دېگەن ئىدىغۇ. بۈگۈن بىر ھەپتە بولۇپ بىر كۈن ئېشىپ كەتتى. مەن تۈنۈگۈن ئەتىگەن دەرسكە كېچىكىپ قالغاندا، مۇئەللىم ناھايىتى خاپا بولغانىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنى خاپا قىلغىدەك نېمە دېگەن بولغىيدىم؟ ھە توغرا، «سىڭلىمنى باغچىغا ئاپىرىپ قويدۇم» دېگەنىدىم. شۇنداق دېسەم، ئۇ ناھايىتى خاپا بولغانىدى. ئۇنى نېمە دېدى دەمسەن؟ ئۇ: «سىلەر كىچىككىلاردىن باشلاپ راست گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشىڭلار لازىم، بولمىسا چوڭ بولغاندا ياخشى ئادەم بولالمايسىلەر، يالغان سۆزلەش ئەڭ يارىماس ئىللەت» دېدى. ئۇ، سىڭلىم يوقلۇقىنى قانداق بىلىۋالغان بولغىيدى؟ توغرا، ئاشۇ ئادىل دېگەن چېقىمچى بولمامدۇ. ئۇ داۋاملىق مەن بىلەن قىيىشىپلا تۇرىدۇ. دادام كەلمەيدىغۇ. ئۇ: «بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن» دېگەنىدى. بۈگۈن بىر كۈن ئېشىپ كەتتى. دادام ياخشى ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا يالغان سۆزلىگەندە مۇئەللىمى ئۇنىڭغا كايىيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكى ئادەم بولۇپ قالمايتتى.



نېمە، دادام ئەسكى ئادەممۇ؟ ياق، ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام. دادام ھەرگىزمۇ ئەسكى ئادەم ئەمەس. ئەمىسە ئۇ نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ بىر كۈن ئېشىپ كەتتىغۇ.

تۈنۈگۈن ھېساب دەرسىدە مۇئەللىم بىر مەسىلىنى ئىشلەڭلار دېگەنىدى. ئۇ نېمە مەسىلە بولغىيدى؟ ھە توغرا، مۇنداق مەسىلە:

$A$ جاي بىلەن B جايىنىڭ ئارىلىقى بىر يۈز يىگىرمە كىلومېتىر، ماشىنا سائىتىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئوتتۇز كىلومېتىر ماڭىدۇ. شۇنداق بولغاندا ماشىنا $A$ جايدىن B جايغا قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارالايدۇ؟

بۇنداق مەسىلىلەرنى ئىشلەشكە مەن ئۇستا، چۈنكى مەن دادامنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن جايلارغا بارغانىدىم. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ «تۆت سائەتتە يېتىپ بارالايدۇ» دېدىم. مۇئەللىم مېنىڭ ناھايىتى تېز ھەم توغرا جاۋاب بەرگەنلىكىمدىن مەمنۇن بولۇپ ماختاپ قويغانىدى، لېكىن ھېلىقى قىزىقچى ساۋاقدىشىم ئەسقەر، مۇئەللىمدىن: «ماشىنا بۇزۇلۇپ قالسا تۆت سائەتتە يېتىپ كېلەلمەيدىغۇ؟» دەپ سورىدى. شۇ چاغدا بىز پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتكەنىدۇق.

دادام كەلمەيدىغۇ، دادام يالغان سۆزلىمەيدۇ. ھەراست، ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالغانمىدۇ؟ ئۆتكەندە مەن دادام بىلەن تاغقا چىققاندا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالغان. مەن شۇ چاغدا ناھايىتى توڭلاپ كەتكەنىدىم. دادامـمۇ توڭلىغاندىمۇ؟ ھەقىچان توڭلىمىدى. ماڭا يېپىپ قويغان ھېلىقى يوغان جۇۋىسى بار ئەمەسمۇ، شۇنى كىيىۋالسا توڭلىمايدۇ.

— دىلشات، تاماقنى يەۋال!

ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ. تاماق پىشىپتۇدە، نېمانچە تېز، قورساقىممۇ ئاچمىغانىدى. دادام تاماق يېگەندىمۇ؟ ھەقىچان يېدى. ئۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا ئاپام ئۇنىڭغا سۈت، شېكەر سېلىپ بىر مۇنچە توقاچ يېقىپ بەرگەن، ناھايىتى تەملىك توقاچ ئىدى، مەنمۇ يەپ باققان، دادامۇ شۇنى يېدى. گۆشنى ئادەم كۆپ يېسە قاۋۇل، تېمەن بولامدىغاندۇ؟ تاماق يېگەندە دادام قاچىسىدىكى گۆشنى مېنىڭ قاچامغا سېلىپ بېرەتتى. ئۇ: «يە ئوغلۇم، كۆپرەك يە، چوڭ بولغاندا قاۋۇل، تېمەن بولىسەن» دېگەنىدى. دادام بىلەن بىللە تاماق يېمىگىلى خېلى كۈنلەر بوپتۇ. مۈشۈك مىياڭلاپ قويدى. نېمە، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ ئالدىرىماي تۇر، دادام كەلگەندە بىللە تاماق يەيمىز، شاكىلات يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، دادام ماڭا شاكىلات ئېلىپ كېلەرمۇ؟ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ مېنىڭ شاكىلاتقا ئامراق ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. ھەي... ئېلىپ كەلمىسىكى، بىر قېتىم ئۇ «بالام تاتلىق تۈرۈملەرنى ئازراق يە، چىشىڭ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى. شاكىلات ئەكەلمىسىمۇ مەيلى، ئۆزى كەلسىلا بولدى.

— بالام، تاماقنى يەۋال!

ئاپام يەنە چاقىرىۋاتىدۇ. تاماق يېگۈممۇ يوقتى، شۇنداقتىمۇ يەي. دادام ماڭىدىغان چاغدا «بالام، ئاپاڭنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلا،

uyghurkitap.com



قىل دېگەن ئىشنى قىل، قىلما دېگەن ئىشـ
نى قىلما» دېگەنىدى. ھازىر ئاپام «تاماق
يە» دەۋاتىدۇ. دېمەك، تاماق يېيىشىم كې
رەك. بولمىسا دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان
بولۇپ قالىمەن. ئاپام نېمە تاماق ئەتكەنـ
دۇ؟ سۇيۇقئاش ئېتىپتۇ ـ دە، ئۇنداقتا
دادام چوقۇم قايتىپ كېلىمەيدىكەن.
بۇرۇن دادام سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە،
ئاپام ئۇنىڭغا «ھاردۇق ئېشى» دەپ سۇيـ
قاش ئېتىپ بېرەتتى. بۈگۈنمۇ سۇيقاش ئې
تىپتۇ، دادام قايتىپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ.
مەن سۇيقاشقا بەك ئامراق، داداممۇ ئامراق.
ماشىنا ئاۋازى...

ــ دادام كەلدى، دادام كەلدى!

مەن يەۋاتقان تامىقىمنى قويۇپ ئىشىككە
يۈگۈردۈم، يەنە شۇ توخۇ كاتىكى...

توخۇ كاتىكى گوگۇمدا قارىيىپ چوقچىـ
يىپ تۇراتتى. ھەي... دادام كەلمەپتۇ ـ دە.
سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، تېنىمنى تىتـ
رەك باستى. ئاسماندا بىر نەچچە تال يۇلـ
تۇز پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئاشۇ يۇلتۇزلار
ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. دادام ھازىر نەـ
دىدۇ؟ يۇلتۇزلار بىزدىن بەكمۇ يىراقتا تۇـ
رىدىكەن. بۇنى بىزگە مۇئەللىم سۆزلەپ
بەرگەنىدى. ئايروپىلان بىلەنمۇ يېتىپ
بارغىلى بولمايدىكەن. ئەگەر مەن ئاشۇ يۇلـ
تۇزلارغا ئۇچۇپ بارالىغان بولسام دادامنى
كۆرەۋالاتتىم.

توڭۇپ كەتتىم، سىرتقا يېنىك كىيىم بىـ
لەن چىققانىكەنمەن، دادام «سىرتقا چاپـ
پان كىيمەي چىقما، زۇكاملاپ قالىسەن» دې
گەنىدى. كىرىپ كېتەي، زۇكاملاپ قالـ
ماي يەنە.

مۇشۇك ئەسنىدى. ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ؟ ئۇيـ
قۇڭ كەلسە ئۇخلاۋەرگىن، مەن دادامنى
ساقلايمەن.

ــ دىلشات بالام ئۇخلىدىڭمۇ؟

ياق، ئۇخلىمايمەن، دادامنى كۈتىمەن.
دادام كېلىدۇ، دادامنى كۈتۈشۈم كېرەك،
دادامنى...

يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇچتۇم. يۇلتۇزلار
ماڭا قاراپ كۆز قىسىشىۋاتاتتى. قايسى يۇلـ
تۇزغا چىقسام دادامنى ئېنىق كۆرەرمەن؟
مۇئەللىم «چولپان يۇلتۇزى يەر شارىغا يې
قىن بولغاچقا، ئۇنىڭ نۇرى كۈچلۈك» دې
گەنىدى. توغرا، چولپان يۇلتۇزىغا چىـ
قاي، دادامنى ئېنىق كۆرەلەيمەن. مەن چولـ
پان يۇلتۇزىدا تۇرۇپ پەسكە قارىدىم. ئەنە
دادامنىڭ ماشىنىسى. مەن ئۇ ماشىنىنى ئې
نىق تونۇيمەن، كۆك رەڭلىك ماشىنا. مەن
بار ئاۋازىم بىلەن چاقىردىم:

ــ دادا، دادا!...

مۇشۇك مىياڭلاپ كەتتى؛ چۆچۈپ ئويغانـ
دىم، ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ، ئەتراپ جىمـ
جىت. ئۇزاقتىچە قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ
تىڭشىدىم، بىرەر ماشىنا ئاۋازى ئاڭلانمىـ
دى. دېمەك، دادام بۈگۈن كەلمەيدىغان ئوخـ
شايدۇ. ئەمدى ئۇخلاپ قالايچۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇختەر ئىبراھىم

### 3- ساندىكى «كۈيئوغۇل قەيەرگە كەتكەن؟» ماۋزۇلۇق چۆچەكنىڭ جاۋابى:

ياسىن تويى كۈنى ئاخشىمى ھەجەرنىڭ ھوجرىسىغا كىرىدۇ. نىيازنىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى ئۇششاق چانايدۇ-دە، ئۇدۇللۇق دەرياغا تاشلاۋېرىدۇ. گۆشنى بېلىقلار يەپ تۈگىتىشىدۇ. شۇڭا دەريادىن نىيازنىڭ جەسىتى تېپىلمايدۇ. ياسىن ھەر كۈنلىكى كەچتە ھەجەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئاخىرقى كۈنى ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى ئۇقۇپ، ياسىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتىدۇ، ئۈزۈپ ئۆيىگە كېلىدۇ، كېيىن قەستەن ۋاقىتنى ئاخىرىغا سوزىدۇ، خەلقلەر ئىچىدە غۇلغۇلا كۆپىيىپ كېتىدۇ. رەمبالنىڭ پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىسى ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ھېلىقى مەخپىي قاپىنىغا ئەكىلىپ باغلاپ قويىدۇ. كېيىن بەكرىباي نائىلاج ھەجەرنى ياسىنغا بېرىپ تويىنى قىلىپ قويىدۇ.

**ئاپتورلار دىققىتىگە:**

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» 1991 - يىل 6- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ قانۇننى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، كەڭ ئاپتورلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش، ئاپتورلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەھرىر بۆلۈمىمىز تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ:

1. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرگە ئاپتور تەرىپىدىن «ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلمىگەنلا بولسا، تەھرىر بۆلۈمىمىز ئەسەرنى ئۆزگەرتىپ تەھرىرلەشكە ھوقۇقلۇق.

2. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر بىزگە تېگىپ تىزىملانغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە، ئاپتور ئەسىرىنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالمىسا، شۇ ئەسىرىنى باشقا يەرگە ئەۋەتسە بولىدۇ.

3. بىزدە ئادەم كۈچى چەكلىك بولغاچقا، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا، ئاپتورلار ئەسىرىنىڭ ئورىگىنال نۇسخىسىنى ساقلاپ قويۇشى كېرەك.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ يىغىندىن تەگشەپ تولۇقلانغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 1986 - يىلى مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن بۇيان، كەسپىي جەھەتتە ئىزچىل تۈردە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش، باش مۇھەررىر مەسئۇل بولۇش، «ئۈچ تەكشۈرۈش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلدى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەھرىر ھەيئىتى خادىملىرى ئىچىدىكى ئۆزگىرىش بىر قەدەر چوڭ بولغانلىقتىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارما پارتگۇرۇپپىسى يېقىندا بىرلەشمە ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ژۇرنىلىمىز تەھرىر ھەيئىتىنىڭ يىغىندىن تەگشەپ، تولۇقلانغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

يىغىندىن تولۇقلىنىپ، تەگشەلگەن تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:


| | | |
|---|---|---|
| تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: | **ئابدۇرۇسۇل مەھمەت** | (مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) |
| مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: | **ئابدۇكېرىم خالىق** | (ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) |
| | **تۇرسۇن نىياز** | («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) |
| ھەيئەت ئەزالىرى: | **ئابلىز ئۆمەر** | (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى) |
| | **مەمتىلى زۇنۇن** | (ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى) |
| | **ۋاھىتجان غوپۇر** | (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى) |
| | **ئابلىمىت ھاجى** | (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) |
| | **ھاجى ئەخمەت** | («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) |
| | **ئۇچقۇنجان ئۆمەر** | («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى). |



مۇكاپات تارقىتىشتىن بىر كۆرۈنۈش



دەم ئېلىش پەيتىدە



سۆھبەت يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش

(مەتىمىن زىبىبۇللا فوتوسى)



قىزىل ئۈزۈم (جورى قادىر فوتوسى)


قەشقەر ئەدەبىياتى (20 - يىل نەشرى)

《喀什噶尔文学》（双月刊）

KASHGAR LITERATURE

IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1991 - يىل 4 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژورنال سودىسى باش شىركىتى

( بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى )

(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA )

فورماتى 1092 × 787 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58

باھاسى 1.00 يۈەن

تېلېفون نومۇرى: 23196